ISSN 1005-5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

١

1998

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

ISSN 1005-5878

04

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال

باش مۇھەررىر :

كۈرەش مەھمۇتجان

بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:

قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

تەھرىر ھەيئەتلەر:

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇكېرىم رەھمان، ئازاد سۇلتان،
ئامانجان تىلىۋالدى، ئەنۋەر ئابلىمىت،
تۇرسۇن ھۇشۇر ئىدىقۇتى، راززاق
مەتنىياز، شېرىن قۇربان،
قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى،
كۈرەش مەھمۇتجان، مەترozى ھېيت،
مۇھەممەتيۇسۇپ ئۆمەر، نىجات
ئەھمەتجان، ئىبراھىم مۇتىئى.

1998 - يىللىق 1 - سان

(ئومۇمىي 73 - سان)

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىقتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت
يولى 14 - قورۇ
地址:乌鲁木齐市胜利 14 号
تېلېفون: 2862753—2927
پوچتا نومۇرى: 830046
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن
ماقالە قوبۇل قىلىنىدۇ
نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى ئەۋەتىڭ،
مۇشتىرى بولۇڭ
بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە
مەزمۇنلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى:
مادېيۇەن، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى:
ئامانگۈل مۇھەممەت، ئابدۇرېشىت قادىر

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - IST.

# بۇ ساندا

## سىياسىي - نەزەرىيە تەتقىقاتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ......
...... مۇھەممەت توختى 1
پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ...... جامال روزى 9

## مەشھۇر شەخسلەر تەتقىقاتى

تىيىپجان ئېلىيوپ ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ...... قاۋسىلقان قامىجان 16

## تارىخ - ئېتنوگرافىيە - كلاسسىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى

دولان - قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىز داشلىقى ھەققىدىكى ئىزدىنىش ......
...... ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 26
گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ (5. كۈيتۈن ‹قاراسۇ› شەھىرى) ...... مۇھەممەت ئوسمان 35
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە بالاساغۇن ...... قاسىم ئارىش 42
نان ۋە تاجىك مەدەنىيىتى ...... شېرىن قۇربان 54

## تىل - ئەدەبىيات - ئاخباراتچىلىق تەتقىقاتى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ توققۇزىنچى تۇپلەم يىگىرمە تۆتىنچى بۆلۈكى
ھەققىدە ...... تۇرسۇن ئايۇپ 62
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلار توغرىسىدا ...... تاش رەھمان 83
چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەر ۋە مۇخبىرلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى يېڭىلىنىش ...... مۇختار مەخسۇت 91
ماقالە يېزىقچىلىقى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پەرقى توغرىسىدا ...... ئابدۇسالام ئابلىز 100
كونا ۋە يېڭى خاملىئون ھەققىدە ...... ئابدۇللا مەتقۇربان 104

## ئاياللار تەتقىقاتى

«4 -ماي» ھەرىكىتى ۋە ئاياللار ئازادلىقى ...... ئابدۇشۇكۇر مۇللەك 112

## نەشرىياتچىلىق تەتقىقاتى

ژۇرناللارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ......
...... ئۆمەر نىياز 117

## ئىقتىسادشۇناسلىق تەتقىقاتى

9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى شىنجاڭ يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇھىت ئاسراش
تەدبىرلىرى ھەققىدە ...... قاھارجان ئىبراھىم 120

## قانۇنچىلىق تەتقىقاتى

ئىقتىسادىي قانۇننىڭ تەڭشەش ئوبيېكتى توغرىسىدا ...... رىشات مۆمىن 127
زەھەرلىك چېكىملىك جىنايىتىنىڭ رايونىمىزدىكى ھازىرقى ئەھۋالى، پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ
ئالدىنى ئېلىش چارىلىرى ھەققىدە ...... ئالىم قادىر 132

## كۇتۇپخانىچىلىق تەتقىقاتى

ئالىي مەكتەپلەردىكى كىتاب - ماتېرىيال خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ قۇرۇلۇشى
توغرىسىدا ...... ئادالەت نۇرىيوپ 137

توپۇقۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

新疆大学学报
（哲学社会科学维文版）

1998 年第 1 期
（总第 73 期）

# 目　　录

## 政治理论研究

中国共产党的领导与社会主义民主 …… 买买提·托呼提
关于加强党风建设 …… 贾玛力·肉孜

## 名人研究

论铁依甫江散文作品的特点 …… 喀吾斯力汗·客米江

## 历史、民俗学、古典文化研究

对刀郎木卡姆和哈密木卡姆同源关系的探讨 …… 阿布都秀库尔·穆罕默德伊明
美丽的家乡——新疆(5. 奎屯市) …… 穆罕默德·乌斯曼
玉素甫·哈斯·哈吉甫与巴拉沙奈 …… 喀斯木·阿尔西
馕与塔吉克文化 …… 西仁·库尔班

## 语言、文学、新闻研究

回鹘文《金刚明经》九卷二十四节研究 …… 图尔逊·阿尤甫
论现代维吾尔语中的语素 …… 塔什·热合曼
深度报道及记者思维的变迁 …… 穆合塔尔·麦合苏提
关于论文写作与文学创作的区别 …… 阿布都沙木·阿布里孜
论新旧《变色龙》 …… 阿布都拉·买提库尔班

## 妇女研究

“五四运动”和妇女解放 …… 阿布都秀库尔·毛来克

## 出版研究

论刊物社会效益和经济效益的关系 …… 乌麦尔·尼亚孜

## 经济学研究

谈“九五”期间新疆乡镇企业的发展和环保措施 …… 卡哈尔江·伊布拉音

## 法学研究

论经济法的调整对象 …… 热夏提·穆明
谈毒品犯罪在我区的现状、成因及防范措施 …… 阿里木·卡迪尔

## 图书资料研究

论高等学校图书资料工作的特点及资料室的建设 …… 阿达来提·努尔由夫

1998 - يىلى 3 - ئاي　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　19- يىللىق 1- سان
1998 年 3 月　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　第 19 卷第一期

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە

مۇھەممەت توختى*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، دېموكراتىيە ۋە ئۇنىڭ سىياسىي پارتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى تەھلىل قىلىنىپ، ئېلىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن غەرب ئەللىرى دېموكراتىيىسىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文阐述民主与政党之间的关系，特别阐明我国社会主义民主建设与中国共产党的关系，论述我国社会主义民主的特点与西方国家民主的本质区别。

**Abstract**: This article illustrates the relationship between democracy and political party, especially the relationship between the construction of socialist democracy and Chinese Communist Party. The author expounds the special features of socialist democracy in our country and the true nature of western democracy.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى — دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. گەرچە پارتىيە 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان بۇ مەسىلە ھەققىدە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان ۋە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بىر قاتار يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. بۇ مەسىلىلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېلىمىزنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان ھەم ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلالايدىغان،

* مۇھەممەت توختى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم - لېنىنىزم ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ لېكتورى.

كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە سىياسىي تۈزۈلمە بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، پارلاق 21 - ئەسىرگە يۈرۈش قىلىشنىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى

دېموكراتىيە بىر سىياسىي ئۇقۇم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەزەلدىن دۆلەت فورماتسىيىسى بولۇپ كەلدى. ئۇ ھامان مۇئەييەن سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولۇپ ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا دېموكراتىيە ناھايىتى كۈچلۈك ۋە ئېنىق سىنىپىيلىققا ئىگە. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى دېموكراتىيە شەكىللىرىدىكى ئورتاق بىر خۇسۇسىيەت. ھازىرقى دەۋردىكى دېموكراتىيە يەنە بىر خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنى ھەرقانداق دېموكراتىيە مۇئەييەن سىياسىي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ھازىرقى دەۋردە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر مەيلى ئۇ كاپىتالىستىك تۈزۈمدىكى دۆلەت بولسۇن، مەيلى سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى دۆلەت بولسۇن ھەممىسىدە پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان؛ ھەرقانداق بىر پارتىيىنىڭ پائالىيىتى دۆلەتنىڭ سىياسىي ھوقۇقى بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئۇ ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي سىنىپنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن ھامان دۆلەتنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەم مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىدۇ. ئەگەر مۇئەييەن پارتىيە ئۆز ئارزۇسىنى مۇئەييەن سىياسىي شەكىل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانى قىلىپ تاللىمىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. بۇ خىل پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمى دېموكراتىيىنىڭ دۆلەت فورماتسىيىسىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى، دېموكراتىيە بىلەن سىياسىي پارتىيىنىڭ بىر بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ھازىرقى زامان دېموكراتىيىسىنىڭ بۇ خىل خاس ئالاھىدىلىكى ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىدە بولغانلىقتىن ئەمەلىي شەرت - شارائىتى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان پارتىيىلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ يولغا قويىدىغان ياكى تەشەببۇس قىلىدىغان دېموكراتىيىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ ھەرقايسى ئەللەردە يولغا قويۇلۇۋاتقان ھەم تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان دېموكراتىيىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

دۆلىتىمىزدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ «بىزنىڭ تۈزۈمىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى.»① دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى. دېمەك، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسىنىڭ دۇنيادىكى باشقا دېموكراتىيىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە نۇقتىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

1. دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرلۇقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. ئەمەلىيەتتە ئىگەكچى خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى، ھەرقانداق كۈچنى خەلقنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا دەخلى-تەرۇز قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

2. سىياسىي تۈزۈلمە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزدە دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى تۈزۈمى ئورنىتىلغان. بۇ تۈزۈم ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى ئاساسىي تەشكىلىي شەكلى.

3. دۆلىتىمىزنىڭ خاس دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە سىياسىي تۈزۈلمىسى ئاساسىدا ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇن تۈزۈملەر ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسىي ھوقۇقلىرى، دۆلەت ۋە پارتىيە ئالدىدا ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى ئېنىق بېكىتىلگەن. بۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ھەرىكەت مىزانىدۇر. ئۇندىن باشقا كونكرېت سىياسەتلەردە يولغا قويۇلىدىغان دېموكراتىك ئۇسۇل، دېموكراتىك ئىستىل قاتارلىقلارمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتىنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ كونكرېت شەكلىدۇر. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرى دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بارلىققا كەلگەن، شۇنداقلا دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ شەك شۈبھىسىز.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشىدا چىڭ تۇرۇش — دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى.

دۆلەت فورماتسىيىسى بولغان دېموكراتىيە — سىياسىي ئۈستقۇرۇلمىغا تەۋە. سىياسىي بولسا ئىقتىسادنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى. قانداق ئىقتىسادىي بازىس بولسا شۇنداق سىياسىي ئۈستقۇرۇلما بولىدۇ. شۇنداق سىياسىي بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئومۇمىي ئىگىدارچىلىق قىلىشتەك مۇلۇكچىلىك شەكلى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ماھىيەت جەھەتتىن بارلىق پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنىڭ پۈتۈنلەي بىردەكلىكىنى بەلگىلىگەن. بۇنداق مەنپەئەت بىردەكلىكى مۇقەررەر يوسۇندا سىياسىي جەھەتتە بىردەك قاراشقا ئىگە، زىچ ئىتتىپاقلاشقان، پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدىغان سىياسىي پارتىيىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دەل مۇشۇنداق سىياسىي پارتىيىدۇر. يولداش جياڭ زېمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك «پارتىيىمىز خەلقتىن چىققان، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقان، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پارتىيە». ② پارتىيىمىزنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ۋە ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىدىن باشقا ئالاھىدە مەنپەئىتى يوق. شۇڭا پارتىيىمىز ئەڭ كەڭ دائىرىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدىكى مەنپەئىتىگە ماسلىشىش ۋە ئۇلارنىڭ چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىپ ئۆزىنىڭ كۈرەش پروگراممىسىنى تۈزىدۇ ۋە يولغا قويىدۇ. پارتىيىمىز دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈشتەك ئەۋزەل تەشكىلىي پرىنسىپنى يولغا قويىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىش، ئاددىي - ساددا بولۇش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئېسىل خىزمەت ئىستىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ سادىق، ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى، پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۇكسەك ئارزۇسىغا يېتەلەيدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇندا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىر تۈرلۈك ئاساسىي پرىنسىپ قىلىپ بەلگىلەنگەن.

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسى غەربنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىگە ماھىيەت جەھەتتىن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھازىرقى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە كۆپ پارتىيە تۈزۈمى ۋە ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىم تۇتۇش تۈزۈمى بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنىڭ ئىككى خىل ئاساسىي شەكلى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. غەرب ئەللىرىدە بۇ خىل تۈزۈمنىڭ قوللىنىلىشى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ خاس ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە سىياسىي پارتىيە تۈزۈمى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغاچقا، كاپىتالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئەركىن رىقابىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى مۇقەررەر ھالدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى چوڭ - كىچىك مونوپول گۇرۇھلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ مونوپول گۇرۇھلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن سىياسىي جەھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان سىياسىي پارتىيىلەرنى قۇرۇپ چىقىدۇ. نەتىجىدە كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۈچتىن ئارتۇق سىياسىي پاتىيە ئۇزۇن مۇددەت ئۆزئارا تىركىشىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. بۇ مونوپول گۇرۇھلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە پارتىيە بىرلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ياكى نۆۋەتلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان سىياسىي تۈزۈمنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئېنىقكى، غەرب ئەللىرى تەشەببۇس قىلغان كۆپ پارتىيە تۈزۈمى بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا قارشىلىشىش ۋە مۇرەسسە قىلىشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

غەرب ئەللىرى تەشەببۇس قىلىۋاتقان كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنىڭ دۆلىتىمىزدە ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە سىنىپىي ئاساسى يوق. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك كۆپ پارتىيە تۈزۈمى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى. ھالبۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى، گەرچە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ دۆلىتىمىز ئىقتىسادىدا ھەر خىل مۈلۈكچىلىك تەركىبلىرى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تەركىبى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا دۆلىتىمىزدە بارلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتى پۈتۈنلەي بىردەك. بۇ مەيلى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسۇن، مەيلى باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسۇن ئۆزئارا قارشىلىشىدىغان بىرقانچە سىياسىي پارتىيىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە نۆۋەتلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى، پەقەت بىرلىككە كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭلا پرولېتارىيات ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن، دۆلىتىمىزدە كوممۇنىستىك پارتىيىدىن باشقا يەنە سەككىز دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھ بار. دۆلىتىمىزنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت تارىخىي شارائىتى ۋە ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شۇنداقلا دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار تەركىبىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەت بىردەكلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئۇ مەيلى ماھىيەت جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن غەربنىڭ كۆپ پارتىيە تۈزۈمى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. دۆلىتىمىزدە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە- گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق سىنىپىي ئاساس، ئورتاق كۈرەش مەقسىتى ۋە ئورتاق مەنپەئەت بىردەكلىكى بار. شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆكتىچى پارتىيىلەر مۇناسىۋىتى بولماستىن، ئۇزاق مۇددەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئۆزئارا بىر بىرىنى نازارەت قىلىدىغان، جاپادىمۇ ھالاۋەتتىمۇ بىللە ھەمكارلىشىدىغان قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت. ئومۇمەن، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى دۆلىتىمىز دېموكراتىك تۈزۈمىنىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى. شۇڭا «كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەل-

لەشتۈرۈش كېرەك». ③ ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىم تۇتۇش سىياسىي تۈزۈلمىسىمۇ دۆلىتىمىزدە ئاقمايدۇ.

(1) بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتى پۈتۈنلەي بىردەك، بۇ دۆلىتىمىزدە مەنپەئەت جەھەتتە قارشىلىشىدىغان سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شارائىتىنىڭ يوقلۇقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئورتاق ۋەكىللىك قىلىدىغان، دۆلەت ھوقۇقىنى بىر تۇتاش يۈرگۈزىدىغان سىياسىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى.

(2) بىر دۆلەتتە قايسى خىلدىكى سىياسىي تۈزۈلمىنى ئورنىتىشنى شۇ دۆلەتنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى بەلگىلەيدۇ. دۆلىتىمىزدە ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلغانلىقتىن كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان كاپىتال بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىق، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشى قاتارلىقلار مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا دۆلىتىمىزدە ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىپ تۇتۇش سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسى يوق.

(3) دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتى ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىم تۇتۇش سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ جۇڭگودا ئاقمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدا كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋلارنىڭ پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈلمە ئارقىلىق جۇڭگونى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇشىدىن تارتىپ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىك قىلغان شىنخەي ئىنقىلابىغىچە سان-ساناقسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار نۇرغۇن قۇربان بېرىش بەدىلىگە ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشنىڭ ھەقىقىي لايىھىسىنى ئىزدىدى. كۆپ قېتىم ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىم تۇتۇش سىياسىي لايىھىسى بويىچە فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇپ جۇڭگونىڭ قالاق، ئاجىز ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشتى، ئەمما تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. پەقەت جۇڭگو خەلقى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا، ماركسىزم-لېنىنىزم ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەجرىبە ساۋاقلارنى ئىلمىي يەكۈنلەپ ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بەرپا قىلىندى.

يىغىپ ئېيتقاندا، باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئېلىمىزدە يولغا قويۇلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرلۇقىدىكى دۆلەت تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئاساسىدىكى سىياسىي تۈزۈم — خەلقنىڭ كۈرەش مېۋىسى ۋە تارىخ تاللىغان تۈزۈم. غەربنىڭ سىياسىي تۈزۈم ئەندىزىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلمەي، مۇشۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈمنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش شەرت.» ④ بىز پەقەت سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرالىساق ۋە ياخشىلىيالىساقلا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، كەلگۈسىدە غەرب دۆلەتلىرىدىكىدىنمۇ ياخشى بولغان ھەقىقىي دېموكراتىك سىياسەتنى بەرپا قىلالايمىز.

## 2. يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى بەرپا قىلىش پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مۇھىم كۈرەش نىشانى ۋە ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىسى

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: «دېموكراتىيە بولمىسا، سوتسىيالىزم بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش بولمايدۇ». ⑤ يولداش جياڭ زېمىنمۇ پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىغا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا ئېنىق قىلىپ: «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى دېگىنىمىز، خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىش، دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈش، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇش ۋە دېموكراتىك نازارەتچىلىك يولىنى تۇتۇپ، خەلقنىڭ قانۇن بويىچە كەڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش دېگەن سۆز»⑥ دەپ كۆرسەتتى. كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، پارتىيىمىزنىڭ يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، پارتىيىنىڭ تۈپ تارىخىي ۋەزىپىسى، پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. بۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى نۇقتىدىن شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ.

1. يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئۇلۇغ كۆرەش نىشانلىرىنىڭ بىرى.

يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇلۇغ كۆرەش نىشانلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە، بولۇپمۇ «سول چىل» لۇشيەن تازا ئەۋج ئالغان يىللاردا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئۇقۇمى ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرىنى يوقىتىپ بىر خىل ۋاستىگە ئايلىنىپ قالدى. پەقەت پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنىڭ تۈرتكىسىدە نەزەرىيە جەھەتتىكى خاتالىقلار تۈزىتىلىپ، دېموكراتىيە ئۇقۇمىنىڭ ئەمەلىي ماھىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يولداش جياڭ زېمىن دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا ئېنىق قىلىپ: «يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە مۇكەممەل سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى بەرپا قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم نىشان ۋە ۋەزىپە، پارتىيە، خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسى» دەپ كۆرسەتتى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش چاقىرىقىنىڭ بىر خىل نوقۇل ۋاستە بولۇپلا قالماي، بەلكى يېتىدىغان يۈكسەك نىشان ۋە ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىغا بەرگەن دوكلاتىدا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى — دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش يولىنى تۇتۇش، ئاپپاراتنى ئىخچاملاش، دېموكراتىك نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تىنچلىق، ئىتتىپاقلىقنى قوغداش»⑦: دېمەك، يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم كۆرەش نىشانى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىسى. بۇ ھەم ۋاستە ھەم نىشان. مانا بۇ دېموكراتىيىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى. دېموكراتىيە سىياسىي ئۈستقۇرۇلما بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە — سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ سىياسىي كاپالىتى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، دېموكراتىيە بىر خىل ۋاستە، ئەمما دېموكراتىيە يەنە بىر خىل كۆرەش نىشانى. ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى نىشانى پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنى دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرۇپ، پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىك تۈزۈمنى بەرپا قىلىش. ئاندىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش. پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بولغانلىقتىن، يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى تەشكىللەپ، خەلقنىڭ ھەر خىل دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىشتەك باش تارتىپ بولمايدىغان يۈكسەك مەجبۇرىيىتى بار. شۇڭا يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش پارتىيىمىزنىڭ ئۇلۇغ كۆرەش نىشانى، مۇھىم تارىخىي ۋە رېئال ۋەزىپىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى پەقەت سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتسەك ۋە ياخشىلىساقلا، دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز.

2. يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش بىر خىل ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىدۇر.

پارتىيىمىزنىڭ ئەزەلدىن تەشەببۇس قىلىۋات-

قىنى ۋە يولغا قويۇۋاتقىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا خەلققە تايىنىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلقتىن ئېلىپ، خەلققە قايتۇرۇشنى ئاساس قىلغان ئاممىۋى لۇشيەن يېتەكچىلىكىدىكى رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى، بۇ ئەمەلىيەتتە پارتىيىنىڭ دېموكراتىك كۆز قارىشى بىلەن دېموكراتىك خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ ئورگانىك بىرىكىشىدۇر. پارتىيىمىز ئۇزۇن مۇددەتلىك رەھبەرلىك ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا بۇ خىل ئاممىۋى لۇشيەن ۋە ئۇسۇلدا ھەقىقىي چىڭ تۇرغاندا، توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقالايدىغانلىقى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بولغان توغرا رەھبەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. شۇڭا يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىغا بەرگەن دوكلاتىدا: «خەلقنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىمكان بېرىدىغان، خەلقنىڭ رايىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئەڭ مەركەزلەشتۈرىدىغان، تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش، تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئىلمىيلىشىشى، دېموكراتىيىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم» ⑧ دەپ كۆرسەتتى. دېمەك، يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلماي تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نازارىتىنى، ئاممىنىڭ نازارىتىنى، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلارنىڭ نازارىتىنى ھەقىقىي قوبۇل قىلىشنى تەشكىللىي ئاساستا ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ ئاممىدىن، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا مۇقەررەر ھالدا پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولمىسا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

3. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى مۇناسىۋىتى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتكە ئىگە، يەنى پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى بەرپا قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشنىڭ تۈپ كاپالىتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز سوتسىيالىزم يولىدىن چەتنەپ كەتسە بولمايدۇ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى ئۆز ئارا باغلانغان بىر مەسىلە. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، سوتسىيالىزم يولىمۇ بولمايدۇ» ⑨ دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەندى. ئېلىمىزدە يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىشتا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇش جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ئەمەلىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدىن چىقىرىلغان يىمىرىلمەس ھەقىقەت.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بىئوگرات كاپىتالىزمىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دۆلىتىمىز تارىخىدا تۇنجى بولۇپ بارلىق ھوقۇق ئەمگەكچى خەلققە مەنسۇپ بولغان كۆپ سانلىقلار دىكتاتورىلىقىدىكى خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنى بارلىققا كەلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزدە يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى بەرپا قىلىشنىڭ سىياسىي ئالدىنقى شەرتى ھازىرلاندى. جۇڭگونىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخى ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردىكى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ بىردىن بىر يارانقۇچىسى.

پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت شەرت - شارائىتىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. «سوتسىيالىزم قانچە راۋاجلانسا، دېموكراتىيىمۇ شۇنچە راۋاجلىنىدۇ» ⑩

دېموكراتىيە كىشىلەر ئىنتىلىدىغان يۈكسەك غايىۋى تۈزۈم بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىساد، پەن - مەدەنىيەت، قانۇن - تۈزۈم، ئېتىكا - ئەخلاق تەرەققىياتى قاتارلىقلارنىڭ بىۋاستە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. دۆلىتىمىز ئىقتىساد، پەن- مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتە يەنىلا قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان دۆلەت. بۇنداق شارائىتتا يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تېزدىن بەرپا قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، پۈتۈن كۈچ بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقى-
رىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇ-
رۇپ مول ماددىي شەرت - شارائىت ھازىرلاش؛
ئىككىنچىدىن، پەن - مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور
كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت كىشىلى-
رىنىڭ ئىدىيىۋى - ئەخلاق ساپاسى ۋە مەدەنىيەت
ساپاسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ ئۈ-
چىنچىدىن، دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى
كۈچەيتىپ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇپ دېموكراتىيە تەرەققىياتىنى قانۇ-
نىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن
ئەڭ مۇھىمى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇ-
رۇش كېرەك.

پەقەت پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەتئىي چىڭ
تۇرۇپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ
كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرغاندىلا، ئاندىن
دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان
سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ كونكرېت شەك-
لىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئەمگەكچى
خەلقنىڭ دۆلەتكە بولغان خوجايىنلىق ھوقۇقىنى
يۈرگۈزۈشنى ئۆزىنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە مەزمۇنى
قىلىدۇ. ئەمما ھەرقايسى سوتسىيالىستىك دۆلەت-
لەرنىڭ ئەمەلىيىتى بىر بىرىگە ئوخشىمىغانلىق-
تىن، خەلقنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈ-
زۈشتىكى كونكرېت شەكىللىرىمۇ بىر بىرىگە ئوخ-
شىمايدۇ. شۇڭا دۆلىتىمىزدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ
خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ھەر خىل
كونكرېت ئۈنۈملۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئەمەلگە
ئاشۇرۇشقا ھەم بەلگىلىك قانۇن - تۈزۈم ۋە تەرتىپ
ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك رولى دەل ماركسىزم -
لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ
نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي قائىدىلىرىگە ئاساسەن،
دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىنى چىقىش
قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قانداق
قىلىپ ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرالىشىدىكى سىياسىي
شەكلىنى توغرا تاللاشتا ئىپادىلىنىدۇ. يۇقىرىدا
كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي
تۈزۈمى دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئا-
ساسىدا شەكىللەنگەن خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى
تۈزۈمى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى
كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش، سىياسىي مەسلىھەت
كېڭەشى تۈزۈمى، ئەلۋەتتە بۇ تۈزۈمنىڭ نۆۋەتتە
مەلۇم يېتەرسىزلىكلىرى بولسىمۇ، ئەمما پارتىيە-
نىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي
تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ،
ئۇنى قانۇن - تۈزۈم ئىزىغا سېلىپ، خەلقنىڭ
تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغاندىلا، تېخىمۇ كۆپ ئەم-
گەكچىلەرنى دۆلەتنى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى دې-
موكراتىك باشقۇرۇشقا ۋە دېموكراتىك نازارەت قى-
لىشقا جەلپ قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتى-
يىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغىلى بولى-
دۇ.

ئومۇمەن، يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموك-
راتىيە بەرپا قىلىش پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت
يۈرگۈزۈشىنىڭ زۆرۈر شەرتى، شۇنداقلا پارتىيە-
نىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش يۈكسەك سوتسى-
يالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ كاپا-
لىتى. بىز پەقەت پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ
تۇرۇپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى كۆرسىتىپ بەر-
گەن يولنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغانلا
بولساق، «بىزنىڭ تۈزۈمىمىز كۈندىن - كۈنگە
ياخشىلىنىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى ئىلغار ئامىللارنى قو-
بۇل قىلىپ، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى تۈزۈمگە ئايلى-
نالايدۇ» ⑪.

## ئىزاھلار

① ، ⑨ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ، 3 - توم ئۇيغۇرچە نەشرى، 503 - ، 497 - بەتلەر.
② ، ③ ، ④ ، ⑥ ، ⑦ ، ⑧ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتى.
⑤ ، ⑩ ، ⑪ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ، 2 - توم ئۇيغۇرچە نەشرى، 362 - ، 557 - ، 297 - بەتلەر

(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا


جامال روزى*



**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**:本文简论为加强反腐倡廉,党员和各级领导干部认真学习马列主义、毛泽东思想和邓小平理论,加强党风建设的必要惺。

**Abstract**: This articl narrates that in order to strengthen the construction of anti — corruption activities, it's necessary for the leaders in all wolks of life to stuyd Marx, Engels, Lenin and MaoZedong thought, especialy Deng Xiaoping's theory of socialism with Chinese characteristics. It also emphasize the importance of enhancing the construction of Party's working style.


## 1. پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى پاكلىق قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك.

پارتىيە ئىستىلى — پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي - ئىدىيە، تەشكىلىي ۋە تۇرمۇش جەھەتلەردىكى ئىپىسىل ئىستىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارتلىق خاراكتېرى — كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە خەلق ئۈچۈن جان دىل بىلەن خىزمەت قىلىشتىن

* جامال روزى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

ئىبارەت ئاساسىي مەقسىتىنى گەۋدىلەندۈردى.

پارتىيىنىڭ تارىخى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، پارتىيىنىڭ ئىستىلى پارتىيىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان، يەنى پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلمىسە، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ۋە كەڭ خەلق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيلا قالماي، بەلكى پارتىيە ئۆزىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارتلىق خاراكتېرىنى، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رەھبەرلىك رولىنى يوقاتقان بولىدۇ. شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، بولۇپمۇ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئىستىلى پارتىيىنىڭ ھاياتماماتىغا مۇناسىۋەتلىك. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك دىيانەتلىك بولۇشى يېڭى دەۋردە پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. پارتىيىنىڭ لۇشيەن - فاڭجېن سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش سىياسىي ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەۋقەنى تەربىيە بېرىشكە قويۇپ، دىققەتنى ئالدىنى ئېلىشقا قارىتىپ، ئىدىيە ئەخلاق جەھەتلەردە مۇداپىيە لىنىيىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە ئەزالىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا چوقۇم ئۈلگىلىك رول ئوينىشى، ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى ۋە كوممۇنىستىك ئېتىقادىنى چىڭ تۇتۇپ، كوممۇنىستىك ئەخلاقنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشى، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشى، جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك.

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىغا بەرگەن دوكلاتىدا: «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھاياتماماتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان جىددىي سىياسىي كۈرەش. پارتىيىمىزنى ھەرقانداق دۈشمەن بېسىپ چۈشەلمەيدۇ، ئاغدۇرالمايدۇ. ئىستىكام ئۆز ئىچىدىن ئاسان بۇزۇلىدۇ، ئۆزىمىزنى - ئۆزىمىز نابۇت قىلىدىغان ئىشنى قىلىشقا مۇتلەق بولمايدۇ. چىرىكلەشكەنلەر جازالانمىسا، پارتىيە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچ ۋە مەدەتكارلىقىدىن مەھرۇم قالىدۇ. پۈتكۈل ئىسلاھات ئېچىۋېتىش جەريانىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ تۇرۇش كېرەك»① دەپ كۆرسەتتى. دۆلىتىمىزدە ئېكسپىلاتاتورلار سىنىپى سىنىپ سۈپىتىدە بۇرۇنلا يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى، قىممەت قارىشى، ئەمگەك پوزىتسىيىسى ۋە ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى يەنىلا خەلقنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر قىلىپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل كونا ئىدىيە جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشتىن تاشقىرى يەنە پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشىغىمۇ سىڭىپ كىرىپ ئاز ساندىكى پارتىيىۋىلىكى ئاجىز، مەيدانى مۇستەھكەم بولمىغان پارتىيە ئەزالىرىنى چىرىتمەكتە. بۇنداق پارتىيە ئەزالىرى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ دۆلەت، خەلق ۋە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، پارتىيىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. شۇڭا، نۆۋەتتە پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئوبرازىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن پارتىيىنىڭ ئېسىل ئىستىلىنى پارتىيە تۇرمۇشىدا قايتىدىن جارى قىلدۇرۇپ، خاتا ئىدىيە، ناتوغرا ئىستىللارغا قارشى كۈرەش قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا: «ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق چىرىكلىك پەيدا بولىدىغان، يامرايدىغان تۇپراقنى ئۈزلۈكسىز يوقىتىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. ئاممىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، چىرىكلىك-

كە قارشى قەتئىي ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلغاندىلا، پارتىيىنىڭ ئوبرازىنى قايتىدىن تىكلىگىلى بولىدۇ. چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ھەرقانداق ۋاقىتتا بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان بۈگۈنكى كۈندە بىرىنچىدىن، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدىغان بىردىنبىر ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، بۇ ئىنقىلابنى باشتىن - ئاخىر زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئېنىق تونۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. شۇڭا بۇ ئىنقىلاب بۇرۇنقى ئىنقىلابلارغا ئوخشاشلا پارتىيىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇش كېرەك.

پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە تۆۋەندىكى بىرقانچە خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، پارتىيىمىنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرغان، خەلق ئۈچۈن جان دىل بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەشكىلىي جەھەتتە پۈتۈنلەي مۇكەممەللەشكەن، تۈرلۈك خەۋپ خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باشتىن ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان، ماركسىزمچە پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتا كۆزلىگەن ئومۇمىي نىشان بويىچە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىدىيە، تەشكىلىي ۋە ئىستىل جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك سەۋىيىسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، چىرىتىشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، يېڭى قىياپەت ۋە كۈچلۈك جەڭگىۋارلىق بىلەن يېڭى تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

ئىككىنچى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك، كادىرلار ۋە كومپارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭ ئىش قاتارىدا تونۇش لازىم»①دەپ كۆرسەتكەنىدى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي ئورگانلار ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ئاساسىي مەسىلە، شۇنداقلا يەنە پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىدىكى ھالقىلىق مەسىلە. رەھبەرىي كادىرلار چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇپ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئۆزى باشلامچى بولۇشى كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش بىر خىل ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە ھەم مۇھىم خىزمەت. بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشتا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلارنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشنى ئۇلارنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرغاندىلا، ئاندىن زور نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. پاك - دىيانەتلىك، ئىنتىزامچان بولۇشنى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئۆزىدىن باشلاش كېرەك. ئاساسىي قاتلام رەھبەرىي كادرلار كەڭ ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەت

① دېڭ شياۋپىڭ تاللانمىلىرى 3 - توم، 791 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەيپىياتنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەك بولۇش - بولماسلىقى تۆۋەندىكى كادىرلارغا، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە پۈتۈن ئاممىغا نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. رەھبەرىي كادىرلار ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويمىسا، ئۆزى پاك - دىيانەتلىك بولمىسا، تۆۋەندىكىلەرمۇ شۇلارغا ئەگىشىپ نانوغرا ئىستىللار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار شۇنى چوقۇم بىلىشى كېرەككى، ۋەزىپىسى يۇقىرىلىغانسېرى تەسىرىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، چىرىكلىشىشكە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، پاك - دىيانەتلىك، ئىنتىزامچان بولۇشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. نازارەتنى كۈچەيتىش رەھبەرىي كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشىنىڭ ئۆتكۈلى. ھوقۇق نازارەتنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. نازارەتنى قوبۇل قىلمايدىغان ھوقۇق مۇقەررەر ھالدا كادىرلارنى چىرىكلىشىشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار بىرىنچىدىن، نازارەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش ئېڭىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، ئۆزىنىباشتىن - ئاخىر پارتىيە، ھۆكۈمەت، تەشكىل ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاڭلىق ھالدا ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، پارتىيىمىزنىڭ دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەخسنىڭ تەشكىلگە، ئاز سانلىقنىڭ كۆپ سانلىققا، تۆۋەننىڭ يۇقىرىغا، پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەركەزگە بويسۇنۇشىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، توغرا سىياسەت بەلگىلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى، خاتالىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ سۈپىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك. دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش كېرەك. پاك بولۇش، ئاددىي ساددا بولۇش پارتىيىمىز ئەزەلدىن ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئىستىل بولۇپ بۇنى پارتىيىمىزنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى ۋە ئىنتىزامى بەلگىلىگەن. بيۇروكراتلىق ئىستىل، خىزمەت ئورنى قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ پارا ئېلىش، پارا بېرىش، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭمال-مۈلكىنى بۇزۇپ چېچىش قاتارلىق ناتوغرا قىلمىشلار ۋە ئىستىللار پارتىيىنىڭ مەقسىتى ۋە خاراكتېرى بىلەن قارىمۇ قاشى بولۇپ ھەرگىزمۇ چىقىشالمايدۇ.

## 2. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك

يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پروگراممىا خاراكتېرلىك تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ «بىز يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش بىلەن بىللە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىلىم - پەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئالىي جاناب مەزمۇنغا باي مەدەنىيەت تۇرمۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك»① دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە كاپالىتى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ماددىي مەدەنى-

① دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما 2 - توم، 309 — 310 - بەت.

يەت قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماس-
تىن، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ
تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. پارتىيە 14-
نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغى-
نىدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سوتسىيالىس-
تىك جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى، زامانىۋىلاش-
تۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە مۇھىم
كاپالىتى دەپ تەكىتلەپ كۆرسىتىلدى. بۇ يېڭى
دەۋرگە قەدەم قويغاندىن بۇيانقى پارتىيىمىزنىڭ
ئىزچىل ئىدىيىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق
دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئى-
شى خېلى نەتىجىلىك بولدى، ۋەزىيەت كىشىنى
خۇشال قىلىدۇ. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيى-
تى، لېكىن كەيپىيات يامانلىشىپ كېتىۋەرسە،
ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ
نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟»[1] ئىنسانلارنىڭ ماددىي
مەدەنىيەت يارىتىش جەريانى يالغۇز ئادەمنىڭ تەبى-
ئەت بىلەن ئاددىي ھالدا ماددا ئالماشتۇرۇش جەريا-
نى بولماستىن، بەلكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇ-
ئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىش
شەرتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىجتىمائىي ئا-
لاقە جەريانى. بۇ جەرياندا كىشىلەرگە ئىلمىي ئىدى-
يە ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ ماددىي مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كې-
رەك. ئەگەر بىز ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى
ئېلىپ بارغاندا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەنىۋى
مەدەنىيەتنى كۈچەيتمەي، فېئودالىزمنىڭ قالدۇق
ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىگە، كاپىتالىزمنىڭ چى-
رىك ئىدىيىسىنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويساق
كىشىلەر ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق ۋە مەنىۋى جە-
ھەتتىكى كرىزىس پاتقىقىغا كىرىپ قالىدۇ. ماد-
دىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى سوتسىيالىزم يۆنىلى-
شىنى بويلاپ ساغلام تەرەققىي قىلدۇرالمايمىز.
پارتىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان رەھبەرلى-
كىنى كۈچەيتىش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنى-
يەت قۇرۇلۇشىنى ئۇزاق، ساغلام، مۇقىم تەرەق-
قىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. پارتىيە 14-
قۇرۇلتىيى مەركىزىي كومىتېتى 6- ئومۇمىي يى-
غىنىدا ماقۇللانغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيى-
سى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مە-
نىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرى-
سىدىكى قارارىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
ئېلىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىش-
لىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولۇپ، ماددىي مە-
دەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىدە، مە-
نىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچىمۇ پارتى-
يىدە.» دەپ كۆرسىتىلگەن ھەم پارتىيىنىڭ مەنى-
ۋى مەدەنىيەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش-
نىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن. يولداش
دېڭ شياۋپىڭ: «ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇ-
رۇش، بىر قولدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئې-
شكنى ئېچىۋېتىشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا ھەر
خىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش
كېرەك. ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش كېرەك. ھەر
خىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىپ، تۇرلۇك
رەزىللىكلەرنى تۈگىتىشتە يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا
بولمايدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىشىكنى ئې-
چىۋېتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا چىرىكلىككە قار-
شى تۇرۇش كېرەك. كادىرلار ۋە كومپارتىيە ئەزا-
لىرى ئۆچۈن ئېيتقاندا پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭ
ئىش قاتارىدا تۇتۇش لازىم»[2] دەپ كۆرسەتكەنىدى.
كۆز ئالدىمىزدا پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان پاس-
سىپ چىرىك ھادىسىلەر، ناتوغرا ئىستىللار پارتى-
يىنىڭ ئوبرازىنى زىيانغا ئۇچراتتى، شۇڭا پارتى-
يىنىڭ ئاممىا ئارىسىدىكى نوپۇزىنى تىكلەپ، پارتى-
يە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن
كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى چوڭقۇر
ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، ھەر خىل پاسسىپ،
چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى
ئۈزۈل - كېسىل يەڭگەندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ
سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان رەھ-
بەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، مەنى-
ۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى
بويلاپ ئۇزاققىچە ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپا-
لەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن 15 - قۇرۇلتايدا بەرگەن
دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «چىرىكلىككە
قارشى تۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېغىر سىياسىي كۈرەش.
ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ پۈتكۈل جەريا-
نىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى دائىم ئاگاھلاندۇ-
رۇپ تۇرۇش كېرەك». چىرىكلىككە قارشى
تۇرۇشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن پارتىيە

① دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما 3 - توم، 314 - بەت.
② دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما 3 - توم، 790 - بەت.

www.uyghurkitap.com

ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا قارىتامار كسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھەققىدىكى تەربىيىنى، پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى ھەققىدىكى تەربىيىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلاردا توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى» دىكى بەلگىلىمىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى چىرىك ئۇنسۇرلارنى قەتئىي تازىلاش كېرەك. پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇش، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاشنىڭ تۈپ تەدبىرى بولۇپ جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاشتا مۇقەررەر ھالدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاخىرقى نىشانى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، ئىككىسى بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. بىر - بىرىگە ماس كېلىدۇ. 15 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە ئەخلاق سۈپىتىنى، پەن - مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى كۈچلۈك مەنىۋى تۈۋرۈككە ۋە ئەقلىي مەدەتكە ئىگە قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ئىنتىزامچان پۇقرالارنى ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد يېتىشتۈرۈش شەرت. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشكۈل ۋەزىپە» دەپ كۆرسىتىلدى. تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئىچكى تەلىپىگە ئاساسەن ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى ماس تەرەققىي قىلىدۇ. «تۆتكە ئىگە» پۇقرالارنى يېتىشتۈرۈش زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى سىستېما قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ سىستېما قۇرۇلۇشىدا ئادەمنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى تۆۋەن بولۇشى ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىدا ئاساسىي يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى، تەدبىرلىرى ۋە تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى ئادەمگە تايىنىپ تۈزۈلىدۇ، ئادەم ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## 3. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك

قانۇن دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك قورال، ھەر خىل ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان ئەڭ تۈپ ئۆلچەم. قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم فاڭجېنى. پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تۈزۈش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، خەلق پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆزى تۈزگەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ھەر خىل يول ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ. بۇ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ مۇھىم تەرىپى. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا: دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش — پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، دۆ-

لەتنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېننى ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ فاڭجېننىڭ بېكىتىلىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېموكراتىيىنى قانۇنلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتا خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش جەھەتتە ئاساسلىقى سىياسىي ۋە مەمۇرىي ۋاستىلەرگە تايىنىشنى قانۇن ۋاستىسىغا تايىنىشقا ئۆزگەرتىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. بۇ ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئالغا باسقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم، تېنچ بولۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى پائالىيەتلىرىدە قانۇن ئەڭ مۇھىم ئەنگۈشتەر، دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش قانۇننىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئالمىشىشى داۋامىدا ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغداش، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردىكى چىرىكلىشىش، ئالدامچىلىق قىلىش، ساقتىپەزلىك قىلىش ھوقۇق — پۇل سودىسى قىلىش قاتارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى تۈگىتىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. يولداش جياڭ زېمىن: «بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىۋاتىمىز. بۇ خىل يېڭى ئىگىلىك قۇرۇلمىسى مۇقەررەر ھالدا ئۆزىگە ماس كېلىدىغان مۇكەممەل سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى تەلەپ قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېننى يولغا قويۇپ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەندىلا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرتىپلىك راۋاجلىنىشىغا ۋە چىرىكلىشىشتىن ساقلىنىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ بولۇشى شەرت. مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت بولمىسا، كۆپ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، ئېرىشكەن نەتىجىمۇ قولدىن كېتىپ قالىدۇ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇقىملىققا مۇھتاج. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى يەنىلا ئىلگىرىكى ئۇيىمىز بويىچە چوقۇم ئىككى قولدا تۇتۇش كېرەك. بىر قوللۇق ئىش كۆرگەن بىلەن بولمايدۇ. ئىككى قولدا تۇتۇش دېگىنىمىز، بىر قولدا قۇرۇلۇشنى يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش دېگەنلىك. پارتىيىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىنتىزامى، دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنى بولىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش نېمە ئۈچۈن خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش دېگەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ خەلق ئىچىدە دېموكراتىيە يولغا قويۇلۇپ، بۇزۇق ئۇنسۇرلار ئۈستىدىن دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈلمىسە، جەمئىيەتنىڭ تىنچ ئىتتىپاقلىق سىياسىي ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالغىلى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولمايدۇ»① دېگەن ئىدى. كىشىلەرنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشىدا مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت بولمىسا بولمايدۇ. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى ساقلاشنى تۇتۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


① «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 2 -، 3 - توملىرى.

② جياڭ زېمىن: «پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىغا بېرىلگەن دوكلات»، شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇرچە 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى سانى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى


① دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى 3 - توم، 313 - بەت.

1998 - يىلى 3 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 19 - يىللىق 1 - سان
1998 年 3 月 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 第 19 卷第一期

# تىيىپجان ئېلىيوپ ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە

قاۋسىلقان قامىجان*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرى تىيىپجان ئېلىيوپ جۇڭگو ھازىرقى ۋە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ بىرى. بۇ ماقالىدە، تىيىپجان ئېلىيوپ ھېكايىلىرىنىڭ بەزىبىر ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئىلمىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要:** 天才的维吾尔族诗人铁衣甫江是中国当代和新时期文坛上的著名人物,本文探讨铁衣甫江散文作品的一些特点。

**Abstract:** The gifted Uighur poet Tiyipjan Eliyov was one of the famous figures in contemporary literature history of China. This artiele discusses some special features of his prose.

## 1

يازغۇچى شائىرلار ئۆزلىرىدە كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىجادىيەت ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەندىلا ئاندىن ئۆزى ئادەت قىلغان بەدىئىي ئەدەبىيات ژانىرى ئىجادىيىتىدە نادىر ئەسەرلەرنى يارىتالايدۇ. تىيىپجان ئېلىيوپ ئۇيغۇر شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى ئالاھىدە تالانت ئىگىسى بولۇپ، ئۇ جۇڭگونىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئاتاقلىق شائىرلاردىن بىرى، شۇنداقلا مىللەت، دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ دۇنياغا تونۇلغان ئۇيغۇر شائىر. ئۇ شائىر بولۇپلا قالماستىن، يەنە يېتىلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتچىسى، نەزەرىيىچىسى، فولكلورشۇناس ئىدى. قىسقىسى ئۇ، جامائەت ئېتىراپ قىلغان شېئىرىيەت ئالىمى ۋە يازغۇچى. تىيىپجان ئېلىيوپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا كەينى - كەينىدىن، مىڭلىغان شېئىرلارنى خۇددى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىدەك ئۈزۈلدۈرمەي يېزىش بىلەن بىرگە يەنە بىر قىسىم نادىر ھېكايىلارنىمۇ يېزىپ ئېلان قىلدى. ئەلۋەتتە بۇ ئاجايىپ شېئىرىيەت ئالىمى سانى ئاز بولسىمۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى قالتىس ھېكايىلارنى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ ھېكايىلەر ئۇنىڭ ئىجادىيەت يىلنامىسىدا ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلەيدۇ. مەن ئۆزۈم قازاق مىللىتى-

* قاۋسىلقان قامىجان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى.

دىن بولسامۇ، لېكىن ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمى
ئەدەبىيات خۇمار ئۇيغۇر كىتابخانلىرى بىلەن بىرگە
ئۆتتى. شۇڭا ئالاھىدە بىر مىللىي ۋە ئەدەبىي مۇ-
ھىت ئىچىدە ياشىغانلىقىم ئۈچۈن، ھازىرقى ۋە
بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئىزچىل
ئىزدىنىپ تەتقىقات ئېلىپ باردىم. بۇ جەھەتتىكى
تەتقىقاتىمنى ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن. بۇ
جەرياندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللى-
رى بولغان زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىدىن تارتىپ
قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر ھېكايىلىرىگە قە-
دەر، مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراشلاردىن
تارتىپ ئەختەم ئۆمەرگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن
ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى ئو-
قۇپ، ئۇنىڭدىن بىمالال لەززەتلىنىپ كەلگەنىدىم.
شۇ قاتاردا تىيىپجان ئېلىيوپ ھېكايىلىرىمۇ ماڭا
يېقىملىق لەززەت، ئۇنتۇلماس تەسىر بېغىشلىدى.
مەلۇمكى، تىيىپجان ئېلىيوپ ھېكايىلەنى ئاز ياز-
سىمۇ، ساز، تەملىك، سۈپەتلىك يېزىپ، ئوقۇر-
مەنلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئې-
رىشتى. شۇڭا تىيىپجان ئېلىيوپنى تالانتلىق شا-
ئىر دەپ ئاتاش بىلەن بىرگە، يەنە تالانتلىق يازغۇ-
چى دەپ ئاتاشقىمۇ ھەقلىقمىز، ھەرقانداق يازغۇ-
چىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە «ئۈچتە
باي، ئىككىدە يېتىلگەن بولۇش» تەلەپ قىلىنى-
دۇ. «ئۈچتە باي بولۇش» تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا
باي بولۇش، خەلق تىلىغا باي بولۇش، ئىجادىيەت
تەجرىبىلىرىگە باي بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. «ئىك-
كىدە يېتىلگەن بولۇش» بىلىمدە ئەتراپلىق يېتىل-
گەن بولۇش، ئىپادىلەش ئىقتىدارىدا ئۇنىۋېرسال
يېتىلگەن بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. بىر يازغۇچى ياز-
غۇچىلىق ئۆلچىمىگە يەتكەندىلا، ئۇ مۇقەررەركى
ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ھەرقانداق تەلەپنىڭ ھۆددىسى-
دىن چىقالايدۇ، ھەرقانداق ئېغىر سىناقلارغا بەر-
داشلىق بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەدەبىي
ئىجادىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىگە قەدەم قويۇشقا
جۈرئەت قىلالايدۇ. تىيىپجان ئېلىيوپ ئەنە شۇنداق
ئىجادكارلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا بۇ تالا-
نتلىق تۆھپىكار يارانقان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق-
لار خەزىنىسىدە، ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان
شەكلى، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە
بولغان ئېسىل گۆھەرلەرنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى
كۆرمەكتىمىز (شائىرنىڭ زىيارەت خاتىرىلىرى،
ساياھەت خاتىرىلىرى، ئەسلىمىلىرى بۇنىڭ سىرى-
تىدا).

2

«بىر تۈينىڭ تارىخى» — ئۇيغۇر ھېكايىچى-
لىقىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ھې-
كايىلەردىن بىرى. تىيىپجان ئېلىيوپ بۇ ھېكايىنى
50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يازغان. بۇ ھېكايە
بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ
دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىدە
خېلى سالماق ئورۇنغا ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.
ھېكايىدە بىر جۈپ ساددا دېھقان قىز - يىگىتنىڭ
مۇھەببەتلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ شېرىن ئارزۇلىرى-
نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قاتتىق بېسىم، ئې-
غىر توسالغۇلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق،
ئاخىرى توي قىلىشقانلىقىدەك ۋەقە تەسۋىرلىنىدۇ.
ئەسەردىكى زىددىيەت - تۇقۇنۇشلارنىڭ كەسكىنلى-
كىگە، ئۆزگىرىشچانلىقىغا، ئەسەر قۇرۇلمىسى-
نىڭ سىجىللىقىغا، تەپسىلاتلار تەسۋىرلىرىنىڭ
سىستېمىلىقىغا، ئىشلىتىلگەن ئۆتكۈر، ئوبرازلىق
تىل ئورامىلىرىغا قارىغاندا يازغۇچىنىڭ خېلى كۆپ
ئىزدەنگەنلىكى، بەدىئىي ماھارەت قۇدرىتىگە تايى-
نىپ، زېھنىي قۇۋۋىتىنى ھەر تەرەپلىمە سەرپ
قىلغانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھېكايە
سيۇژىتى تۈز لىنىيە بايانى بىلەن راۋاجلاندۇرۇل-
غان. سيۇژىت لىنىيىسى يېزىلىق ئىككى ياشنىڭ
زىددىيەتلىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرى ۋە قىزى-
قارلىق مۇھەببەت ۋەقەلىرى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

«بىر تۈينىڭ تارىخى» نىڭ ئاساسلىق پېرسو-
ناژلىرى زەينەپ بىلەن تۇرسۇن، ئۇلار ئوتتۇرىسى-
دا پاك مۇھەببەت مۇناسىۋىتى بار. ئۇلارنىڭ پاك
قەلبىدىن پارتلىغان، سۈزۈك سۆيگۈ رىشتى بىلەن
تۇتاشقان مۇناسىۋىتىگە سۇمۇ كىرمەيدىغان، شامال-
مۇ ئۆتمەيدىغان دەرىجىدىكى پاك مۇھەببەت يالقۇنى
ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا بىر - بىرىگە باغلىغان.

ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئادەمىيلىك ماھىيىتىگە ئىگە، پاك دىيانەتلىك ئاشىق - مەشۇقلار، ئۇلار ۋىجدانلىق، بىر - بىرىگە سادىق، ئۈمىدۋار، جاسارەتلىك، پەزىلەتلىك يېزا ياشلىرى ئىدى. تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ ھېكايىدە مەدھىيىلىگىنى پاك ۋە گۈزەل ئىشقى - مۇھەببەت كۈيلىرى، ئەيىبلىگىنى ئىشقى - مۇھەببەتنىڭ رەزىل كۈشەندىلىرى، لېكىن ھېكايىدە مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك يەككە - يېگانە تەسۋىرلەنمەيدۇ، بەلكى دەۋرگە، جەمئىيەتكە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىلىرىگە باغلاپ تەسۋىرلىنىدۇ.

پاك مۇھەببەتنىڭ كۈچى تەڭداشسىز، بىراق، مۇھەببەت يولىمۇ تۈز بولمايدۇ. مۇھەببەت يولىدىمۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش - ئۇلىنىشمۇ بولىدۇ. بۇزۇلۇش - تۈزۈلۈشمۇ بولىدۇ. سۈركىلىپ ئاجىزلىشىش - چىڭىشىشمۇ بولىدۇ. زاۋاللىققا يۈزلىنىشمۇ، گۈللىنىشمۇ بولىدۇ.

بىز مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقان «بىر توينىڭ تارىخى» ناملىق بۇ ھېكايىدە زەينەپ بىلەن تۇرسۇن ئوتتۇرىسىدىكى پاك مۇھەببەت يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن مەدھىيىلەنگەن. زەينەپ بىلەن تۇرسۇن ئوتتۇرىسىدا دەسلەپتە ياكى ئۇنداق ياكى بۇنداق سۈركىلىشلەرمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق، بۇ خىل سۈركىلىش، بۇ خىل زىددىيەتلەر ئۇلارنىڭ ئىشقى مۇھەببەت رىشتىسىنى بوشىتىش، ئىرادىلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئۈمىد يىپلىرىنى ئۈزۈپ، روھىي كەيپىياتلىرىنى سۇسلاشتۇرۇش ئەمەس، ئەكسىچە تېخىمۇ چىڭىتىش، دۇچ كېلىدىغان ھەرقانداق بوران - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىش، مۇھەببەت كۈشەندىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، جاسارەت - ئىشەنچلىرىنى ئاشۇرۇش جەھەتلەردە تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

يازغۇچى، ئىككى ياشنىڭ نازۇك ئىشقى - مۇھەببەت سىرلىرىنى، پاك مۇھەببەتنى قوغداش، روناق تاپقۇزۇش كۈرەشلىرىنى، ئىشقى - مۇھەببەت مەنتىقىسى، مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى قانۇنىيتى بويىچە يارقىن، لىرىك يورۇتۇپ بەرگەن.

تىيىپجان ئېلىيوپنىڭ جۇشقۇن ياشلىق دەۋرىدە يازغان ياخشى ھېكايىسى «بىر توينىڭ تارىخى» — ئەمگەكچان، جاسارەتلىك دېھقان قىز - يىگىتلىرىنىڭ تېپىك ۋەكىلى سۈپىتىدە تاللاپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان زەينەپ بىلەن تۇرسۇننىڭ چىن، پاك مۇھەببەت تارىخىدىن ئىبارەت. شۇنداقلا بۇ بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ ساپ مۇھەببەت يولىدا ئۆز ۋىجدانلىرىنى نامايەندە قىلىش تارىخىدىن ئىبارەت. يازغۇچى «بىر توينىڭ تارىخى» دا زەينەپ بىلەن تۇرسۇننىڭ ئىشقى - مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىگە ئائىت تەپسىلاتلارنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە، يەنە بۇ تەپسىلاتلارغا بىرلەشتۈرۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى يېزا كىشىلىرىنىڭ ئىدىيىسىدىكى كونىلىق بىلەن يېڭىلىق، ھەق بىلەن ناھەق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشلەرگە بېرىپ تاقىلىدىغان ۋەقە - تەپسىلاتلارنىمۇ مەقسەتلىك تەسۋىرلىگەن. ئېنىقكى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ يادروسىغا قويۇلۇپ تەسۋىرلىنىدىغان نەرسە — ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى، خاراكتېرى، ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئىنكاسلىرىدىن ئىبارەت. يازغۇچى ھېكايىدە يالغۇز ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەش بىلەنلا ئىشنى بولدى قىلىۋەتمەيدۇ. بەلكى مەدھىيىلەش بىلەن ئاشكارىلاپ تەنقىدلەشنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئەسلى ھېكايىدە نۇقتىلىق بايان قىلىنغان بىر توينىڭ تارىخى، تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى دەۋر رېئاللىقىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىككى ياشنىڭ ئىشقى - مۇھەببەت تارىخى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بۇ مۇھەببەت تارىخىنىڭ بېشى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن كونا دەۋردە باشلىنىپ، ئاخىرى ئىستىقباللىق يېڭى دەۋردە ئاخىرلىشىدۇ. ئاپتور بۇ جەرياندا قاتمۇ - قات توسالغۇلارغا يولۇققان پاك سۆيگۈ مۇھەببەت ئىگىلىرىنىڭ ھەققانىي كۈرەشلىرىنى مەدھىيىلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ رەزىل، ھىيلىگەر كۈشەندىلىرىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، قاتتىق سۆككىدۇ.

ئەلۋەتتە مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك شارائىتتا

پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن كۆرەشنى
توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى بىر
پارچە ھېكايىگە سىغدۇرۇپ ئىپادىلەپ بېرىش —
يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇشكۈل
بىر ئىش. ئەنە شۇ زىددىيەتنىڭ دەسلەپكى باشلى-
نىشىغا سەۋەبچى بولغان شەخس ھامۇت ھاجى،
ئىجتىمائىي مۇھىتنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان مۇد-
ھىش كونا جەمئىيەتتىكى فېئودال بايلارنىڭ ۋەكى-
لى. ئۇ، ئورنىدىن، بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزى-
دىن نەچچە ئون ياش كىچىك، ھەتتا نەۋرىسىدەك
كېلىدىغان گۈزەل، ياش قىز زەينەپنى ئەمرىگە
ئالماقچى بولىدۇ. ئەخلاقسىزلىقتا ئۇچىغا چىققان
بۇ نومۇسسىز باي دېھقان پۇلىنىڭ كۈچىگە تايى-
نىپ، زەينەپنى تۇرسۇندىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن،
ئالدى بىلەن خۇراپىيلىق ئىدىيىسى كۈچلۈك ئايال
— زەينەپنىڭ ئانىسى رابىيخاننى قولغا كەلتۈرىۋا-
لىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىزى زەينەپنى مەجبۇرىي
ھالدا كەمبەغەل تۇرسۇندىن قاچۇرۇپ، پۇلدار ھا-
مۇت ھاجىغا ياتلىق قىلماقچى بولىدۇ، بىراق ئۇ-
زۇن ئۆتمەي كونا جەمئىيەت ئاغدۇرۇلۇپ، ئورنىغا
يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ھامۇت ھاجى مەقسىتى-
گە يېتەلمەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زەينەپ بىلەن
تۇرسۇننىڭ مۇھەببەت تارىخى ئىككىنچى دەۋرگە
قەدەم قويىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونا جەمئىيەتتە
كونا مەكتەپتە ئوقۇپ، راۋاج تاپالمىغان بۇ ئىككى
ياش يېڭى جەمئىيەتتە يېڭى مەكتەپكە ئوقۇشقا كى-
رىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ بىلىم سەۋىيىسىگە ئېرى-
شىدۇ. بىراق ئۇلار كونا جەمئىيەتتىكى فېئودال
كۈچلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش بىلەنلا يوللىرى
ئېچىلىپ، ئىشلىرى راۋاجلىنىشىپ كەتمەيدۇ، يەنە
كېلىپ، يېڭى جەمئىيەتتىكى يېڭى كۆشەندىگە دۇچ
كېلىپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ.

يېڭى دەۋردە زەينەپ بىلەن تۇرسۇننىڭ مۇ-
ھەببەت يولىغا پۇتلىكاشاڭ بولغۇچى ئاپەت ئۆزلى-
رىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق
شاۋۇدۇن ئەپەندىدىن كېلىدۇ. مەكتەپكە كېلىپ
دەسلەپتىلا ئۇنى قىزىقتۇرغان نەرسە 4 - سىنىپتا
ئوقۇۋاتقان زەينەپ ئىدى. بويىغا يېتىپ قالغان بۇ
چىرايلىق، ئوماق قىز، بىر كۆرۈش بىلەنلا شاۋۇ-
دۇنغا يېقىپ قالىدۇ. «يۈرەككە چۈشكەن ئوتنى
قانداقلا بولمىسۇن بېسىش» ئۈچۈن، ئالدىن بىر
ئامال تېپىپ «ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يامانلاقلىق تۇر-
غان خوتۇنى بىلەن ئىككى ياشلىق ئوغلى» نى بۇ-
رۇنراق «يولغا سېلىپ، زەينەپنى قولغا كىرگۈ-
زۈشنىڭ كويىغا» چۈشۈپ، ھىيلە - مىكىرلىك
ئۇسۇللارنى ئىزدەيدۇ. ئاخىرى خوتۇنىنىڭ خېتى-
نى بىرنۇېتىدۇ، ئاندىن رابىيخاننى گەپكە كىرگۈ-
زۈپ، زەينەپنى تۇرسۇندىن رايىنى ياندۇرۇۋېتىش-
نىڭ ئامالىنى قىلىپ باقىدۇ. بىراق، ئۇ ھەرقانچە
كۈچەپ، ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ كۆرگەن
بولسىمۇ، ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئەكس نەتىجە
چىقىپ ئاخىرقى ھېسابتا تومشۇقى تاشقا تېگىدۇ.
زەينەپ بىلەن تۇرسۇندىن ئىبارەت بىر - بىرىگە
ساداقەتمەن ئىككى ياشنىڭ تىرىشچانلىقى، ئۈمىد-
ۋارلىقى، ئۆزلىرىنىڭ پاك - سۆيگۈ مۇھەببەتلىرى-
نى قوغداش يولىدىكى كۈرەشلىرى دەۋرنىڭ مەد-
ھىيىلىشىگە، يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئا-
لاھىدە قوللىشىغا ۋە ياردەم بېرىشىگە ئېرىشىدۇ.

ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق نامىنى بۇلغاپ، ئىنى-
سانىي پەزىلەتتىن ئايرىلىپ، ۋىجدانسىزلىق قى-
لىپ، بەختلىك ئائىلىسىنى ۋەيران قىلغان، باش-
قىلارنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا
ئۇرۇنغان شاۋۇدۇن ئەپەندىنىڭ چاۋىسى چىتقا يېيى-
لىپ، رەزىل ئەپتى - بەشىرىسى خەلقى - ئالەم
ئالدىدا پاش بولىدۇ. پاك، ساغلام، ھەقىقىي مەنى-
سى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىشق - مۇ-
ھەببەت پۇل ئۈستىدىن، زۇلۇم ئۈستىدىن، پەس-
كەشلىك ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ. ئومۇمەن گۈ-
زەللىك رەزىللىكنى مەغلۇپ قىلىدۇ.

پەلسەپىۋى تىل بىلەن ئېيتقاندا، چىنلىق
ساختىلىق ئۈستىدىن، گۈزەللىك رەزىللىك ئۈس-
تىدىن غەلىبە قىلىدۇ. دېمەك، «بىر تويىنىڭ تا-
رىخى» «تاھىر - زۆھرە» دەك رىۋايەت تۈسى قو-
يۇق بولغان گۈزەل ھېكايە.

ئومۇمەن، سىنىپىي ئورنى بىلەن سىنىپىي
خاراكتېرى، سىياسىي پوزىتسىيىسى، قىممەت قا-
رىشى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەي-
لىدىن، جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زىددىيەت، توقۇنۇش، كۆرەش يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل رېئاللىق ئەدەبىياتتىكى كونفىلكتىنىڭ كېلىش مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. توقۇنۇش ئۇلارنىڭ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن «بىر تويىنىڭ تارىخى» ناملىق ھېكايىدىكى پېرسوناژلار ئومۇمەن، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىككى خىل سىنىپقا، ئىككى خىل سىياسىي پوزىتسىيىگە، ئىككى خىل قىممەت قارىشىغا ئىگە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش تارىخىدىن ئىبارەت.

3

تىيىپجان ئېلىيوپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەسەل شەكلىدە يېڭى ئەسەرلەرنى، يەنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن زامانىۋى بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلگەن سترولۇق بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يازغان ئۆزگىچە ئۇسلۇب، يېڭى شەكىلدىكى ھېكايىلەرنى ياراتتى. تىيىپجان ئېلىيوپ ئەسلىدە ھەم لىرىك ھەم يۇمۇرىستىك شائىر بولغاچقا، مەيلى ھېكايىلىرىدە بولسۇن، مەيلى مەسەل شەكىللىك باشقا ئەسەرلىرىدە بولسۇن يېقىملىق تىللارنىمۇ، يېڭىسار پىچىقىدەك ئۆتكۈر، يۇمۇرىستىك ئاچچىق، ھەجۋى تىللارنىمۇ ئىشلەتكەن.

تىيىپجان ئېلىيوپ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى نوپۇزلۇق ئەدەبىي ژۇرنال «تارىم» نىڭ سانلىرىدا ئېلان قىلغان «ئەينەك» سەھىپىسى ئاستىدىكى ھېكايىلىرى ئەنە شۇ قەلەمنىڭ مەھسۇلى. مەزمۇنى دىداكتىك، شەكلى جەھەتتىن يۇمۇرلۇق بولغان بۇ قىسقا ھېكايىلەر، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ بۇ خىل سترولۇق شەكىلدىكى ھېكايىلىرى شائىرنىڭ 80 - يىللاردا سالامەتلىكىنىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئاز يېزىلىپ قالدى. مۇبادا بۇ تالانت ئىگىسى ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرگەن بولسا، ئۇلۇغ، سەنئەت سۆيەر خەلقىگە يەنە كۆپلىگەن ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ بەرگەن بولاتتى. تىيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەينەك دېسە ئەينەك دېگۈچىلىكى بار بولغان يۇمۇرىستىك، قىسقا ھېكايىلىرى ھېلىھەم ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. بۇلار: «ئادىل ھەم دادىل ۋەزىر»، «كۆڭلى ئالىنىڭ قازىنى تۆشۈك»، «غەيۋەتخورلۇق — شەرمەندەكېسەل»، «يالغان ماختاشمۇ — بىر خىل تۆھمەت»، «سوپى بولۇۋالغان ئادەم»، «ھۇشياروپ» قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئىبارەت. بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ئۆزگىچىلىكلىرى بار، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەكس ئەتتۈرگىنى تۇرمۇش رېئاللىقى، تۇرمۇش چىنلىقى ھەم قاراتمىلىقى كۈچلۈك ئادەم ۋە ئىشلاردىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇمۇرلۇق، ۋەقەلىكى ئاددىي بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى تېزلا ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ.

«ئادىل ۋە دادىل ۋەزىر» — ۋەقە قۇرۇلمىسى، بايان قىلىنىش ئۇسۇلى، شەكلى مەسەلگە ئوخشايدىغان، ھەم مەسەل دەپ چۈشەنسىمۇ بولىدىغان قىسقا ھېكايە. بەگكە ئوخشاش پارىخور، ئاچكۆز، يۇقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان رەزىل ئەمەلدارلار ھازىرقى رېئال تۇرمۇشىمىزدا تېپىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئادىل ۋە دادىل ۋەزىر» دە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقەلىك، تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى رېئال تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت ئىشلار، بار ئادەملەر. شۇڭا بۇ ئەسەردە ئىپادىلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇملاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈش يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەدىئىي چىنلىق ئىكەنلىكىدە مەسىلە يوق.

ئاساسلىق پېرسوناژ — پادىشاھنىڭ ئادەتتىكى ۋەزىرى ئەخمەت، ئۇنىڭ ئوردىدىكى ئورنى تۆۋەن، لېكىن پەزىلەتتە، ساغلاملىقتا ھەممىدىن يۇقىرى، خىزمەتتە ئادىل، پىكىر قىلىشتا دادىل شەخس. «ئادىل ۋە دادىل ۋەزىر» ۋەقەلىكى كەسكىن ئېلىشىش مۇھىتى ئىچىدە دولقۇنسىمان راۋاجلاندۇرۇلغان. زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى ئەخمەت بىلەن بەگنىڭ ئۈستىگە مەركەزلىشىدۇ. بۇ ئىككى شەخس بىر - بىرى بىلەن تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل تىپتىكى ئادەملەرنىڭ ۋەكىلى. دىيانەتلىك ئادىل ۋەزىر ئەخمەت، پادىشاھ جەمەتىدىن

بولغان نەپسى يامان، پارىخور بەگنىڭ پۇقرالارغا ھەددىدىن تاشقىرى زۇلۇم سالغان ئېغىر جىنايىتى ئۈچۈن ئۇنى مەنسىپىدىن قالدۇرۇپ، زىندانغا تاشلاش، ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرىسىدا پادىشاھقا تەكلىپ بېرىدۇ. بىراق «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك » دېگەندەك، بەگ سوغا تەقدىم قىلىش يولى بىلەن باش ۋەزىرنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، ئەخمەتكە بەدنام چاپلاپ ئۇنى زىندانغا تاشلاتقۇزۇۋېتىدۇ. لېكىن ھەقىقەت ئىگىلىدۇ، سۇنمايدۇ. ئەخمەت پاكىت - دەلىل كۆرسىتىش، ھەقىقىي ئەھۋاللارنى سۆزلەش ئارقىلىق پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاپ، باش ۋەزىرنى مات قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باش ۋەزىر ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ. پادىشاھ باش ۋەزىرنى جازالايدۇ. ئادىللىقتا چىڭ تۇرۇپ، دادىللىق بىلەن پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىغان ئەخمەتنى مۇكاپاتلايدۇ. بۇ يەردە يازغۇچى بۇ ئەسەر ئارقىلىق، كىمكى خەلق تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدىيالىسا، ھەقىقەت شۇنىڭ قولىدا بولىدۇ. كىمكى پۇقرالارنىڭ دەردىگە يېتەلىسە، پۇقرالانى قوغداش يولىدا كۆرەش قىلالىسا، ئادىللىق، باتۇرلۇق شۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ.

تىيىپجان ئېلىيوپنىڭ ھېكايىلىرى نېمە ئۈچۈن كىتابخانلارنى شۇنچىۋالا ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ؟ ئۇنىڭدىكى سېھرىي كۈچ نەدە؟! بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋابنى تۆۋەندىكى ئۈچ جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بىرىنچى، تىيىپجان ئېلىيوپنىڭ قىسقا ھېكايىلىرىنىڭ كەڭ كىتابخانلارغا تەربىيە بېرىش، ئېستېتىك تۇيغۇ ئاتا قىلىش جەھەتتىكى سەنئەت كۈچى يۇقىرى. ئىككىنچى، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، رېئال تۇرمۇشقا نىسبەتەن پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى. ئۈچىنچى، تىيىپجان ئېلىيوپ ھېكايىلىرىنىڭ تىلى يۇمۇرىستىك، ئۆتكۈر، قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، رەزىل، ناچار ئىللەتلەرنى تازىلاشتا دەرھال ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، كىشىلەر قەلبىگە، جەمئىيەتكە نىسبەتەن تەسىر كۆرسىتىش رولى زور. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن رازى بولغان خەلق تىيىپجاننى پوئېزىيەدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى، ھېكايىچىلىقتىمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى دەپ تەرىپلىشىدۇ.

سۆيۈملۈك خەلقى بىلەن تەقدىرداش، ش ئۇ ئا ردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ ئابىدىسىنى تىكلىگەن پاراسەتلىك شائىر كېيىنكى مەزگىللەردە قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھېكايە شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئىپلاس - شەرمەندە ئىللەتلەرنى ئاچچىق پوئېزىيە تىلى بىلەن سۆكتى، بۇنىڭغا «غەيۋەتخورلۇق — شەرمەندە كېسەل» ناملىق ئەسەر ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە ئايرىم كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرىتكەن، ئاشۇ غەيۋەتخورلۇقتىن ئىبارەت كېسەللىكنىڭ مىكروبى كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلەرنى راسا پاش قىلىدۇ، قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى بىر ئائىلىدىكى ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئېلىنغان.

ئەر، كىيىمنىڭ ھەممە تۈرىنى ئۆزى پىچىپ تىكەلەيدىغان، تەڭدىشى يوق تىككۈچى. ئايال بولسا غەيۋەتخورلۇقتا خەلقى ئالەمگە سېسىق نامى پۇر كەتكەن شەخس. يازغۇچى بۇ ئەسىرىدە «ھۈنەر» بىلەن «غەيۋەت» نى روشەن سېلىشتۇرما قىلغان. شۇنىڭدەك، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ نەتىجىسىنىمۇ ئېنىق كۆرسەتكەن. ئالايلۇق، ئۇستام ئۆزىنىڭ كىيىم تىكىش جەھەتتىكى باشقىلاردىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدىغان ھۈنىرى بىلەن خېرىدارلارنى ئۆزىگە شۇنچىلىك جەلپ قىلىدۇ، بىراق، غەيۋەتخورلۇقتا داڭقى چىققان خوتۇنى بولسا، كىيىم تىككۈزۈش ئۈچۈن يىراق - يېقىندىن كەلگەن خېرىدارلارنىڭ ئالدى - كەينىدە قالايمىقان گەپ قىلىپ، پىتنە - ئىغۋالار تارقىتىپ ئۇلارنى قاچۇرىدۇ. ھەتتا ئۇ يەرگە كەلمەس قىلىۋېتىدۇ.

بۇ ئەسەردە، يازغۇچى تاللاپ تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش دىتالى قارىماققا ئاددىي بولسىمۇ، ماھىيەتتە مۇرەككەپ ۋە ماھىيەتلىك. يازغۇچى بىر ئائىلىدە يۈز بەرگەن زىددىيەت ئارقىلىق غەيۋەتخورلۇقنىڭ، قالتىس بازىرى ھەم كۆپ خېرىدارى بولغان ھۈنەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىدەك تى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىك، بەدىئىي پاكىت دىتال تەسۋىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، كىشىلەرنى چۆچۈتىدىغان بۇ خىل مەرەزنىڭ ئەڭ رەزىل، ئەڭ شەرمەندە كېسەل ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

يېزىلىش ئۆزگىچىلىكى جەھەتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھېكايىدە بايان بىلەن مۇلاھىزە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ مەسىلە ئەسەرنىڭ «غەيۋەتخورلۇق ـ شەرمەندە كېسەل» دەپ قويۇلغان ماۋزۇسىدىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا كىتابخانلار ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنى كۆرۈش بىلەنلا، ئۇنى مۇھاكىمە ياكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسىمىكىن دېگەن تونۇشقا كېلىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، بۇ ماۋزۇ ئاستىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر ئائىلىدىكى ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئوخشاش بىرەر ۋەقەلىكنى تېپىپ بايان خاراكتېرلىك ھېكايىنى يېزىشقىمۇ بولىدۇ ياكى ئۇنى رېئال پاكىتقا ئايلاندۇرۇپ، غەيۋەتخورلۇقنىڭ زىيىنىنى كۆرسىتىپ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە يازسىمۇ، چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە يازسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەمما، بۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلىكى، ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى جەھەتلەردىن قارىغاندا، تىيىپجان ئېلىيوپنىڭ ھېكايىسىنىڭ تەسىرى، ئۈنۈمى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. مانا بۇ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تىيىپجان ئېلىيوپنىڭ ھېكايىلىرى دەۋر تەلىپىگە ئاساسەن تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزمۇنلۇق، قىسقا، ھېكمەتلىك ۋە قىزىقارلىق، غايىۋىلىك ۋە كەڭلىك دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىمۇ، بۇ يازغۇچىنىڭ ھېكايىچىلىقتىكى مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. تېز ئىنكاس قايتۇرۇش — ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە تەسىرگە، ئىخچاملىق ۋە قىسقىلىق — ئەسەر تۈزۈلمىسىنىڭ پۇختىلىقىغا، ھېكمەتلىك — پىكىر ۋە تىلىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا، كەڭلىك — تەسەۋۋۇرىنىڭ كۈچلۈكلىكىگە قارىتىلغان.

4

تىيىپجان ئېلىيوپنىڭ بەدىئىي تېخنىكىسى ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئۈلگە بولالايدۇ، «كۆڭلى ئالىنىڭ قازىنى تۆشۈك» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىتابخان: «راست گەپ قىپتۇ، بولغان ئىشنىڭ دەل ئۆزىنى يېزىپتۇ. ئەلۋەتتە كۆڭلى ئالىنىڭ، نىيىتى قارا، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتى دەل شۇنداق بولىدۇ» دېيىشمەي قالمايدۇ. قەلەم سەنئىتى بىلەن كامالەت تاپقان، قەلەم مېۋىلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان، قەلەم قۇدرىتى بىلەن مەڭگۈ بايلىقنىڭ ئالتۇن كانىنى ئاچقان تىيىپجان ئېلىيوپ خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلانغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەرگە ماس كېلىدىغان باغلىنىشى زىچ، مەنتىقىلىقى كۈچلۈك ۋەقەلەر بايانىنى، كونكرېت پېرسوناژلار خاراكتېرى تەسۋىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا باغلىنىشچانلىقىغا، مەنتىقىلىقىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، ھەر قانداق بىر ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى بىرەر شېئىرىي ھېكمەت بىلەن تاماملايدۇ. بۇ، تىيىپجان ئېلىيوپنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى بىر خىل بەدىئىي ئۆزگىچىلىكى. ھەربىر ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى بۇ خىل شېئىرىي تىلدا مۇجەسسەملەنگەن خۇلاسىنى، تىيىپجان ئېلىيوپنىڭ ھېكمەتلىرى دېسەكمۇ بولىدۇ.

«كۆڭلى ئالىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېيىلگەن بۇ دانا سۆز خەلق ئاممىسى ياراتقان ھەقىقەت، تىيىپجان ئېلىيوپ ئۇنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە، ئۇنى ئوبرازلاشتۇردى، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ بېيىتتى.

پسىخولوگىيە ۋە مائارىپشۇناسلىق ئىلمى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىر شەخسنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە پۈتكۈل ھاياتىنىڭ قانداق بولۇشى — بىر تەرىپى ئىرسىيەتلىك ئامىللارغا، بىر تەرىپى ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىتنىڭ تەسىرىگە، شۇنداقلا قانداق تەربىيىلىنىشىگە باغلىق بولىدۇ.

«كۆڭلى ئالىنىڭ قازىنى تۆشۈك» ناملىق ھېكايىدە مۇنداق بىر ھېكمەتلىك ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان دادا بىر، ئانا بىر ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئىككىسى ئاتا يولىنى تۇتۇپ، قولى گۈل ھۈنەرۋەنلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقى-

دۇ. يەنە بىرسى (چوڭى) كىچىكىدىن تارتىپ
ئەركە ئۆسكەچكە، بىرەر ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىد-
نىپ ئەمگەك قىلىشنى خالىمايدىغان، تەييارغا
ھەييار ئاقىنانچى بولۇپ قالىدۇ. يازغۇچى، بۇ بىر
تۇغقانلارنى ئەمگەكچانلىق روھىنىڭ بار - يوقلۇقى-
غا، نىيەتلىرىنىڭ ئاق ياكى قارىلىقىغا قاراپ ئىك-
كى خىل تىپقا بۆلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆڭلى ئالا،
قازىنى تۆشۈك ئاقىنانچىنى ئىككى ئىنىسىنىڭ قارد-
مۇ قارشى تەرىپىگە قويۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق،
ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئىنسان خاراكتېرىنىڭ يېتى-
لىشىدىكى تەسىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
ھېكايىدە تەسۋىرلىنىشچە، ئاقىنانچى چوڭ ئو-
غۇل خېلى مەزگىلگىچە ئەمگەكچان ئىككى ئىنىسى-
نىڭ تاپقانلىرىنى يەپ - ئىچىپ، ئۇنىمۇ بىر يەرگە
ئاپىرىپ قويىدۇ. ئەندى ھۈنەرۋەن دادىسىدىن قال-
غان مال - مۈلۈكنى ئۆزى يالغۇز بېسىپ قېلىش
نىيىتىگە كېلىپ، پارا بېرىپ قازىنى ئۆزىگە قارد-
تىۋالىدۇ. ئاندىن «مېنىڭ ئىككى قېرىندىشىم
سىلىنى پارىخور دەپ ئىغۋا تارقىتىپ، شەرىئەتنى
قارىلاۋاتىدۇ» دەپ تۆھمەت قىلىپ، ئىككى ئىنى-
سىنى زىندانغا تاشلاتقۇزۇۋېتىدۇ. «يېتىپ يىسە،
تاغمۇ توشۇمايدۇ» دېگەندەك، چوڭ ئوغۇل دادىسى-
دىن قالغان ۋەجىلەرنىمۇ يەپ تۈگىتىدۇ.
قانداق قىلىش كېرەك؟ پۇلنى نەدىن تېپىش
كېرەك؟ مانا بۇ تىرىكچىلىك غېمى، ئاخىرى ئاق-
نانچى چوڭ ئوغۇلنى ئامال قىلىپ، ئىككى ئىنى-
سىنى زىنداندىن ئېلىپ چىقىش قارارىغا كەلتۈرد-
دۇ. نەتىجىدە، ئۇ، زىندانغا تاشلانغان ئىككى ئى-
نىسىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قى-
لىپ، قازىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. قازى ئۇنىڭ تەلى-
پىنى ماقۇل كۆرىدۇ، بىراق، ئۇنىڭغا يۇقىرى
تەلەپ قويۇپ، ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەيدۇ. ۋەزىپىنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ئاقىنانچى: «سىلىدە ئىن-
ساپ يوق ئىكەن، ئادالەتلىرىنى ئايىدىلا» دەپ قا-
زىدىن نارازى بولىدۇ. قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن
قازى: «ئادالەت دېگەن مانا» دەپ قەستەن قارا
چاپلاپ، قامىتىۋەتكەن ئىككى ئىنىسىنى شۇ زامان
زىنداندىن بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئاقىنانچى-
نىڭ ئۆزىنى قامىتىۋېتىدۇ، يازغۇچى بۇ ھېكايى-
سىنى تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىش
ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق تىپىك ماتېرىيالنى باشقا يەر-
دىن ئەمەس، دەل بىر قوساقتىن چىققان قېرىندا-
داشلار ئىچىدىن تېپىپ «كۆڭلى ئالىنىڭ قازىنى
تۆشۈك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىڭ قۇدرىتىنى
كۆرسەتتى.
ۋەقە - ھادىسە ئۆزگىرىشىنىڭ تاشقى ھالىتى
بىلەن شۇ ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلغان ئىچكى دۇنيا
ماھىيىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەش —
تىيىپجان ئېلىيوپ ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھى-
دىلىكى. تىيىپجان ئېلىيوپ كىشىلەرنىڭ تەسادد-
پىي يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن
ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان ھالىتىنى ئەمەس، بەلكى،
بۇ ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەب بولغان پېرسوناژنىڭ
سۆزى بىلەن ئىچكى دۇنياسىنىڭ ھەقىقىي ماھىيى-
تىنى ئاشكارىلاشقا ماھىر ئىجادكار. مەلۇمكى،
ئەدەبىياتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ يادرو-
سىنى يەنىلا ئادەم ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئە-
سەرلەردە ئاساسەن ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ھايات پائا-
لىيەتلىرى، ئىچكى، تاشقى دۇنياسىدىكى ئالامەت-
لىرى ۋە نازۇك پسىخىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى
ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.
شائىرنىڭ ھېكايىلىرىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەر
ئۇنىڭ «سوپى بولۇۋالغان ئادەم» ناملىق ھېكايى-
سىدە گەۋدىلىنىدۇ. چۈنكى، شائىر «سوپى بولۇ-
ۋالغان ئادەم» ناملىق ھېكايىسىدە، بەزى كىشىلەر-
نىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت بولغان يەنە بىر رەزىللىك-
نى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقىۋالغان ھەم بۇ خىل
مەرەز مىكروبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىنچىكىلىك
بىلەن ئېنىقلىغان ۋە بۇ مەرەزلىك ماھىرلىق بىلەن
ئېچىپ بېرىلگەن. ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن پېرسو-
ناژ — ساۋۇت زامان، ماكان شارائىتىدىكى ئۆزگى-
رىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە ئۇيغۇنلىشىپ، رەزىل
ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئۆت-
كەلدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن،
خاراكتېرىدە ئۈچ قېتىم ئۆزگىرىش ھاسىل قىلى-
دۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشنى يازغۇچى ئەسەردە بەكمۇ
يىغىنچاق، سىستېمىلىق، رېتىملىق بايان قىلى-
دۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ساختىلىق، ئىسيان-
كارلىق، سوپىلىقتىن تەركىب تاپقان بۇ خىل باس-
قۇچلاردا ساۋۇت ئۈچ تۈرلۈك قىياپەت بىلەن ئوتى-
تۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ دەسلەپتە ساختىپەزلىك، ئال-
دامچىلىق ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، باشقىلارنى زار -
زار قاقشىتىدۇ. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقى-
لابى» مەزگىلىدە، ھىيلىگەر ساۋۇت شۇ زامان
باشقىچە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىلىكىگە
«قىزىل قوغدىغۇچىلار» بەلگىسىنى تاقاپ، «ئىس-
يانچى» لار قاتارىغا ئۆتۈپ جاھانغا پاتماي قالىدۇ.
ئۇ ھۆكۈم سۈرۈپ يۈرگەن بۇ دەۋردە، نۇرغۇن
كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. لېكىن زامان

www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىدۇ. ساۋۇت قانداق قىلىشى كېرەك؟! ئۇمۇ ئۆزگىرىشى كېرەك. يەنە كېلىپ ئۆزگىچە رەڭدە ئۆزگىرىشى كېرەك. ساۋۇت ئايلىنىپ يۇرۇپ مەسجىدكە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاغزىدىن ئىمانى، قولىدىن قۇرئانى چۈشمەيدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان سوپى بولىۋالدى. بىراق، ساۋۇتنىڭ ھىيلىسى داۋاملىشىۋەرمەيدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا ئەپتى - بەشىرىسى خەلقى ئالەم ئالدىدا پاش بولۇپ، رەسۋايى ئەزەم بولىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ساۋۇت رېئال تۇرمۇشتىكى رەزىل، قارا نىيەت ئادەملەرنىڭ ۋەكىلىدىن ئىبارەت. شائىر، بۇ ئوبرازنى يارىتىشتا ئۇنىڭ تاشقى ھالەت ئۆزگىرىشلىرى بىلەن رەزىل ئىچكى دۇنياسىنىڭ ماھىيىتىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تەسۋىرلىگەن.

مانا شۇنداق بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن ياراتقان يەنە بىر پېرسوناژ — ھۇشيارۇپ. ھۇشيارۇپ تىيىپجان ئېلىيوپنىڭ ساتىرىستىك ھېكايىسى — «ھۇشيارۇپ» تىكى ئاساسلىق پېرسوناژ. ئۇ، كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن يارىتىلىپ، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ، ساقلىنىپ كەلگەن ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى «زەھەرلىك ئوت» قاتارىغا چىقىرىپ كۆيدۈرگەن، ياۋۇزلۇقتا، مۇتىھەملىكتە ئۇچىغا چىققان، تۆھمەتخور - زىيانكەشلەر تىپىنىڭ تىپى، يازغۇچى ئەسەردە ھۇشيارۇپنىڭ ئوبرازىنىمۇ ئۆزگىچە بىر قېلىپقا چۈشۈرۈپ، ئېچىپ بەرگەن. ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ساتىرىك تەپسىلاتلار ھۇشيارۇپ بىلەن ياتتاقوپ ئوتتۇرىسىدا يارىتىلغان زىددىيەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئۈچۈن تولۇق خىزمەت قىلدۇرۇلغان. بۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى سۇنئىيلەشتۇرۇۋېتىلمەستىن، ئۆزىنىڭ تەبىئىي تەرەققىيات رېتىمى بويىچە راۋاجلاندۇرۇلغان. «ھۇشيار» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا چىقىپ تۇرغىنىدەك مەنىسى ياخشى ئىبارە — ئەلۋەتتە، لېكىن ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ھۇشيارۇپ يۇقىرىغا خوشامەت قىلىپ، تۆۋەنگە زورلۇق قىلىدىغان، ئايرىم بىيوگراتلار ئالدىدا ھۇشيار بولغان كاززاپ، ھۇشيارۇپ كىشىلەر تەرىپىدىن زاڭلىق قىلىپ قويۇلغان لەقەم. ئۇ، سەنئەت ئۇمىكىگە باشلىق بولۇۋېلىپ، ھە دېسىلا ھۇشيار بولۇشىمىز كېرەك، زەھەرلىك چۆپلەرنى يۇلۇپ تاشلىشىمىز لازىم، دەپ ۋارقىراپلا تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۆمەكتىكى ئاممىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مەسخىرە قىلىپ، سىپتىتىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. دېمەك، باشلىقتا «ھۇشيارۇپ» دېگەن لەقەمنىڭ قويۇلۇشىنىڭمۇ ئەنە شۇنداق سەۋەبلىرى بار.

تىيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردا يازغان «ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق مەشھۇر ساتىرىك شېئىرىدىكى ۋالاقتەككۇر كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن ئاسانلىقچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان تىپىك ساتىرىك ئوبراز دەرىجىسىگە يەتكەن بولسا، ساتىرىك ھېكايە «ھۇشيارۇپ» تا تەسۋىرلەنگەن «ھۇشيارۇپ» ئوبرازىمۇ شۇنداق تىپىك ساتىرىك ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

خەلقنىڭ ئىستىبتىك تەلىپىگە ئۇيغۇنلۇشۇش، نەپىسلىك بىلەن ئاممىباپلىق زىچ باغلىنىش، خەلق رىۋايەتلىرى تۈسىگە ئىگە بولۇش — تىيىپجان ئېلىيوپ ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. يۇقىرىدا تەھلىل قىلىنغان ئەسەرلەرمۇ دەل مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

«يالغان ماختاشمۇ — بىر خىل تۆھمەت» نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى «غەيۋەتخورلۇق — شەرمەندە كېسەل» نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئەسەرلەر بىردەك كۆچلۈك پاش قىلىش، مەسخىرە قىلىش خاراكتېرىدىكى ساتىرىك ھېكايىلەردىن ئىبارەت. «غەيۋەتخورلۇق»، «يالغان ماختاش» نىڭ ھەر ئىككىلىسىمۇ بەزى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كەتكەن بىر خىل رەزىللىك، شەرمەندىلىك. بۇ خىل ئىپلاسلىقلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئاخىرقى ھېسابتا ھەم ئۆزىنى ھەم باشقىلارنى نابۇت قىلىدۇ.

«يالغان ماختاشمۇ بىر خىل تۆھمەت» — بۇ، كىشىلەرنى ئالدامچىلىق، ئېزىتقۇچى ناچار ئىللەتلەردىن ساۋاق، ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەيدىغان، ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى تېخىمۇ سەگەكلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان ئىنتايىن مۇھىم دانالىق تەلىماتىدۇر. تىيىپجان ئېلىيوپ ئۆز ئىجادىيىتى داۋامىدا بۇ چوڭقۇر مەنىلىك دانالىق تەلىماتىغا جان كىرگۈزۈپ، دەل جايىنى تېپىپ ئىشلەتتى.

ئېنىقكى، «يالغان ماختاشمۇ — بىر خىل تۆھمەت» ناملىق ھېكايىدە شەخسىيەتچىلىكى كۈچلۈك بولغان كادىر رەخمەتىيېكنىڭ يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن كادىرنىڭ ئالدىدا راسا ماختاپ ئۇچۇرغانلىقى، ئەمما بۇنىڭ بىر خىل ساختا ماختاش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ساتىرىك ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ ۋەقە بايانىدا نەپىسلىك بىلەن ئاممىباپلىقنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ۋەقەنى يۇمۇرلۇق تەسۋىرلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن «ماختاشمۇ — بىر خىل تۆھمەت» دېگەن ھېكمەتنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

گەرچە تىيىپجان ئېلىيوپنىڭ ھېكايىچىلىك ئىجادىيىتىدە قالدۇرغان مىراسلىرى ئاز بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار ناھايىتى ساز بولغان مەنىۋى مەھسۇ-

لاتلاردۇر. شۇڭا ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭ ھېكايە - مەسەللىرىنى بەكمۇ قەدىرلەپ «تېيىپجان ئېلىيوپ ھېكايىلىرى»، «تېيىپجان ئېلىيوپ مەسەللىرى» دەپ ئاتاپ كەلدى. بىزنىڭچە مۇشۇنداق ئاتاشلارنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار. خەلقپەرۋەر شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرىي ئەسەرلىرىنىمۇ، ھېكايىلىرىنىمۇ خەلقنى كۆزلەپ يازدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ش ئۇ ئا ر دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. شۇڭا، ئۇنىڭ مول، مەنىۋى مىراسلىرى ش ئۇ ئا ر دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ ئىپتىخارلىنىدىغان مەنىۋى بايلىقىغا ئايلاندى.

تالانتلىق، ئىستېداتلىق شائىرىمىز ۋە يازغۇچىمىزنىڭ بىز بىلەن ۋىدالاشقىنىغا توققۇز يىل بولۇپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنى يۈكسەك ئىپتىخارلىق بىلەن ياد ئېتىمىز. ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مول، ئېسىل، ئەبەدىي قىممىتى بار مەنىۋى مىراسلىرىنى مەڭگۈ قەدىرلەيمىز، ئۇيغۇر خەلقى شۇنداقلا پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇنىڭ ئېسىل، گۈزەل، ئەبەدىي خۇشپۇراقلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىدۇ، بۇ ئەسەرلەر ئارقىلىق روھلىنىدۇ.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

## «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقات مەجمۇئەسى» گە ماقالە قوبۇل قىلىش ئېلانى

1. بۇ مەجمۇئە جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان ئىلمىي مەجمۇئە بولۇپ، ھەر مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ قىزغىنلىق بىلەن ماقالە ئەۋەتىشىنى قارشى ئالىمىز، ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنىدا ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساس قىلىنىدۇ.

2. ئالاقىلىشىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ماقالىدە ئاپتورنىڭ ئۆز ئىسىم - فامىلىسى، خىزمەت ئورنى، تەپسىلىي ئادرېسى، پوچتا نومۇرى، تېلېفون نومۇرى ئېنىق يېزىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. مەجمۇئەمىزنىڭ ھەجىمى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئەۋەتىلگەن ماقالە خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 15 مىڭ خەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ.

4. ماقالىنىڭ يوقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ماقالىنى زاكاز خەت سۈپىتىدە ئەۋەتىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

5. مەجمۇئەمىز ماقالىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىشلىتىشنى لايىق كۆرسە، يېرىم يىل ئىچىدە ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. ئۇقتۇرۇش قىلىنمىسا، ئاپتور ماقالىنى ئۆزى بىر ياقلىق قىلسا بولىدۇ.

6. بىر ماقالىنى ئىككى ئورۇنغا ئەۋەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىمىز، بىر ماقالىنىڭ ئىككى ئورۇنغا ئەۋەتىلگەنلىكى بىلىنىپ قالسا، مەجمۇئەمىز ئۇ ماقالىغا قەلەم ھەققى بەرمەيدۇ.

7. مەجمۇئەمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالە پرىنسىپ جەھەتتە قايتۇرۇلمايدۇ، ئاپتور قايتۇرۇۋېلىشنى زۆرۈر تاپسا، پوچتا ھەققىنى ئۆزى تۆلىشى كېرەك.

8. ئەۋەتىلگەن ماقالە مەجمۇئەمىزگە بېسىلىپ نەشر قىلىنىش بىلەنلا قەلەم ھەققى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ.

9. ماقالە ئەۋەتىلىدىغان ئادرېس:

ئۈرۈمچى شەھىرى بېيجىڭ يولى 16 - قورۇ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقات مەجمۇئەسى» تەھرىر بۆلۈمى

پوچتا نومۇرى: 830011

www.uyghurkitap.com

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاي　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　19ـ يىللىق 1ـ سان
1998 年 3 月　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　第 19 卷第一期

# دولان ـ قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىزداشلىقى ھەققىدىكى ئىزدىنىش

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن *

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەم ئون ئىككى مۇقامنىڭ مەنبەسى بولغان يەرلىك نەغمىلەر، بولۇپمۇ دولان ـ قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يېقىن مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要：** 本文研究维吾尔古典音乐十二木卡姆及其本源——各地的乡土音乐，尤其探讨了刀郎木卡姆和哈密木卡姆的密切关系。

**Abstract:** It's a study of Uighur classic music Mukham, its origin—local and country music. This article especially expounds the close relationship between Dolan and Qomul Mukham.

## 1

مەلۇمكى، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام خەلق مۇقاملىرى، مەشرەپ ـ سەنەملىرى، ئەلنەغمە ـ داستانچىلىقى قاتارلىق ئومۇمخەلق فولكلور سەنئىتى ئاساسىدا تاۋلىنىپ شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام تارىختا «ئۇدۇن نەغمىسى»، «سۇلى نەغمىسى»، «كۇسەن نەغمىسى»، «قوچۇ نەغمىسى»، «ئېۋىرغول نەغمىسى»، «ماھادۇر نەغمىسى»، «شىمالىي دىغار ئۆلەنلىرى»، توققۇز چاۋۇپ ناۋالىرى قاتارلىق مۇزىكا ـ كۈيلەرنى ئۆزىنىڭ تارىخىي راۋاجلىنىش قاتلىمى ۋە تارىخىي ئېقىم شەكلى قىلىپ مەيدانغا كەلگەن. ھازىرقى «خوتەن (قاراقاش) مۇقامى»، «قەشقەر مۇقامى»، «دولان مۇقامى»، «ئاتۇش سەنىمى»، «كۇچا مۇقامى (ۋە سەنىمى)»، «كورلا سەنىمى»، «تۇرپان مۇقامى»، «قۇمۇل مۇقامى (ۋە قارا دۇۋە سەنىمى)» ۋە «ئىلى سەنىمى» قاتارلىق خەلق مەشرەپ ـ سەنەم فولكلور تىزمىلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى نەغمە مۇقام تارىخى شەكىللىرىنىڭ راۋان خەزىنىسى ساقلانغان.

خەلق سەنئىتىسىز كلاسسىك سەنئەتنى، خەلق مۇقاملىرىسىز كلاسسىك مۇقاملارنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ

---

* ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىدى.

بىر پۈتۈن ئېتنولوگىيىلىك — فولكلورلۇق مەنبە ۋە «مەدەنىيەت ئىرسىيىتى» گە ئىگە بولغان كۆپ شاخاپچىلىق خەلق مەشرەپ مۇقاملىرى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئانا يىلتىزلىرى ۋە قەدىمكى گەۋدىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەلق مەشرەپ مۇقاملىرىنىڭ ھەقىقىي زېمىنى ۋە پۈتمەس - تۈگمەس بۇلىقى دەل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت - پىسخىك ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت.

## 2

ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرى تىزمىسىدا «دولان مۇقامى» بىلەن «قۇمۇل مۇقامى» بىر قەدەر قەدىمكى ئالاھىدىلىكىنى ساقلىغان، جانلىق مىلىس - مەشرەپ تۈسىگە ئىگە خەلق نەغمە بايلىقى بولۇپ، ئۇلار ئۆزىگە خاس مەھەللىي پەرقلەرگىمۇ، يىراق بىردەكلىك ئالامەتلىرىگىمۇ ئىگە. بۇ ئۇلارنى ئايرىم تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە بىرلەشتۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ ئىزدىنىش ئۈچۈن ئىلھام بېرىدۇ.

ھازىرغىچە «دولان مۇقامى» قەدىمكى تىلى قەبىلىلىرى تەركىبىدە پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيا، جەنۇب - غەرب سىبىرىيە ۋە قىپچاق دەشتىگە تارقالغان كۆپلىگەن خەلقلەردىن بولغان تېلەنغۇت قەبىلىسى بىلەن ئىزاھلاندى. بۇ قەبىلىنىڭ «تىلەن» ئىبارىسى «دولان» ئىبارىسىگە يېقىن تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ قاچان ۋە قانداقتۇر تارىم بويىغا يۆتكەلگەنلىكى دېگەن ئابستراكت قىياسى سەكرەتمە بىلەن «دولان مۇقامى» نى ئىزاھلاشقا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۆزىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى ئۇنتۇلغان XV — XVI ئەسىر ئۇيغۇر مۇئەللىپلىرىنىڭ ئۆتمۈشنى نوھ ۋە چىڭگىزخاندىن باشلىغانلىقىغا ئوخشاپ قالدى. نەتىجىدە «دولان مۇقامى» قەدىمكى غەربىي دىيار نەغمە - ناۋا تىزمىلىرى — «ماھادور»، «ئۇدۇن نەغمىسى»، «سۇلى نەغمىسى»، «كۇسەن نەغمىسى»، «قوچۇ نەغمىسى» قاتارلىقلاردىن ئايرىلغان، كېيىن قوشۇلغان مۇزىكىلىق گەۋدە دېگەن قاراش ئاسارىتىگە كىرىپ قالدى. ھەتتا، دولانلىقلار باشقا ئېتنىك گەۋدە سۈپىتىدە قارىلىدىغانمۇ بولدى.

## 3

مەلۇمكى، «غەربىي دىيار» ئىبارىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاپتورلىرىنىڭ مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى نۇقتا قىلىپ قويغان ئاتالما. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھازىرقى تيەنشۈي ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقىنىڭ غەربىنى «چىن» دەپمۇ ئاتىغان. چىن شىخۇاڭ ئاتقا ھېرىس ئاتىسىنىڭ تەسىرىدە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 246— 221 - يىللىرىغىچە ئاتلىق قوشۇنغا تايىنىپ ئەينى زاماندىكى ئالتە دۆلەتنى بىرلەشتۈردى. «غەربىي دىيار» ھىندىلار تەرىپىدىن «سىرھىندىيا» دەپ ئاتالغاندا، باكتىرىيە «دىيار بەكرى» دېيىلگەن. مۇشۇ «غەربىي دىيار» دا بىر قاتار ئۇششاق شەھەر - بوستان دۆلەتلىرى بولۇپ، يەنىلا بىرقانچە مەھەللىي - تېررىتورىيىلىك چەمبەر (زوننا) لار مەۋجۇت ئىدى. ئۇلارنىڭ تارىخىي خاتىرىلەردە ئەڭ دەسلەپ خاتىرىلەنگىنى «لۇلەن» — مىران — لوپچىن ئۈچ بۇرجەكى چەمبىرى، ئاگنى- كۇسەن — ئونسۇ چەمبىرى، قەشقەر — يەركەن چەمبىرى، ئۇدۇن چاچما شەھەرلەر چەمبىرى، قوچۇ — يارغول — بېشبالىق چەمبىرى ۋە «يى ۋۇلۇ (ئېۋىرغول؟)» چەمبىرىدىن ئىبارەت. پەرغانە (پەركان) ۋادىسى بىر چەمبەر ۋە پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيا بىر مەدەنىيەت چەمبىرى بولغان.

تارىخىي خاتىرىلەردە ئەڭ ھالقىلىق قاتناش لىنىيىسى سۈپىتىدە «لۇلەن» — مىران — لوپچىن ئۈچبۇرجىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. جاڭچيەن قۇمۇلنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشىدىكى بوغاز، قوش قۇدۇق، يانتاق قۇدۇق، قۇم قۇدۇق لىنىيىسى ئارقىلىق بۇ ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق زامانلىرىدىلا شەھەر — قەلئە قورغان ئۈچبۇرجەك رايونىدىن ئۆتكەن، بىدە ۋە «ماھادۇر» نەغمىسىنى ئېلىپ كەتكەن. شەرقىي خەن زامانىدا بەنچاۋ قوچۇغا كەلگەندى.

«لۇلەن» — مىران — لوپچىن قەلئەلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

غەربىي دىيارنىڭ ئوتتۇرىسىغا، قەدىمكى كارۋان يولى (كېيىنكى «يىپەك يولى») نىڭ تۈگۈنىگە، تارىم (جاڭچيەن ئۇنى «شىمالىي ئۆركەش دەريا» دەپ يازغان)، چەرچەن — چارقىلىق — مۆلجەر دەريا (جاڭچيەن ئۇنى «جەنۇبىي ئۆركەش دەريا» دەپ يازغان)، كۆنچى دەريالىرى ئاياغ ئېقىنلىرى بىلەن لوپنۇر كۆلىنىڭ يېقىن ئۇچبۇرجىكىگە جايلاشقانىدى. كۆل — ئورمان — قۇملۇق ئارىسىدىكى مۇنبەت زېمىندا «كرورەن گۈزىلى» ئەجداد - ئەۋلادلىرى قەدىمكى تارىم — تەكلىماكان مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بۇ مەدەنىيەت غەربىي دىيار قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ يارقىن ئۈلگىسى سۈپىتىدە ئۆز ئالدىغا خاس كاتتا بىر ئىلمىي تېما، ئەلۋەتتە.

## 4

هازىرقى كۆندە بۇ ئۇچبۇرجەك رايوندىن قەدىمكى تاشقورال ۋە تۇچ (برونزا) دەۋرى مەدەنىيەت قاتلىمى، شەھەر — قەلئە زامانىغا خاس (مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن مىلادىدىن كېيىنكى III — IV ئەسىرلەرگىچە) مەدەنىيەت قاتلىمى، تۇبۇتلار ئىشغال قىلغان مەزگىللەرگە ئائىت مەدەنىيەت قاتلىمى، IX ئەسىردىن كېيىنكى مەدەنىيەت ئىزلىرى تېپىلماقتا.

تارىخىي ئۇچۇرلار بۇئاۋات رايونىنىڭ III — IV ئەسىردىلا هازىرقى قۇمۇل - تۇرپان - توقسۇنىنىڭ غەربىي يۆنىلىشىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ يۆتكىلىشى نەتىجىسىدە شىنجاڭدىكى قۇمۇل كۆڭمىنلۇ يارداڭلىقى، چىتەي جىياڭجۈن مىياۋ يارداڭلىقى، ئورخۇ شەيتان كەرەش يارداڭلىقى قاتارلىق تۆت يارداڭلىقنىڭ چوڭى بولغان لوپنۇر بەيلۇڭجى (ئىلانلىق) يارداڭلىقى شەكىللەنگەن. بۇ لوپنۇر كۆلىنىڭ كىچىكلىنىشى ۋە يانغا سۈرۈلۈشى، «جەنۇبىي ئۆركەش دەريا» نىڭ پارچىلىنىشى، «لۆلەن» — مىران — لوپچىن قەلئە - شەھەرلىرىنىڭ هالاكىتىنى پەيدا قىلغان. بۇ ئىتالىيىدىكى گېركولانوم بىلەن پومپىيا شەھەرلىرىنىڭ بىرىنچى ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكىدە ۋىزوۋى يانار تېغى لاتقىسى ئاستىدا تاكى XVII ئەسىرگىچە كۆمۈلۈپ ياتقىنىغا ئوخشاش «مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ خارابىلىشىش هادىسىسى» بولغان. بىز قارۇشتى پۈتۈكلەر، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار، ساياهەتچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن بۇ هادىسىنى بىلەلەيمىز. «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە» نىڭ غەربىي يۇرت تەزكىرىسى، بەن يۇنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن «ئۈچ دۆلەت تەزكىرىسى، ۋېي ئىلى تەزكىرىسى، غەربىي رۇڭلار هەققىدە قىسسە» دە ئانقۇي، ۋايتۇگى، باشمانا قاتارلىق پادىشاهلار، «كرورەن» نىڭ «پىشامشان» غا ئۆزگەرتىلىشى، پىچان لۇكچۇننىڭ ئاۋاتلىنىشى قاتارلىقلار يېزىلغان. «كرورەن» تارىشا پۈتۈكلىرىدە يەنە باي بىكى، دارچوق، ئانقۇيغا، ماشىل ئىدوغا قاتارلىق 247 — 334 - يىللاردىكى پادىشاهلارغا ئائىت ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن. ۋەهالەنكى IV ئەسىردە بۇ يەردىن ئۆتكەن شەرقىي جىن راهىبى فاشيەن 399 - يىلى خۇي جىن، داۋجىڭلارنى باشلاپ بۇ يەردىن ئۆتكەندە بۇ يەرنى «كۆكتەقۇش، يەردە هايۋان كۆرۈنمەس»، «ئۆلگەن زېمىن» دەپ يازغان. بۇ III — IV ئەسىر ئارىلىقىدىكى ئەهۋال. باشقىچە ئېيتقاندا كومراجىۋا لياڭجۇدىكى چاغدا «لۆلەن» ئاللىقاچان خارابلاشقان ماكانغا ئايلانغانىدى.

## 5

قەدىمكى «لۆلەن» — مىران — لوپچىن ئاهالىسى بىلەن ئۇلارنىڭ پارلاق قەدىمكى مەدەنىيىتى قەيەرگە كەتتى؟ نېمە ئۈچۈن سۇي — تاڭ مۇزىكا - ئۇسسۇل مۇنبىرىدە «لۆلەن» — مىران — لوپچىن» ناملىق نەغمە - ناۋالار هەققىدە هېچقانداق گەۋدىلىك خاتىرە يېزىلمىدى؟ ئالدىنقى مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ كېيىنكى مەدەنىيەت قاتلىمىدا داۋاملىشىش قانۇنى بويىچە «لۆلەن» — مىران — لوپچىن مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى گەۋدىسى نېمە؟ بۇ ئىزدىنىشكە تېگىشلىك مۇهىم مەسىلە!

تارىخىي خاتىرىلەردە خەنزۇچە هازىرقى تەلەپپۇزدا «لۆلەن» دەپ ئوقۇلىدىغان يۇرت ۋە خەلق نامى سۋېن هېدىن تاپقان قاروشتى پۈتۈكلەرنى

تەتقىق قىلغۇچى شىۋئېت ئالىمى ھىملاي تەرىپىدىن
ئوقۇلغاندا ئۇنىڭدا بىرقانچە جايدا «كروراينا» دې-
گەن نامنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن «كروراينا»،
«قروران»، «كروران»، «روران»، «رولان»،
«رايان»، «رويان» دەپ كۆچمە تەلەپپۇزدا ئىشلى-
تىلمەكتە. «ۋېي ئېلى تەزكىرىسى» دە: يۈيگۈەن
قاپقىسىدىن غەربكە يۈرۈپ، دوخۇ قۇدۇقىدىن چى-
قىپ، جۈي لۇساڭ ئارقىلىق، قۇم قۇدۇق (沙
西井) دىن چىقىپ، ئاق ئەجدار بارخانلىرى ئار-
قىلىق لۇلەنگە بارغىلى بولىدۇ، دېيىلگەن. ئۇنىڭ-
دا ئېيتىلغان دوخۇ قۇدۇقى ھازىرقى قوشقۇدۇق
بولۇشى مۇمكىن. قۇدۇق ئىبارىسى بىلەن ئاتالغان
يەر نامىلىرى ئىزچىل ساقلانغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 77 - يىلى «لۇلەن»
— پىشامشانغا ئۆزگەرتىلگەن، مىلادىنىڭ 123 -
يىلى بەن يۇڭ لۇكچىنغا بارغان. ئۇ چاغدا ھەتتا
شاۋۋى سۇلالىسى دەۋرىدە «لۇلەن» دەپ يېزىل-
غان. پىشامشان (پىچان) ئاتالمىسى لوپچىن
(لوپنۇر - «لۇلەن») — لۇكچىن - پىچان رايون-
لىرىنىڭ يەر نامىلىرى بولۇپ ئالمىشىپ قوللىنى-
لىپ تۇردى. «لۇلەن» — مىران - لوپچىن ئۇچ-
بۇرجىكىنى قارا بوران ۋە قۇم يۇتۇپ كەتكەندىن
كېيىن، جۇملىدىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى زاما-
نىدىكى تېلى قەبىلىلىرى پىچان (پىشامشان) غا
ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن يەرلىك خەلق قۇمۇلنىڭ
قەدىمكى قارا دۆۋە (قارا تۆپە) — ئاستانە (يى
ۋۇلۇ) ئەتراپىدىكى ئوغۇرغول (كېيىنچە قارلۇق
غول) تۈزلۈكىگە كۆپلەپ يۆتكىلىپ كېلىپ جاي-
لاشتى ۋە لاپچۇق (لۇپچۇق — كىچىك لۇپچىن)
قەلئەسىنى بىنا قىلدى. ئارقىدىن «رويان» (ھا-
زىرقى تاشۇلىق - تاش بالىق) شەھىرى مەيدانغا
كەلدى، 632 - يىلى ئاستانە يى ۋۇلۇ ئايمىقى
تەسىس قىلىنغاندا ئۇنىڭغا يى ۋۇلۇ (ئوغۇرغول)
، رويان (تاشۇلىق)، لاپچۇق (تاڭ سۇلالىسىنىڭ
758 - يىلى «ناجىكەنت» ناھىيىسى) تەۋە بولغان.
1460 — 1466 - يىللىرى ئويرات موغۇللىرى
قۇمۇلنى ئىشغال قىلغاندا قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى بىر
قېتىم غەربىي گەنسۇ رايونىغا كۆپلەپ كۆچكەن-
دى. 1679- يىلى قۇتەيجى قۇمۇل - تۇرپانلارنى
بېسىۋالغاندا قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى يەنە غەربىي گەن-
سۇ رايونىغا كۆپلەپ كۆچۈپ بېرىپ، قايتىپ كەل-
گەن. شۇ چاغدا:

«ئاتاڭ ناجى، ئاناڭ ناجى،
شەھەرنى ئالدى قۇتتاجى.
ئاغا سەن بولمىساڭ رازى،
ئاتاڭ قالماق، ئاناڭ راجى»

دېگەن تېرەن مەنىلىك قوشاق توقۇلغان. بۇنىڭدا
قەدىمكى «لۇلەن» — لوپچىن يېنىدىكى «ناجى-
كەنت» (جۇملىدىن لاپچۇق شەھىرى) خەلقىنىڭ
ئەسلى نەسلى ئەجدادى ئىكەنلىكى، شەھەرنى ئوير-
ات (جۇڭغار) لارنىڭ ئىشغال قىلغىنى، كۆچۈپ
كېتىش ياكى ئىتائەتتىن باشقا قارشىلىق قىلغاندا
ئەسلى ئارى ئەسلى ئانا - سىڭىللىرىنىڭ قالماق
(ئويرات) لار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىدىغانلىقى
ئىخچاملانغان. مىڭ يىللارنى، ئېتنوگېنېزىس ۋە
يۇرت ماكانىنى، يۈزلەنگەن پاجىئەنى بىر كۇپلېتقا
يەكۈنلىگەن بۇنداق خەلق قوشىقى كەم ئۇچرايدىغان
تارىخىي ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە. بىز قۇمۇلدىن
ھېلىمۇ «ھېگىل»، «راجى ھادى»، «مانى ماما»
قاتارلىق ئارى تىلىدىكى ئادەم ئىسىملىرىنى تاپا-
مىز.

6

قەدىمدىن بېرى «لۇلەن» — مىران - لوپچىن
رايونىدىن قۇمۇل - پىچان تەرەپكە، شورچۇق
(كورلا) — بۈگۈر — كۇچا تەرەپكە، جەنۇبىي
يول ئارقىلىق نىيە — خوتەن تەرەپكە سوزۇلغان
كونا يول مەۋجۇت ئىدى.

شىمالىي ۋېي بىلەن شەرقىي جىن ئارىلىقىدا،
ئېنىقراقى ئاخىرقى «لۇلەن» پادىشاھىسى ماشال
ئىدۇغا (سەلتەنەت يىلى 321 — 334) بىلەن
فاشيەننىڭ 399 - يىلىدىكى سەپىرى ئارىسىدىكى
65 يىلنىڭ قايسى ئۇدا ئاپەت بولغان يىللىرى بۇ
جايدىكى «لۇلەن» لىقلار قۇمۇل — بۈگۈر ئەتراپىغا
يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولغان. لۈي گۇاڭنىڭ 382
- يىلى كومىراجىۋانى ئېلىش ئۈچۈن كۇسەنگە يۈ-
رۈش قىلىشىدا قارا شەھەر (كېنگىت) جېڭى يې-
زىلىپ، «لۇلەن» ھەققىدە يېزىلمىغانلىقىغا قارى-
غاندا، «لۇلەن» تەخمىنەن 334 — 344 - يىللى-

www.uyghurkitap.com

رى ئارىلىقىدا «ئۆلگەن زېمىن» گە ئايلانغان ۋە
تارىختا كۆسەننىڭ نامى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان.
بۇ «لۇلەن» نىڭ دەسلەپكى (تۇبۇت گازارمىلىرى
قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى) بۇددىزمى ھىنايانا بۇد-
دىزمى بولۇپ، ماھايانا بۇددا ئېقىمى تارقىلىشتىن
ئىلگىرىكى تارىخىي قاتلامغا مەنسۇپ بولغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ.

«لۇلەن» لىقلارنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەر-
بىي شىمالنى بويلاپ قۇمۇلدىكى نومدىن يەركەننىڭ
مەكىت رايونىغىچە تارقىلىشى، قالغانلىرىنىڭ لوپ
- چەرچەن - چارقىلىق ئەتراپىدا «لوپلۇقلار»،
«چەرچەن - چارقىلىقلار» نامىدا تىرىكچىلىك بى-
لەن شۇغۇللىنىشى ماشال ئىدۇغا دەۋرىدىن چىلىڭ
سۇلالىسى «دولان قوشۇنى» نى تەشكىللىگەنگە قە-
دەر داۋام قىلغان ۋە بىر قاتار تارىخىي قاتلام ھا-
سىل قىلغان. ئۇلار ئەسلىدىكى لوپ، لوپچۇق،
ناجىكەنت، پىچان، بۇگۇر، دۆڭ قوتان، يولۋاس
قوتان قاتارلىق يۇرت - جاي ناملىرىنى ئۆزى بىلەن
بىللە ئېلىپ كەتكەن ۋە بىر قاتار «ئاۋات» نامىنى
ئالغان ئاھالە توچكىلىرىنى قۇرغان. «لۇلەن»
(كى «روران» ئا) ئىبارىسى بىلەن «دولان» ئىبا-
رىسىنىڭ ئەسلى قايسى خەلق تەلەپپۇزىغا ئۇيغۇنلى-
قى ئېنىق ئەمەس. «كرورايىنا» — ھىملاي تەرد-
پىدىن قارۇشتى تاختا خەتلىرىنى تەلەپپۇز قىلى-
شى؛ «لۇلەن» خەنزۇ ئىروگلىفىنىڭ ھازىرقى
ئوقۇلۇشى؛ «دولان» چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كى-
چىك خوجىلار توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن تەش-
كىللىگەن لوپلۇقلارغا قەشقەر - يەركەنلىكلەرنىڭ
قويغان نامى. بۇ نامنىڭ ئەينەن ياكى بۇزۇلۇپ
«ياۋا خەلق»، كونا «قەۋم» (قەبىلە) دېگەن قوش
مەنىدە سۇندۇرۇلۇپ ئېيتىلغانلىقى نامەلۇم. ئومۇ-
مەن، ئىلگىرىكى لوپ ئۈچبۇرجىكىدىكى «كرورەن
گۈزىلى» سىياقىدىكى ئاھالە مىلادىنىڭ ئالدى -
كەينىدە پىچان - لۈكچۈنگە يۆتكىلىپ، قاتناپ تۇر-
غانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەخمىنەن 334 —
344 - يىللىرى سۇ يوللىرىنىڭ قۇم كۆچۈش
بىلەن ئۈزۈلۈپ قېلىشى تۈپەيلى يەنە پىچان لۈك-
چۈن قارا دۆۋە - لاپچۇق ئەتراپىغا يەنە مىران -
چەرچەن - چارقىلىق تەرەپ بىلەن كۆنچى دەرياسى-
نىڭ شىمالىغا كۆچكەن. مىرانمۇ كىچىكمەي خا-
رابىلاشقان. شەھىرى كېتىك (شەھىرى كاتاك،
شەھىرى كۆتەك، «ئالتۇن تۈۋرۈكلۈك شەھەر»)
تەخمىنەن «لۇلەن بىلەن كۇسەن ئارىلىقىدا، باش-
قىچە ئېيتقاندا، قاراشەھەر - كۇسەن — لوپ ئۈچ-
بۇرجىكىدە بولۇشى مۇمكىن.» بەزىدە ئۇ «ئېشەك
ئېرىم» دا دېيىلىدۇ. «تەزكىرەتۇل ئېرشات» دا
شەھىرى كېتىكنى XV ئەسىردە تۇغلۇق تۆمۈر
زامانىدا، توشقان يىلى قۇم باسقان.، ئاھالە كۇ-
سەن، ئايكۆل، ئەردەۋىل (ئاقسۇ) تەرەپكە كۆچ-
كەن. بۇنداق ئاھالە يۆتكىلىشى «چوڭ - كىچىك
خوجىلار توپىلىڭى» نى تىنجىتىش ۋاقتىدا بىر قې-
تىم تەكرارلاندى، نەتىجىدە بىر قانچە تارىخىي قات-
لاملىق كۆچۈش ۋە قايتا كۆچۈش ھادىسىسى يۈز
بېرىپ تۇردى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، دولان
ئۇيغۇرلىرى بىلەن قەشقەر — يەركەن ئۇيغۇرلىرى
ئارىسىدىكى پەرق قەدىمكى لوپنۇر ئۈچبۇرجىكى
قەبىلىلىرى بىلەن قەدىمكى قەشقەر — يەركەن
ئاھالىسى بىلەن قايتا قوشۇلغان ئادىز - ياغما -
قارلۇق ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى پەرق بولۇپ،
ئۇيغۇرلار بىلەن تىلەنغۇت - تۆلۈس قەبىلىلىرى
ئارىسىدىكى پەرق ئەمەس. مۆلجەر دەريا بويىدىكى
قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەر بىلەن قۇ-
مۇل قارا دۆۋىدىن چىققان قەدىمكى جەسەتلەردىكى
ئوخشاشلىق ئۇلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى يىراق
زامانلاردىكى ئانتروپولوگىيىلىك ئوخشاشلىقىدىن
ئىبارەت بولۇپ، شىمالىي موڭغۇل ۋە جەنۇبىي -
غەربىي سىبىر قەدىمكى قەبرىلىرىدىكى موڭغۇلو-
ئىد ئالامەتلىرى كۆرۈنەرلىك جەسەتلەردىكى ئانت-
روپولوگىيىلىك ئوخشاشلىق ئەمەس.

7

بىز قۇمۇل - دولان ئاھالىلىرىنىڭ جىسمانىي
جەھەتتىكى ئۆستىخان گەۋدىلىكىگە، بولۇپمۇ ئۇ-
لاردىكى فولكلور قاتلىمىنىڭ بىر قاتار يېقىنلىق،
ھەتتا ئوخشاشلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز. بۇ
بىزگە «لۇلەن» — لوپ بىلەن قۇمۇل قارا دۆۋە
قەدىمكى جەسەتلىرىنىڭ تارىخىي يېقىنلىقىنى، قان
ۋە تۇزۇلمە بىرلىكىنى، قەبرىگاھلىق ئالامەتلىرى-
دىكى ئوخشاشلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز دو-

لان خەلق قوشاق - بېيىتلىرى، ئۆرپ - ئادەت،
قائىدە - رەسمىيەتلىرىنى قۇمۇلدىكى شۇ خىل ئېتى-
نىڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بىلەن بىر قۇر سې-
لىشتۇرساقلا بۇ خىل يېقىنلىق ۋە بىردەكلىك قا-
رىشىمىز تېخىمۇ جەزىملىشىدۇ. يولداش مىر
سۇلتان ۋە ھەرقايىسى فىلولوگلىرىمىزنىڭ بۇ جە-
ھەتتىكى تەتقىقات مېۋىلىرىنى تەۋسىيە قىلىمىز.
بۇ جەھەتتىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات يەنە قانات يې-
يىشقا تولىمۇ ھاجەتلىك ھەم بۇ خىل تەتقىقات
قىممىتى يۇقىرى ئىختىرا خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەن-
لىكى تەبىئىي. مەن پەقەت دولان ۋە قۇمۇل مۇقام-
لىرىدىكى ئوخشاشلىق ۋە ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئۇي-
غۇر مۇقام خەزىنىسىدىكى ئېتنولوگىيىلىك بىرلى-
كى ئۈستىدە قىسقىچە بىشارەت بېرىش بىلەنلا
چەكلىنىمەن.

دولان - قۇمۇل مۇقاملىرى بىرىنچىدىن، ئۇي-
غۇر مۇقاملىرى ئىچىدىكى قەدىمكى بەدىئىي گەۋدە
بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىرقى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ
مىللىيەتلىك مەدەنىيەت ئالامەتلىرى ئىزچىل ھەم
تېپىك ساقلانغان. ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن بولمىغان
كۆچۈرۈلمە ياكى تەقلىدىي سەنئەت بولغاندا ئىدى،
ئۆز مەنبىيى بولغان خەلق بىلەن بىللە بىرقانچە
مىڭ يىللارنى بېسىپ ئۆتمىگەن بولاتتى.

ئىككىنچىدىن، بۇ مۇقاملار ئورتاق ئاممىۋى
فولكلور پائالىيىتى خاراكتېرىگە ئىگە، مەلىس -
مەشرەپ خاراكتېرىگە ئىگە بولغان. مەشرەپلەر ئو-
مۇمەن توي - تۆكۈن، بايرام - ھېيت، چىللىما
مەشرەپ، نورۇز — كۆك مەشرىپى، تەنتەنە -
خاتىرە پائالىيەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.
پۈتۈن جامائەت ئوچۇن ئورتاق مۇھىم مۇراسىم
پائالىيەتلىرىدە سەنئەت مۇجەسسەملىرى بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغان ئېتنىك ئادەت بۇ مۇقاملاردا ساقلان-
غان.

ئۈچىنچىدىن، بۇ مۇقاملار روشەن سەنەم،
ئەر - ئاياللار ناخشا - ئۇسسۇلى خاراكتېرىنى ئال-
غان. ئىنچىكە تارىخىي قاتلام سەۋەبىدىن دولان -
قۇمۇل خەلق - مەشرەپ — سەنەم مۇقاملىرىنىڭ
نەغمە - ئۇسسۇللىرىدا مەلۇم پەرقلەر كېلىپ چىق-
قان بولۇپ، مېنىڭچە، دولان مۇقاملىرى تارىخىي

جۇغراپىيىلىك ھايات شەرتى، ئۆزىگە تونۇش بول-
مىغان جايلارغا يۆتكىلىپ تۇرغانلىقى سەۋەبلىرى-
دىن ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى شەكلىنى قاتتىق-
راق ساقلىغان بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا قۇمۇل
مۇقاملىرىدەك كۈچلۈك ئەر - ئاياللار ئۇسسۇللىرى
خاراكتېرىنى ساقلىغان. پوتا - گۇل - بېيىت ئېيى-
تىپ ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىش، ئەر - ئايال بىر-
بىرىگە ماسلىشىپ ئۇسسۇل ئويناش ئادىتىنى ئىس-
لامىيەتتىن كېيىنكى قەشقەر، پەرغانە مەشرەپ
مۇقاملىرىدا خېلىلا چەكلەنگەن بولۇپ، ھەتتا تۆ-
مۈرىلەر زامانىدىكى ماۋرائۇننەھىر، خوراسان
مەشرەپ - مۇقاملىرىدىمۇ ئەرلەر، ئاياللار ئۇس-
سۇل- سامالىرى ئايرىم ئوينىلاتتى. ئەگەر پەرق
دېيىلسە، دولان مۇقاملىرىدا ئۇسسۇللار روشەن
چېكىتمە، سەنەم، جۇلا، سەلىقە پۇت ھەرىكىتى
ئۇدارلىرىدا ئوينىلىدۇ؛ ئەر - ئايال بىر - بىرىدىن
تولىمۇ يىراقلاپ كەتمەي، ئالدى ۋە ئارقا (مۇرە)
جەھەتتىن يېقىنلاشقان بىر پۈتۈن (ئىككى كىشى-
لىك) ماسلاشقان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش ھاسىل
قىلىدۇ؛ ئۇسسۇل ئۇدار - ھەرىكەتلىرى قاتتىق
تەلەپ ۋە تېز تېمپىدا ئوينىلىدۇ؛ تولۇق نەغمە
شەكلى، ھەتتا بىرەر مۇقام ئاخىرلاشماي ئىختىيا-
رى سالام قىلىپ چىقىپ كېتىلمەيدۇ؛ پۇت - قول
ھەرىكىتى سالمىقى تېزراق ۋە چوڭ دائىرىلىك
ئايلانما سىزىق چىقىرىلىشى لازىم بولىدۇ. قۇمۇل
مۇقاملىرىدا بولسا، ئۇسسۇللار چېكىتمە، سەلىقە
ھەرىكەتلىرى ئاساسىدا ئوينالسىمۇ نەغمە شەكىللى-
رى ئۇسسۇل تەرتىپىدە ئەمەس، بەلكى ئۇسسۇللار
نەغمە شەكىللىرى تەرتىپىدە ئوينىلىدۇ؛ ئەر -
ئايالنىڭ بىر قەدەر ئەركىن ئۇسسۇل ئوينىشى،
ئارىدا سالام بېرىپ چىقىپ كېتىشى، ئورنىغا باشقا
كىشىنى تەكلىپ قىلىشى مۇمكىن؛ ئۇسسۇللاردا
ئاياغ ھەرىكىتى سالمىقى كۆپرەك بولۇپ، ئۇدار
تېمپىلىرى سىلىقراق، يۇمشاقراق، قول ھەرىكى-
تى سۇسراق بولىدۇ، خالاس. بۇ، قۇمۇل مۇقام-
لىرىدا نەغمە - ناخشا شەكىللىرىنىڭ كۆپ ۋە ئۇ-
زۇنلۇقى، قۇمۇلدا سۆز، رېتىم - تېمپىنىڭ سىلىق
ۋە يۇمشاقلىقى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، بىر مۇقام
ئاخىرلاشقىچە ئۇسسۇل ئويناش ئېغىر كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆتىنچىدىن، دولان - قۇمۇل مۇقاملىرى مۇ-
قام بېشى مۇزىكىسىدىن كېيىنلا ناخشا - ئۇسسۇل-
لۇق نەغمە شەكىللىرىنىڭ بىر خىل كۇي شەكلى
(تاۋۇش قاتارى، پەردە، ئاھاڭ شەكلى) ئاساسى-
دىكى تۈركۈملىنىشى بولۇپ، سۇجۇپ ۋەكىللىكى-
دىكى 12 تېمپېراتسىيىلىك كۇي سىستېمىسى تى-
پىدىكى فولكلور سەنئىتى ھېسابلىنىدۇ. يىراقتا
نەزەر سالغاندا بۇ خىل مۇزىكا سىستېمىسى تىپى
سۇجۇپتىن مۇقەددەم شەكىللەنگەن، تۈركىي تىل-
دىكى خەلقلەر ئاق جىنسلىق - ئارى (ساك —
توخار — ئۇيغۇر — ئوغۇز) تۈركۈمىدە مەيدانغا
كەلگەن ۋە ساقلانغان. چالغۇلۇق مۇزىكا، ناخشا -
ئۇسسۇللۇق مۇزىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى بىر-
لەشتۈرگەن. ئايرىپ قارالغاندا ھازىرقى دولان مۇ-
قاملىرى 12 تېمپېراتسىيىلىك ئۈچ مۇقامدىن (بۇ
قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مۇكەممەل ۋە قۇتلۇق
سان ئىدى) . ھازىرقى قۇمۇل مۇقاملىرى 12 تېم-
پېراتسىيىلىك ئون ئىككى مۇقام (بەزى مۇقاملى-
رىنىڭ شۆبىلىرى بار) دىن تەشكىل تاپقان؛ دولان
مۇقاملىرى ئىپتىدائىي قىياس شەكلىدە مۇقام بې-
شى مۇزىكا - ناخشىسىنى ئورۇنداش، قۇمۇل مۇ-
قاملىرى خۇددى كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامدەك
تېمپېرا ئەمما قىسقا شېئىرىي تېكىستتە مۇقام بې-
شى ئورۇنداش بىلەن باشلىنىدۇ؛ قۇمۇل مۇقاملى-
رى ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرى يەتتە پۈتۈن ۋە بەش يېرىم
ئاۋازلىق لادنى (تاۋۇش قاتار) كۇي شەكلى (ئاھاڭ
شەكلى) قىلىشتىن باشقا، يەنە يېقىن ۋە ماسلاش-
قان ئارىلاشما كۇي شەكىللىرىدىنمۇ نەغمە شەكىل-
لىرى تىزمىسى ھاسىل قىلغان؛ قۇمۇل مۇقاملى-
رىدا «قىقاسچى» ۋە تىياتىرلىق پائالىيەتلەرگە ئو-
رۇن بېرىلگەن.

بەشىنچى، دولان - قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ
شېئىرىي تېكىستلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنچىل
كىشىلىك قارىشى ۋە ئەخلاق قىممەت قاراشلىرىنى
مەركەز قىلىپ دىداكتىك، ئېپىك ۋە لىرىك شېئى-
رىي تۈرلەر بويىچە، بارماق ۋە «تۈركىي ئارۇز»
دەپ ئاتالغان تۈركىي تىلدىكى ئاق جىنسلىق
خەلقلەر مۇزىكا - ئۇسسۇل - شېئىر رىتىم - ئۇدار
ۋەزىنلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ھازىرقى دولان
مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى قىسقىراق بولۇپ، ئۇ-
لار كۆچۈپ بارغان ئىسلام - ئۇيغۇر رايونلىرى
شېئىرىيىتى بويىچە قايتا تېكىستلەشكەن، جۈملى-
دىن قەدىمكى مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن نەمۇنىلەر
ساقلىغان؛ ھازىرقى قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ تې-
كىستلىرى ناھايىتى نۇرغۇن (ھەتتا كلاسسىك ئون
ئىككى مۇقامنىڭ «چوڭ نەغمە»، «داستان نەغمە»
، «مەشرەپ نەغمە» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق
تېكىستلىرىدىنمۇ كۆپ) بولغان، بىر قەدەر قەدىمى-
كى تارىخىي قوشاقلار، مۇراسىم قوشاقلىرى (مە-
سىلەن: «ۋاي - ۋاي ئۆلەن») دىن مۇشۇ زامان
تارىخىي قوشاقلىرى (مەسىلەن «تۆمۈر خەلپە»)
غىچە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. دولان - قۇمۇل خەلق
قوشاقلىرىدىن كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامغا خەلق
قوشاقلىرى نەمۇنىلىرى كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭدى-
كى داستان، ئۇسسۇللۇق مەشرەپلەرگە مۇناسىپ
كلاسسىك ياكى خەلق داستان، غەزەللىرى تېكىست
قىلىپ ئېلىنغان. دولان - قۇمۇل مۇقاملىرى
كۈچلۈك مەنىدارلىق قىممىتى ياراتقان.

8

قەدىمكى «لۆلەن» — مىران - لوپچىن ئۈچ-
بۇرجىكىنىڭ مۇقاملىرى ئەينى زامان «شەھەر -
قەلئە دۆلىتى» گە لايىق ئاساسلىقى يەنىلا خەلق
مۇقاملىرى شەكلىدە بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە،
«ماھادۇر» ئۇنىڭ چاغئەندە ئۆزگەرتىلىپ ئوينال-
غان شەكلى بولۇپ، خەن سۇلالىسىدىن كېيىن
يوقالغان بولسىمۇ، دولان - قۇمۇل مۇقاملىرىدا
ئۇنىڭ يىلتىزى (مەسىلەن «ئۇلۇغدۇر»، «دولان
مۇشاۋىرەك» مۇقاملىرى) ساقلانغان. لۇي گۇاڭ
ئېلىپ كەتكەن، كېيىنچە «لياڭجۇ نەغمىلىرى»
نامىنى ئالغان دەسلەپكى تۈركۈم نەغمىلەر ئىچىدە
«لۆلەن» — لوپچىن مۇقام — دۇرلىرىنىڭ بو-
لۇشلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. كومراجىۋانىڭ بۇددا
نوملىرىنى تەرجىمە قىلغاندا شېئىرىيەتنى ئەنئەنى-
ۋى خەنزۇچە «بەش خەتلىك (بەش بوغۇملۇق)
نەزىم» شەكلىدىن «يەتتە خەتلىك نەزىم» ۋە «ئۇ-
زۇن - قىسقا نەزىم» مۇستەھزات شەكلىگە سىلى-
شى لوپ - كوسەن رىتىمدار سەنئىتىدىكى ۋەزىن
ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسەتتى. بىز سۇي - تاڭ

مۇزىكا مۇنبىرىدىلا ئەمەس، يەنە شېئىرىيىتىدە غەربىي دىيار سەنئىتىنىڭ «گۈللەندۈرگۈچ مەبلەغ» سالغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز. قۇمۇلدىكى «دولان راۋابى»، «دولان مۇشاۋرەكى» جەھەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەتتە دولان - قۇمۇل مەنبە ئالاقىلىرىنىڭ قانچىلىك يېقىنلىقىنى تەبىئىي ھېس قىلالايمىز.

«لۇلەن» — مىران - لوپ رايونىنىڭ خارابىلىشىشى ۋە ئاھالىنىڭ شەرق، غەربىي شىمال ئاھالە رايونلىرى ياكى دەريا ئېقىمىنى بويلاپ يۆتكىلىشى بۇ رايونلارغا يېڭى كۈچ ۋە روناقلىق بېغىشلىدى. فاشيەندىن شۈەنجۇاڭغىچە كۈسەن مەدەنىيىتىدە بىر چوڭ گۈللىنىش يۈز بەردى. غەربىي تۈرك يابغۇسىنىڭ مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئاساسلىق بوستان قەلئەلىرىنى باشقۇرۇشى، يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشى، غەربىي دىياردا ئۇيغۇر - توخار - سوغدى قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى تېخىمۇ يېقىن ئېتنىك ئارىلىشىشى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۆكتۈركلەرنى غولىتىپ پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيانىڭ يېتەكچى كۈچى ۋە تاڭ سۇلالىسىنى «ئۆگلۈك (روشەن بۇخارى) سۆيگۈن» ۋە توبۇت ھەربىي قورشاۋىدىن قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدە قەد كۆتۈرۈشى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ شىمالىي سۇلالىلار، سۈي - تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدە چاڭئەن - لوياڭلاردا مىسلىسىز شۆھرەت قازىنىشىغا ئاساس سالدى. كۈسەن نەغمىلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلانغان قۇمۇل (يىۋۇلۇ) نەغمىلىرى، قوجۇ نەغمىلىرى، قەشقەر نەغمىلىرى، توققۇز چاۋۇپ — توخرى - سوغدى ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەغمىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ساراي نەغمىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ قالدى. سۈي زامانىدىلا ئۇيغۇر مۇزىكا ئالىملىرى تەسىرىدە ئوردا مۇزىكىلىرى تيەنزۇ (ھىند) مۇزىكىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، مۇقەددەس سان بويىچە «توققۇز باغ كۈي» (توققۇز قىسىملىق مۇزىكا) تىزمىسى بارلىققا كەلدى. بۇ تىزمىدا غەربىي دىيار مۇزىكىلىرى ھەم ئاساسىي گەۋدە ھەم ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانىدى.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يىراق مەنبە ۋە راۋان ئېقىمىغا نەزەر سالغىنىمىزدا مۇنداق خۇلاسىغا كېلىمىز:

① خەلق مەشرەپ فولكلورى، ناخشا - ئۇسسۇللۇق مۇراسىم ئويۇنلىرى ئۇيغۇر چوڭ نەغمىلىرىنىڭ مەنبەئىنى ھاسىل قىلغان.

② خەلق مەشرەپ مۇقاملىرى ئۇيغۇر ئوردا - ساراي كلاسسىك مۇقاملىرىنىڭ (جۈملىدىن «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ) قەدىمكى گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان.

③ مىلادىدىن ئىلگىرىكى پۈتكۈل ئارى (ساك - توخرى - خۇر) تىپىدىكى غەربىي دىياردىكى ئاق جىنس ئىنسان تۈركۈملىرى قۇرغان شەھەر قەلئە مەركەز قىلىنغان بوستان مەملىكەتلىرىدە خەلق مۇقاملىرى بىلىنەر - بىلىنمەس كلاسسىك تۈسكە كىرگەن ياكى ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن.

④ سۈجۈپ ۋەكىللىكىدىكى كۈيشۇناسلىق نەزەرىيىسى تارىم مۇزىكا مەدەنىيىتى تارىخىدا شەھەر مەدەنىيىتى، دۆلەت ۋە ئوردا كۆلەملىرى بىلەن سەنئەتتىكى مانىنىرىزىملىق (ھەشەمەتلىك بولۇش تەلەپ — ئۇسلۇبى) تەقەززاسى بىلەن نەزەرىيىۋى سىستېما دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

⑤ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئېتنىك خەلق بولۇپ ئۇيۇشۇش جەريانى ۋە كۆكتۈرك - غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە كۈسەن مۇزىكىسى قاتارلىق بىر قاتار مۇقاملار كەسپىي ماھىرلار، بوستان ئەللىرى، قاغانلىق ۋە شىمالىي سۇلالىلەر ئوردىلىرىدا پۈتۈن شەرق بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك كلاسسىك مۇقام خاراكتېرى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

⑥ گەنجۇ، قوجۇ — ئىدىقۇت، قاراخانىلاردىن ئىبارەت ئۇيغۇر خانلىقلىرى زامانىدا ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەلق ۋە كلاسسىك مۇقام مۇناسىۋىتى قويۇق ھالەتتە تېخىمۇ بېيىغان، يېڭى نەغمە شەكىللىرى ۋە شاخاپچىلار قوشۇلغان، فارابى مۇزىكا نەزەرىيىسى ۋە يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۆزئارا تەسىر قىلىشىپ شەرقتىن غەربكە، ئىسلام خەلىپىلىكلىرىگە قەدەر كېڭەيگەن.

⑦ تۆمۈرىلەر دەۋرىدە مۇقام ھادىسىسى ئەزەر - بەيجانلىق تۈرك سەفىئوددىن ئورمەۋىنىڭ مۇقاملارنى مۇزىكىلىق جەھەتتە لاد تىزمىسى بويىچە رەتكە تىزىش، نوتىغا ئېلىش، تەتقىق قىلىش ئېھتىياجى بىلەن بىر تۇتاش تاۋۇش جەمئىي (تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم كۈي — دىئاتونىكى بويىچە مۇجەسسەملىشىشى) مەنىسىدە «ماقام» دەپ ئاتالغان ۋە بۇ قائىدە بويىچە ئۇيغۇر مۇقاملىرى يەركەن خانلىقى دەۋرىدە «ماقام» (مۇقام) ۋە ھەرقايسى نەغمە شەكىللىرىنىڭ بىردەك نامىنى قوبۇل قىلغان، بۇ ناملار ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» رەتلىنىشتىن ئىلگىرى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل دولان - قۇمۇل - خوتەن - قەشقەر - كۇچا - تۇرپان - قۇمۇل خەلق مۇقاملىرى، مەشرەپلىرى، يەرلىك سەنەملىرىگە ھەر خىل دەرىجىدە قوـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇل قىلىنغان.

⑧ يەركەن خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى يەنىلا كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» (جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىلى - يەركەنت ۋارىيانتى) بىلەن هەرقايسى خەلق مۇقاملىرى شەكلىدە، كەڭ مەنىدە دولان - قۇمۇل قاتارلىق مەشرەپ مۇقاملىرى شەكلىدە ساقلىنىپ كەلگەن.

9

دولان مۇقامى بىلەن قۇمۇل مۇقامى ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسىدىكى ئىككى ئاساسلىق خەلق مۇقام تۈركۈمى، پۈتكۈل تۈركىي خەلق مۇقاملىرى، هەتتا شەرق مۇقام مۇزىكا سىستېمىلىرىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى قىممىتى ۋە تارىخىي نەمۇنىلىكى يۇقىرى بولغان خەلق مەشرەپ مۇقام تىزمىلىرى.

بىز دولان - قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ تارىمنىڭ باش ئېقىمى، يەركەن دەرياسى ۋادىسى بىلەن قۇمۇل تاغ - بوستانلىرىدا هازىرغىچە قايناق مەشرەپ، نەغمە، ئۇسسۇل، ناخشا، ئويۇن بىلەن داۋاملىشىپ، ئۇيغۇر خەلقى روھىيەت تارىخى ۋە روھىيەت ئالاهىدىلىكلىرىنى نامايەندە قىلىپ كەلگەنلىكىدىن ئىپتىخارلىنىمىز.

هازىرغىچە دولان - قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىز داشلىقى، ئۇلاردا لوپنۇر رايونىنىڭ قەدىمكى فولكلور مەدەنىيىتى ئىرسىيىتى ئىزچىللاشقانلىقىنى ئىزاهلاش هەققىدە ئۇرۇنسامىمۇ، يولداشلارغا، بولۇپمۇ بۇنىڭدىن 15 يىل ئىلگىرى ئۇسسۇلشۇناس پروفېسسور فاڭ جىنجى ئەپەندىگە بۇ هەقتىكى قاراشلىرىمنى ئېيتقان بولسامىمۇ، رەسمىي يازما تەپسىلاتقا قەلەم يۈگۈرتمىگەن ئىدىم. 1992 — 1993 - يىللاردىكى دولان مۇقامى، قۇمۇل مۇقامى ئۈستىدىكى نەق مەيدان ۋە دېهقان مۇقامچىلارنىڭ مۇقام - مەشرەپلىرىنى كۆرۈپ، سۆهبەتلىشىپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا پېتىندىم. دەسلەپكى ئىزدىنىشنىڭ نۇرغۇن نۇقسانلار ئىچىدە بولسىمۇ بۇ ئىككى مۇقامنىڭ قەدىمكى «لۇلەن» — مىرەن — لوپ مۇزىكا مەدەنىيىتىنى يىلتىز قىلغانلىقى ئايدىڭلاشسا، بۇمۇ خۇددى جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن ئەسلىدىن مەۋجۇت «لۇلەن» خارابىسىنى سېۋىن ھېدىن (ئۆردەك) تاپقانلىقى سىياقى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىدىكى بىر ياخشى بايقىلىش بولغان بولاتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى هازىرقى ئەينەن، ئۆزگەرتىلگەن، مەنىسى خاتا ئىزاهلانغان نام - ئاتالغۇلارنى تىل جەهەتتىن تەپسىرلەش ئارقىلىق هەممە مۇرەككەپ تارىخىي تۈگۈنلەرنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇش خاھىشى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. «دولان» ئىبارىسىنى تارىخىي، جۇغراپىيىلىك، ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئىزاهلاش ئورنىغا، بۇ تەلەپپۇزغا يېقىن باشقا قەبىلە ئاتالغۇلار ئىچىدىن «تىلەنغۇت» ئىبارىسىنى تېپىپ چىقىپ، زومۇزو ئىزاهلاش بۇنىڭ بىر مىسالى. بۇ قەدىمكى «لۇلەن» — مىران — لوپ فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ئىزىنى ئېنىقلاشقا پايدىسىز بولۇش بىلەن بىللە، «تىلەنغۇت» قەبىلىسى مەدەنىيىتى مەنبەلىرىنىمۇ ئىزاهلاشقا ئاجىز بىر خىل «دوملاپ قويۇش» بىلەن مەسىلە هەل قىلىش ئۇسۇلى ئىدى. بۇ قاراش مۇقام فولكلورىنىڭ هەممە تۈركىي ياكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىدە بولمايدىغانلىقىنى هېسابقا ئالمىغان. شۇنداقتىمۇ بۇ بىر خىل ئىزدىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئۇچۇر نەزەرىيىسى بىزنىڭ ئىلگىرىكى تارىخ نۇقۇل ئۆتمۈش؛ ئۆزىنىڭ يازما يىلنامىلىرى بولمىغان خەلقنىڭ تارىخىنى بىلىدىغان مەنبە يوق؛ مەدەنىيەت ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدا يوقالغان مىللەت ۋە ئۆلگەن مەدەنىيەت بولىدۇ؛ ماكان خاراكتېرلىك رەسىملەر ساقلانسىمۇ زامان خاراكتېرلىك مۇزىكا يوقىلىپ كېتىدۇ دېگەندەك بىر قاتار قاراشلىرىمىزنىڭ يۈزەكى، بىر تەرەپلىمىلىك، قاتمال ۋە مېتافىزىك قاراشلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، بىز تارىختا يەنە مەڭگۈ پائالىيەتتە بولىدىغان ئۆتمۈش مەنبەيىتلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى؛ يىلنامىسى بولمىغان خەلقنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ئۇچۇرلىرى تېخىمۇ دەلىللىككە ئىگە تارىخىي مەنبە ئىكەنلىكىنى؛ تارىختا مىللەت، مەدەنىيەت، مۇزىكىلار يوقالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ ئەۋلادلار ئارقىلىق، مەدەنىيەت تىپلىرى ۋە فولكلور مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئۆزگەرگەن ۋارىيانتتا يەنىلا ئىزچىللىشىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، كۆز ئالدىمىزدا پۈتۈن تارىخىي هادىسىلەر باشقىچە مەنزىرىدە كۆرۈنىدىغان بولدى. مەسىلە شۇكى، هەممە كىشى بۇنداق قارىمايدۇ ۋە كۆزەتمەيدۇ. ئىشىنىمەنكى، قاتلام نەزەرىيىسى، ئۇچۇر نەزەرىيىسىنى مېتودولوگىيە قىلغان ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى قەدىمكى تارىخىي تۈگۈنلەرنى ئېچىشتا ئۆز ئەۋزەللىكلىرىنى داۋاملىق جارى قىلىدۇ.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

**تەھرىرى: تۇرسۇن هوشۇر ئىدىقۇتى**

1998 - يىلى 3 - ئاي　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　19- يىللىق 1- سان
1998 年 3 月　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　第 19 卷第一期

# گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ

## 5. كۇيتۇن (قاراسۇ) شەھىرى

مۇھەممەت ئوسمان*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، «ئالتۇن ئۈچ بۇلۇڭ» دەپ
تەرىپلىنىدىغان ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىدىكى يېڭى
شەھەر — كۇيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى،
ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسا-
دىي تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئومۇمىي ئەھۋالى سىستېمىلىق بايان قىلى-
نىدۇ.

摘要:本文系统地介天山北麓绍被称作“金三角”的新兴城市奎屯(喀拉苏)的历史,优良的地理环境、社会结构和经济建设概况。

**Abstract**: Kharasu cty (Kuitun) is called “the Gold Triangle”in the universal economic recruiting zone. This article relates systimatically the general situation of Kharasu city—its history, geographical condition, social structure and its ecomomie development.

كۇيتۇن (قارا سۇ) شەھىرى ئىلى قازاق ئاپ-
تونوم ئوبلاستىغا بىۋاستە قارايدىغان ناھىيە دەرى-
جىلىك شەھەر. ئۇ، تەڭرىتاغ ئوتتۇرا بۆلىكى ئى-
لانقابىرغا تاغلىقىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار
ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە ۋە قارا سۇ
دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان. شەھەر-
نىڭ شەرق تەرىپى ساۋەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇ-
بىي تەرىپى قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونى بى-
لەن، غەربىي تەرىپى شىخو ناھىيىسى بىلەن، شى-
مالىي تەرىپى قاراماي شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ.
شەھەرنىڭ غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 33 كىلو-
مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 46 كىلومې-
تىر بولۇپ، يەر مەيدانى 1036 كۋادرات كىلومې-
تىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر پىلانىغا كىر-
گۈزۈلۈپ ئەمەلىي كونترول قىلىنغىنى 200
كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر قۇرۇلۇش مەيدانى
18 كۋادرات كىلومېتىرغا بارىدۇ.

كۇيتۇن (قاراسۇ) شەھىرى ئاپتونوم رايونى-
مىزدىكى 16 شەھەر ئىچىدە بىردىنبىر يېزا ۋە
بازارلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنمىغان شەھەر.

ھازىر كۇيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىگە ئىتتى-
پاق، قاراسۇ، تاش قاراسۇ، بېيجىڭ يولى، پويىز

* مۇھەممەت ئوسمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

www.uyghurkitap.com

ۋاگزالى قاتارلىق بەش مەھەللە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قارايدۇ.

كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرى تەۋەسىدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ دىۋىزىيە شتابى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 27 پولىك دەرىجىلىك ئورگان ۋە 131 - پولىك مەيدان بىلەن 130 - پولىك مەيدانىنىڭ بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى بار. بۇلاردىن باشقا، يەنە مەركەزگە ۋە ئاپتونوم رايون، ئىلى ئوبلاستىغا قاراشلىق 50 كە يېقىن ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بار.

كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرى كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان جاي. 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 257 مىڭ 208، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر تەۋەسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ نوپۇسى 14 مىڭ 391 بولۇپ، شەھەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %5.60 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. شەھەر نوپۇسىنىڭ مىللەت تەركىبى بويىچە ئالغاندا، خەنزۇلار 244 مىڭ 983 بولۇپ، %95.24 نى، ئۇيغۇرلار 701 بولۇپ %0.31 نى، قازاقلار 4مىڭ64بولۇپ %1.58 نى، خۇيزۇلار 5 مىڭ401بولۇپ، %2.10نى، موڭغۇللار 730 بولۇپ، %0.28 نى، شىبەلەر 206 بولۇپ %0.08 نى، باشقا رۇس، داغۇر، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر 652 بولۇپ، %0.26 نى تەشكىل قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى شەھەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %5.59 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. كۈيتۇن (قاراسۇ) قەدىمدە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ يايلىقى بولۇپ، «يىپەك يولى» شىمالىي تارمىقىنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يولى، ئىلى، بۆرتالا، تارباغاتاي ۋە ئالتاي رايونلىرىغا قاتنايدىغان كارۋان يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان. جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ بۇ ئەۋزەللىكى ئەينى ۋاقىتلاردا خۇددى شىخەنزە (تاشئېرىق) گە ئوخشاش، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. يەرلىك خەلق قاراسۇ دەرياسىنىڭ بويىدىكى بۇ مۇنبەت زېمىننى دەريانىڭ نامى بىلەن قاراسۇ دەپ ئاتىغان. XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بۇ جاي جۇڭغار موڭغۇل قەبىلىلىرى تەرىپىدىن «كۈيتۇن» دەپ ئاتالغان، شۇندىن ئېتىبارەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان شىنجاڭغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردا قاراسۇ، كۈيتۇن نامى بىلەن ئېلىنغان. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، يەنى جۇڭغار موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە، قاراسۇنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى بۇ جايغا كۆپلەپ ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، ئۇنى ھەربىي گازارمىغا ئايلاندۇرغان. شۇنداق قىلىپ قاراسۇ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ھەم ئۆتەڭ، ھەم ھەربىي گازارما بولغان. چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ 22 - يىلى (1842 - يىلى) ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان لىن زېشۈي سۈرگۈن سەپىرىدە قاراسۇ (كونا قاراسۇ) دىن ئۆتكەن. ئۇ قاراسۇ ھەققىدىكى تەسىراتىنى «سۈرگۈندىكى سەپەر» ناملىق سەپەر خاتىرىسىگە كىرگۈزۈپ، قاراسۇنى «يۈز ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالىسى بار قونالغۇ ئۆتەڭ ۋە ھەربىي گازارما» دەپ بايان قىلغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 12 - يىلى (1886 - يىلى) قاراسۇ ئۆتىڭى بىۋاسىتە كۇر - قارائۇسۇ مەھكىمىسىگە قارىغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەزگىللەردە قاراسۇ شىخو ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزىلارنىڭ بىرى بولغان. كېيىنچە شىمالىي شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مۇھىم قاتناش - ئالاقە تۈگۈنىگە ئايلاندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قاراسۇدا يېزىلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىندى. 1955 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيىسى قاراسۇغا ئورۇنلاشتى. 1957 - يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ دىۋىزىيە شتابى پوتەيدىن قاراسۇغا يۆتكىلىپ كەلدى. 1958 - يىلى قاراماي شەھىرى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، قاراسۇ قاراماي شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ئورنى

مايتاغ بىلەن قاراماي شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. 1975 - يىلى 8 - ئايدا گوۋۇيۈەنىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرى تەسىس قىلىنىپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىندى، شۇ يىلى بۇ قارارغا ئاساسەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرى كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىگە يۆتكىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قاراسۇ بىر مەزگىل ئىلى ئوبلاستىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى بولدى. 1979 - يىلىغا كەلگەندە كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ مەمۇرىي مەركەزلىك ئورنىدا ئۆزگىرىش بولدى، شۇ يىلى 10 - ئايدا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كۈيتۇن (قاراسۇ) دىكى رەھبەرلىك ئورگانلىرى غۇلجا شەھىرىگە يۆتكەلدى، غۇلجا شەھىرى ئىلى ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىندى. كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ ئىلى ئوبلاستىنىڭ مەركىزى بولۇش ئورنى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرى يۇقىرىنىڭ قارارىغا ئاساسەن شەھەر بىلەن كۈيتۇن (قاراسۇ) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى (سابىق ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ بىر قىسمى) بىرلەشكەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. كۈيتۇن (قاراسۇ) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى پارتكومى بىلەن شەھەرلىك پارتكوم بىرلا ئاپپارات تەسىس قىلىپ، ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى ۋە شەھەرلىك پارتكومنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى جەھەتتە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى بىلەن كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بۆلۈنۈپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. بۇ بىرلەشمە باشقۇرۇش تۈزۈمى خۇددى شىخەنزە (تاش ئېرىق) نىڭكىدەك بولدى. 1981 - يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ھەرقايسى دىۋىزىيىلەرنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى كۈيتۇن (قاراسۇ) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى بىلەن بولغان بىرلەشمە باشقۇرۇش گەۋدىسىدىن پۈتۈنلەي بۆلۈنۈپ چىقتى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى، كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرى يەنىلا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا بىۋاستە قارايدىغان ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولۇپ قالدى. كۈيتۇن (قاراسۇ) نىڭ شەھەرلىشىش جەريانىدىكى تەرەققىيات باسقۇچى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى شىخەنزە (تاش ئېرىق) نىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىدىمۇ يېڭىدىن ئېچىلغان بوز يەر ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا، قاراسۇ دەرياسى بويىدىكى كونا قاراسۇ يېزىسى ئورنىدا بارلىققا كەلگەن، يېزا ئىگىلىكىنى تايانچ، يېنىك سانائەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى بىرلەشكەن، قاتناش - ترانسپورتى ئەپلىك، ئاساسىي ئەسلىھەلىرى تولۇق، پەن - مائارىپى تەرەققىي قىلغان يېڭى تىپتىكى شەھەر.

كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرى تەڭرىتېغى پۆرمە بەلبېغى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقى پلاتفورمىسى ئارىلىقىدىكى تاغ ئالدى يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن - ئېقىن سۇلار تىنمىلىقىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 450 —530 مېتىرغىچە كېلىدۇ. يەر ۋەزىيىتى سەل - پەل تەكشىرەك بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى بىر قەدەر ئاددىي، جەنۇبىي تەرىپى شېغىللىق، شىمالىي تەرىپىدە شالاڭ تارقالغان پەس بارخانلار بار، شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تومالى جىلغا، غەربىي ۋە شەرقىي قۇمۇشلۇق كۆللەر ئەتراپىدا سازلىقلار تارقالغان.

كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلباغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ، كىلىماتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ياز پەسلى ئىسسىق، قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق، ھاۋاسى قۇرغاق، ھۆل - يېغىنى ئاز، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ سوتكىلىق ۋە يىللىق پەرقى چوڭ، تۆت پەسلى ئېنىق. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 7C°، 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى —17C°، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى سوتكىلىق پەرقى 13C°،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەڭ زور بولغاندا 26C° غا بارىدۇ؛ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 182 مىللىمېتىر، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1747.8 مىللىمېتىر؛ يىللىق ئوتتۇرىچە قۇياش يورۇتۇش (ئاپتاپ) ۋاقتى 2691 سائەت، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى تەخمىنەن 180 كۈن؛ مۇز تۇتۇش قېلىنلىقى 40 — 50 سانتىمېتىر، يەرنىڭ توڭلاش چوڭقۇرلۇقى 1.45 مېتىرغا بارىدۇ.

كۈيتۇن (قاراسۇ) نىڭ سۇ بايلىقى بىر قەدەر مول. ئاساسلىق يەر ئۈستى سۈيىدىن قاراسۇ دەرياسى بار، ئۇنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 639 مىليون كۇب مېتىر. بۇ دەريا مايتاغ، قاراسۇ، شىخو ۋە جىڭ قاتارلىق جايلاردىن ئېقىپ ئۆتۈپ ئاخىرىدا ئېبىنور كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. (كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرى بۇ دەريا سۈيىنىڭ 1/3 قىسمىدىنلا پايدىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەر ئاستى سۇ بايلىقمۇ بىر قەدەر كۆپ، كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا يەر ئاستى سۈيىنى مەنبە قىلغان تەبىئىي شەكىللەنگەن بۇلاقلىق جىلغا ۋە قۇمۇشلىق كۆللەر بار، يەر مەيدانى پۈتۈن شەھەر ئومۇمىي مەيدانىنىڭ 0.28% تىنى ئىگىلەيدۇ. بۇلاقلارنىڭ سانى كۆپ، سۈيى ئۇلۇغ، تاقىلمىشى زىچ بولۇپ، سۈيىدىن پايدىلىنىش ئەپلىك. قاراسۇنىڭ ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۇ زاپىسى 140 — 170 مىليون كۇب مېتىر، ھازىر يىلىغا ئېچىپ پايدىلىنىلىۋېتىلگىنى 15 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان مىقدارىنىڭ 22.7% تىنى تەشكىل قىلىدۇ.

كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ بىر قىسىم پولك - مەيدانلىرىنى تايانچ قىلىپ، يېنىك سانائەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى بىرلەشكەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، قاتناش - ترانسپورت، سودا - سېتىق، مائارىپ - سەھىيە، پەن-تېخنىكا ۋە مۇلازىمەت كەسپىي ساھەلىرى ئۇنىۋېرسال راۋاجلانغان يېڭى تىپتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى. 1975 - يىلىدىن بۇيانقى قىسقىغىنە تەرەققىيات جەريانىدا، كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يېنىك سانائەت، بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق سانائىتى بويىچە ئۈرۈمچى، شىخەنزە (تاشئېرىق) شەھەرلىرىدىن قالسا، ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەر بولۇپ قالدى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى پۈتۈن شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر شەھەردە پاختا توقۇمىچىلىق، ئىلمە توقۇلما، تاماكا ئىشلەش، خىمىيە سانائەت، ماشىنىسازلىق، قەغەزچىلىك، يېمەكلىك، مەتبەئەچىلىك، ھاراق ئىشلەش، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە ئېچىملىكلەر سانائىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى چوڭ، ئۈسكۈنىلىرى يېڭى ھەم تولۇق، تېخنىكىسى ئىلغار، كەسپىي قۇرۇلمىسى تەڭشەلگەن، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، يۈرۈشلەشكەن سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. شەھەر تەۋەسىدىكى چوڭ - كىچىك يۈزگە يېقىن سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1995 - يىلى ياراتقان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 125 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1994 -يىلىدىكىدىن 9.06% ئاشقان. شۇ يىلدىكى كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى شەھەرنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە 93.22% نى، پۈتۈن ئىلى ئوبلاستى بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 14.95% تىنى ئىگىلىدى. 1995 - يىلى كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىدىكى سانائەت كارخانىلىرى 13 مىڭ تونna پەمىدۇر قىيامى، 136 مىڭ ساندۇق تاماكا، 13 مىڭ تونna ئىگىرىلگەن پاختا يىپ، 14 مىليون 510 مىڭ مېتىر پاختا رەخت ئىشلەپچىقاردى. مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ئىلمە توقۇلما بۇيۇملار، پەمىدۇر قىيامى قاتارلىقلار ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ «كۈيتۇن (قاراسۇ) ئالاھىدە ھارىقى» ئاپتونوم رايون ۋە مىنىستىرلىك بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.

كۇيتۇن (قاراسۇ) نىڭ ئېگىلىكىدە يېزا ئې-
گىلىكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شەھەرنىڭ
يەر مەيدانى كىچىك، بوز يەر مەنبەئى چەكلىك،
تېرىقچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرلىرى ئاساسەن
ئۆزلەشتۈرۈپ بولۇنغان. شۇڭا كۇيتۇن (قاراسۇ)
شەھىرى يېزا ئېگىلىكىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان
يېرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇش ئاساسىدا، يېزا ئېگىلىكىنىڭ كەسپىي قۇ-
رۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئەڭ ئېھتىياجلىق كەسپىي
ساھەلەرنى كۈچەيتىپ، ئۇنى كۇيتۇن (قاراسۇ)
نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەلىپى ۋە شەھەر
خەلقىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجى بىلەن مۇۋاپىقلاش-
تۇرۇپ، ناھايىتى زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىج-
تىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. 1995 - يىلىنىڭ
ئاخىرىدىكى يېزا ئېگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات
قىممىتى 81 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ،
1994 - يىلدىكىدىن 17.7% ئاشقان. يېزا ئې-
گىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى شۇ يىلدىكى
كۇيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ سانائەت - يېزا ئې-
گىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە 6.78%
نى ئىگىلىگەن. يېزا ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمى-
سىدا دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلۇپ، ئۆز
يېرىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن چارۋىچى-
لىق، قوغۇن - تاۋۇز مېۋىچىلىك، سۇ مەھسۇلات-
لىرىنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق قوشۇمچە كەسپ-
لەرنى بىرگە راۋاجلاندۇرغان. كۇيتۇن (قاراسۇ)
شەھىرىنىڭ دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان يې-
رى 13 مىڭ 334 گېكتار بولۇپ، شەھەر يەر
مەيدانىنىڭ 12.87% تىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ يەردىن
ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، تېرىلغۇ يەر سۈپىتىدە پايدىلىنى-
ۋېتىلگىنى 9 مىڭ 334 گېكتار بولۇپ، دېھقانچى-
لىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان يېرىنىڭ 70% تىنى
ئىگىلەيدۇ. چەكلىك تېرىلغۇ يېرىدىن ئۈنۈملۈك
پايدىلىنىپ، زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم
ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇ-
لاتىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاساسىدا، زىرا-
ئەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئىقتىسادىي زىرائەت-
لەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. تېرىلغۇ
يېرىنىڭ 60.17% تىنگە ئاشلىق، 39.83% تىنگە
ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىپ، 1995 - يىلى 7
مىڭ 823 تونىنا ئاشلىق، 415 تونىنا مايلىق دان،
335 تونىنا پاختا، 13 مىڭ 236 تونىنا ھەر خىل
كۆكتات ۋە 1405 تونىنا مېۋە ئىشلەپچىقاردى.

كۇيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ ئوتلاق بايلى-
قى چەكلىك، چارۋىچىلىقى دېھقانچىلىقى بىلەن
بىرلەشكەن، بىر قىسىم ئوتلاق چارۋىچىلىقىدىن
باشقا باقمىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇ-
ڭا، مال - چارۋىچىلىقنىڭ كۆلىمى كىچىك.
1995 - يىلى كۇيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ چارۋا
ۋە باقمىچىلىق كەسپلىرى 1330 تونىنا گۆش،
2797 تونىنا سۈت، 743 تونىنا ئۆي قۇشلىرى تۇ-
خۇمى ئىشلەپچىقىرىپ، شەھەر ئاھالىسىنى قو-
شۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەشتە مۇھىم رول
ئوينىدى.

كۇيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ ئورمان مەيدا-
نى 12 مىڭ 45 گېكتار بولۇپ، شەھەر ئومۇمىي
مەيدانىنىڭ 11.63% تىنى ئىگىلەيدۇ. ئورمانلى-
رى ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن دېھقانچىلىق رايونى
ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جىلغا، دەريا ۋادىلىرىدا قاي-
تىدىن ئۆسۈپ چىققان ۋە سۈنئىي ئۆستۈرۈلگەن
ئورمانلارنى ئاساس قىلىدۇ. شەھەر رايونىنىڭ كۆ-
كەرتىلىش مەيدانى 640 گېكتارغا يېتىپ، كىشى
بېشىغا توغرا كېلىدىغان كۆكەرتىلگەن يەر 8 كۋاد-
رات مېتىرگە، كۆكەرتىلىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى
30.5% گە يەتتى.

قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ، بۇ-
گۈن شىمالىي شىنجاڭ غەربىي قىسىم تاشيول قات-
ناش - ترانسپورتىنىڭ تۈگۈنى ۋە ماددىي ئەشيا-
لىرىنىڭ توپلىنىش - تارقىلىش جايى بولۇپ قال-
دى. ھازىر ئۈرۈمچى — ئىلى تاشيولى كۇيتۇن
(قاراسۇ) شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن توغرىسىغا كې-
سىپ ئۆتىدۇ، مايتاغ — قارامايى تاش يولى جەنۇ-
بىي - شىمال يۆنىلىشىدە كۇيتۇن (قاراسۇ) شەھى-
رىنى ئۇزۇنسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. كۇيتۇن (قارا-
سۇ) تۆت تەرەپكە يۆزلەنگەن تاش يول قاتناش تورى-
نى ھاسىل قىلىپ، شەرقتە ئۈرۈمچى شەھىرى،
غەربتە ئىلى رايونى، شىمالدا تارباغاتاي ۋە ئالتاي
رايونلىرى، جەنۇبتا مايتاغ — كۇچا تاشيولى ئار-

www.uyghurkitap.com

قىلىق كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى كۈيتۈن (قاراسۇ) شەھىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇقى ئىككىنچى چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۆلىكى — شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى كۈيتۈن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتىدۇ. ئاپتوموبىللارنىڭ 1995 - يىلىدىكى يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 219 مىليون 30 مىڭ ئادەم كىلومېتىرغا، يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 84 مىليون 220 مىڭ توننا كىلومېتىرغا يەتتى. ئەۋزەل قاتناش شارائىتى قاراسۇ شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەھەرنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىش قەدىمىنى تېزلەشتۈرىدۇ.

كۈيتۈن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، تەڭرىتېغى شىمالىي ئېتىكى ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي تەرەققىيات بەلبېغىدىكى «ئالتۇن ئۈچ بۇلۇڭ» رايونىنىڭ پوچتا - تېلېگراف تورىنىڭ تۈگۈنىگە ئايلاندى. ھازىر مۇلازىمەت تۈرى كۆپىيىپ، ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرى زامانىۋىلاشتى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئورنىتىلغان پروگراممىلىق تېلېفونلارنىڭ سانى 11 مىڭ 441 گە يېتىپ، تېلېفون سىغىمى ئاشۇرۇلدى. ئاپتوماتىك ئۇزۇن يوللۇق بىۋاسىتە تېلېفونلار پۈتۈن مەملىكەت تورىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئالاقىلىشىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

سانائەت — يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ كۈيتۈن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ ئىستېمال تاۋار بازىرىدا گۈللىنىش بارلىققا كەلدى. تاۋار ئىستېمالىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلارنىڭ تۈرى كۆپەيدى، سودا - سېتىق كۆلىمى چوڭايدى، تاۋار ئوبوروتى جانلاندى. 1995 - يىلى شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18.4% ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شۇ يىلدىكى ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 1.66% تىنى ئىگىلىدى. ئىچكى بازار سودىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان سوممىسى 78 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 67.37% ئاشتى. دۆلەت ئىچىدىكى سودا كېلىشىم سوممىسى 26 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، چېگرا رايون سودىسىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 382 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇلاردىن باشقا، ساياھەتچىلىكتىن 1995 - يىلى 29 مىڭ 400 دوللار تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلدى.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ راۋاجلىنىشى، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ كۈيتۈن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىدا خېلى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان پەن - تېخنىكا خادىملىرى 1853 (مىللىي 129) غا يەتتى. 1995 - يىلى ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقاتتىن 18 تۈرنى تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، سەككىز تۈر ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

كۈيتۈن (قاراسۇ) شەھىرى ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى، «ئالتۇن ئۈچ بۇلۇڭ» ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنىڭ مەركىزى، ئىقتىسادىي بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، مائارىپ ئىشلىرىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا راۋاجلانغان. ھازىر شەھەر بويىچە بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن، باشلانغۇچ مائارىپ، ئومۇمىي مائارىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى ۋە چوڭلار مائارىپىدىن ئىبارەت كۆپ قاتلاملىق مائارىپ سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. 1995 - يىلى كۈيتۈن (قاراسۇ) شەھىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 21 (مىللىي مەكتەپ 1)، ئوقۇغۇچىسى 7 مىڭ 947 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار 510)، ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (مىللىي مەكتەپ 1)، ئوقۇغۇچىسى 4 مىڭ 811 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار 298)، چوڭلار مائارىپى ئالىي مەكتىپى 4، ئوقۇغۇچىسى 1 مىڭ 541 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار 191)، ئوتتۇرا تېخنىكوم 9، ئوقۇغۇچىسى 3 مىڭ 978 (مىللىي ئوقۇغۇ-

چىلار 237) گە يەتتى.

كۇيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ سەھىيە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، تىببىي داۋالاش شارائىتى بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ ياخشىلاندى. لېكىن نوپۇسى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان شىخەنزە (تاش ئېرىق) شەھىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ سانى تىببىي تېخنىكا خادىملىرى بىلەن كېسەل كارۋاتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مىڭ كىشىگە توغرا كېلىدىغان سانى خېلى پەرق قىلىدۇ. 1995 - يىلى شەھەرگە تەۋە سەھىيە ئورگانلىرى 68 (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 3، ئامبولاتورىيە8) گە، كەسپىي تىببىي تېخنىكا خادىملىرى 1 مىڭ 449 گە، كېسەل كارۋاتلىرى 1 مىڭ 132 گە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مىڭ كىشىگە 4.4 كېسەل كارۋىتى، 6.5 تىببىي تېخنىكا خادىمى توغرا كەلدى.

كۇيتۇن (قاراسۇ) شەھىرى ئىلى ئوبلاستىنىڭ نۇقتىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى، تەڭرىتېغى شىمالىي باغرى ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي تەرەققىيات بەلبېغىدىكى «ئالتۇن ئۈچ بۇلۇڭ» ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىنىڭ مەركىزى. ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇن. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، شەھەرنىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە قولاي قاتناش شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىدا كۇيتۇن (قاراسۇ) ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. تەرەققىيات رايونىنىڭ ئاساسىي ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 132 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كۆلىمى 4 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تىزىمغا ئالدۇرغان كارخانىلار 253 كە، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 295 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ 1995 - يىلى تىزىمغا ئېلىنغان كارخانىلاردىن 64 ى تەستىقلاندى، بۇلارنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 54 مىليون 256 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. بۇ ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 145 مىليون يۈەنلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى يارىتىپ، دۆلەتكە 11 مىليون 891 مىڭ 500 يۈەن باج تاپشۇردى. 1995 - يىلدىن باشلاپ كۇيتۇن (قاراسۇ) ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئۇنۇمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. كۇيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ بازار ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇپ، شەھەرنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. يات ئارىدا كۇيتۇن (قاراسۇ) شەھىرىنىڭ چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، سودا - سېتىق ئىشلىرى جانلانغان، سانائىتى تەرەققىي قىلغان، پەن - تېخنىكىسى ئىلغار، مۇھىتى گۈزەل، ئۇنىۋېرسال كۆپ فۇنكسىيىلىك شەھەر بولۇپ قېلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. كۇيتۇن (قاراسۇ) ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى شەھەرلىشىشنىڭ شىخەنزە (تاشئېرىق) دىن قالسا، ئىككىنچى تىپىك ئۈلگىسى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. 新疆年鉴 1994 新疆人民出版社,1994.8
2. 新疆年鉴 1996 新疆人民出版社,1996.8
3. 新疆通志 新疆人民出版社,1995.9


(پوچتا نومۇرى: 830046)

**تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

uyghurkitap.com

1998 - يىلى 3 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 19. يىللىق 1- سان
1998 年 3 月 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 第 19 卷第一期

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە بالاساغۇن

قاسىم ئارىش*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى، بالاساغۇن شەھىرىنىڭ بىنا بولۇشى ھەم جۇغراپىيىلىك ئورنى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要:** 本文论述玉素甫·哈斯·哈吉甫及其著作《福乐智慧》,巴拉沙衮城的建成及其地理位置等。

**Abstract:** This article is about Yosuf Has Hajip and his famous work "Khutadgyu Bilig" The author also discusses about Balasaghun city its construction and geographical location.

## 1

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە، بۇ سۇلالە تەركىبىدە ياشاۋاتقان ھەر خىل تۈركىي ئۇرۇق - قەبىلىلەر تۇرمۇشىدا، تىل ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە ئالاھىدە ئۆزگىرىشلەر بولدى.

بۇ دەۋردە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنىغا ئايلىنىپ روناق تاپتى. لېكىن ئۇنىڭغا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادلىرىمۇ سىڭىپ كىردى؛ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا تۈنجى قېتىم سىستېمىلىق ھالدا ئىسلام مەدەنىيىتى شەكىللەندى. قاراخانىلار ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا پەرقمۇ يوق ئەمەس ئىدى، قاراخانىلار ئىسلام مەدەنىيىتى بولسا، قەدىمكى ئەنئەنىۋى تۈركىي مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى جەۋھەرلىرىنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن بۇنىڭدا يەنە تۈركىي قەبىلىلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. قاراخانىلار تەۋەلىكىدە ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرمۇ ياشايتتى، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بەزى قەبىلىلەرنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى بىلەن ئادەتتىكى پۇقرالىرى ئايرىم - ئايرىم سۆزلىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار ئىدى. كۇچا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئەنەتكەك (ھىند) تىلىدا سۆزلىشىدىكەن، لېكىن پۇقرالارنىڭ ئاساسىي قاتلىمى بولسا، ئاساسەن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىكەن①. لېكىن قاراخانىلار تەۋەلىكىدىكى جايلاردا ئاساسەن تۈركىي تىلدا (ئۇيغۇر تىلىدا) سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە ئىكەن ئىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى ئۇيغۇر تىلى ئىدى. بۇ تىلنى ئەينى ۋاقىتتا «خاقانىيە تىلى»، «قەشقەر تىلى»، «خاقانىيە تۈركىي تىلى» دېگەن ناملار بىلەن

* قاسىم ئارىش: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى.

ئاتالغان. قاراخانىلار سۇلالىسى X ئەسىر ئاخىرلىرى ۋە XI ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم - پەن مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا قاراخانىلارنىڭ قەشقەر، بالاساغۇن، سەمەرقەند، بۇخارا، ئوترار··· قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىدە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىي تاپتى، نۇرغۇن ئالىم، يازغۇچى، شائىرلار مەيدانغا كەلدى. مەشھۇر ئۇيغۇر (قارلۇق) ئالىمى فارابى (870 — 950)، خارەزملىق ئەبۇرەيھان بىرونىي (972 — 1049)، بالاساغۇنلۇق يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى . . . قاتارلىقلار مانا شۇ چاغلاردا يېتىشىپ چىققان ئالىملار ئىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ياۋروپا مەدەنىيىتىدىن ئۈستۈن ئىدى.

## 2

يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۇسۇپ خاس ھاجىپ مانا شۇ قاراخانىلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن چوڭ ئالىم ۋە ئاتاقلىق شائىر ئىدى. تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەخمىنەن 1015 —1016 - يىللىرى قاراخانىلارنىڭ يەنە بىر پايتەختى بالاساغۇندا بىر باي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن②. ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرى ۋە ئوقۇش يىللىرىنى مانا شۇ بالاساغۇن شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھايات كەچۈرگەن قەشقەر ۋە بالاساغۇن ئۆز دەۋرىدە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن ئىدى. ئاپتور جەمئىيەت ئىشلىرىغا قويۇق ئارىلاشقان، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى چۈشىنىش يولىدا قىزغىن ھەرىكەت ئېلىپ بارغان، جەمئىيەتنى كۆپ كۆزەتكەن تەرەققىيپەرۋەر زات ئىدى. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن بىلىنىدۇكى، ئۇ، 1069 — 1070- يىللار ئارىلىقىدا مەشھۇر داستان «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىپ چىققان.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئالىي مەلۇماتلىق كىشى بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىلار سۇلالىسىغا خاس مەخسۇس ئەسەر بولۇپلا قالماي، بەلكى قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسى، پەلسەپىسى، سىياستى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مەسىلىلىرى مەزمۇن قىلىنغان ۋە بايان قىلىنغان مۇھىم مەدەنىي مىراس. داستاندا، تارىخ، پەلسەپە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ۋە دىنىي ئېتىقادقا دائىر كۆپ مەسىلىلەر سۆزلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئالىمنىڭ مېدىتسىنا ئىلمى ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىق تىبىبىي ئالىم ئىبىن سىنا تەلىماتلىرى بىلەن پىششىق تونۇش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى يېزىلغان ۋاقىتتا قاراخانىلار ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ تەخمىنەن ئىككى ئەسىر ئۆتكەنىدى. بۇ، قاراخانىلار مەدەنىيىتى تازا گۈللىنىپ روناق تاپقان، مەھمۇت قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش مەرىپەتپەرۋەر ئالىملار مەيدانغا كەلگەن مەزگىللەر ئىدى.

1042 - يىلى قاراخانىلار سۇلالىسى ئىككىگە بۆلۈنگەنىدى. كېيىن غەربىي قاراخانىلار (ئىلىكخانلار) بىلەن شەرقىي قاراخانىلار (قاراخانىلار) ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەت تۈپەيلى بىر مەزگىل بالاساغۇندىكى سىياسىي ۋەزىيەت ناھايىتى كەسكىنلەشتى؛ شەرقىي قاراخانىلاردا ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى باشلىنىپ ئۆزئارا قىرغىنچىلىقلار يۈز بەردى. بۇ ھال خەلق تۇرمۇشىنى خارابلاشتۇرۇپ، خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ياماﻧلاشتۇردى. مانا مۇشۇنداق بىر تىنچسىز ۋەزىيەتتە يۇسۇپ خاس ھاجىپ بالاساغۇندىن قەشقەرگە كەلدى. ئۆزىنىڭ چوڭ ھەجىملىك «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنى قەشقەردە يېزىپ تاماملىدى ۋە ئۇنى 1074 — 1103 يىللىرى قاراخانىلىق تەختىدە ئولتۇرغان قاراخانىلار خانى تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان.

قاراخانىلار دەۋرىدە يېزىلغان بۇ بۈيۈك ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ جانلىق نەمۇنىسى، ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسى ۋە مەدەنىيەت-سەنئەت ھاياتىنىڭ ئەڭ كونا يادىكارلىقى بولۇپ،

بۇندىن ئازغىنە كەم 1000 يىل ئىلگىرى يېزىپ XIX ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسىغا تونۇلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئەرەب، پارس تىللىرى ئىنتايىن ئاز. بۇنىڭدىكى ئاسترونومىيىگە ئائىت بىرمۇنچە ئاتالغۇلار ۋە باشقا ئابستراكت ئىسىملارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىل ئاتالغۇلىرى ۋە تۈركىي تىللاردا ئىشلىتىلىدىغان ئىسىملار بىلەن يېزىلغان. بەزىلەر «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئىران ساسانىلار سۇلالىسى شائىرى پىردەۋسى يازغان «شامنامە» گە ئەدەبىي جەھەتتىن باغلىنىشى بار دەپ قارايدۇ، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەلۇم جەھەتتە يۇقىرىقى كىتابقا ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرى بولسىمۇ، لېكىن شەكىل ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن بۇ ئىككى كىتاب بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئىتالىيە ئالىمى بومباچىنىڭ ئېيتىشىچە، «بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن تامامەن ئورىگىنال (باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان) بىر ئەسەردۇر». ئىرانلىقلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە «شاھنامە ئىي تۈركىي» دەپ نام بېرىشى ھەققىدىكى گەپلەر «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «شاھنامە» ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر جىددىي مۇناسىۋەت بارلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ③. سەدرىددىن مەقسۇدى «شاھنامە» دە ئەپسانىۋى ئىران تارىخى تەسۋىرلەنگەن، «قۇتادغۇبىلىك» تە بولسا، دۆلەت ئىدارىسىدىن، ھوقۇقتىن، ئىجتىمائىي ئەخلاقتىن بەھس قىلىدۇ، دېگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەرەققىياتى داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە بايلىقىنىڭ يەكۈنىدۇر. بەزى ئالىملار سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن بۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك يېزىلغان ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئەھمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» («ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى») ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىغان، ھەتتا «قۇتادغۇبىلىك» تىن 250 يىل كېيىن يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىكى باھار پەسلى تەسۋىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە تەسۋىرلەنگەن باھار تەسۋىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا يېزىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. 1909 - يىلى ئىدىل (ۋولگا) دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىدىكى سارايچىق كەنتىدىن تېپىلغان كۆمزەكتىكى «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى شېئىر مىسرالىرى بۇ ئەسەرنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ قانچىلىك كەڭ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە بىر ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ كلاسسىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈلۈپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدە خىلمۇ خىل كۆز قاراشلار كېلىپ چىقتى. بىزنىڭ بىردىنبىر كۆز قارىشىمىز شۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقى جانلىق دەۋر تارىخىنىڭ ۋە بىر ئالاھىدە مۇھىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر④.

لېكىن بەزى ئالىملار «قۇتادغۇبىلىك» ھازىرقى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق، دەپ قارايدۇ. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ھەقىقەتەن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار. «قۇتادغۇبىلىك» تىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى بەزى «ئورتاق تەركىبلەر» نى تاپقىلى بولىدۇ. لېكىن «قۇتاغۇبىلىك» كە ئوخشاش ئەدەبىي مىراسنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى، روشەنكى، ساپ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى كاتېگورىيىسىدىن چىقىپ كەتكەن⑤. چۈنكى . . . قۇتاغۇبىلىك قېتىپ قالغان بىر دۆۋە تىل نۇسخىلىرى ئەمەس. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ ئالاھىدە رايوندىكى ئالاھىدە كىشىلەر كوللېكتىپىنىڭ (قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ) جانلىق بىر دەۋر تارىخىنىڭ ۋە بىر خىل ئالاھىدە مۇھىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. كونكرېت تارىخىي تەۋەلىك جەھەتتە، زامان، ماكاندىن ھالقىغان «ئورتاق» لىق مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىلا تەكشۈرۈش كۇپايە قىلمايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» ئىنتايىن مول ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا كۆرسەتكەن دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېرى بىلەن ئەدەبىيات ۋە تىل تەتقىقات كاتېگو-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

رىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. بۇنىڭدا «قۇتادغۇبىلىك» يارىتىلغان دەۋردە قايسى مىللەت قەدىمكى دەۋر يازما ھۆججەتلىرىنىڭ ئۆلچەملىك تىلىنى، مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغانلىقى، قايسى مىللەتنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تە تەسۋىرلەنگەن ئىجتىمائىي فورماتسىيىنى ھازىرلاپ بولغانلىقى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىرەر مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ تەۋەلىكى تىل جەھەتتىكى ئوخشىشىپ كېتىش بىلەنلا بەلگىلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. تىل جەھەتتە تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە شەيئىلەرنىڭ ھەممە جەھەتتە تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بولۇشى ناتايىن⑥.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەۋرىدىكى (Ⅷ — XV) ئورخۇن ئابىدىلىرىدىن ئۇيغۇر دۆلىتىگە ئائىت ئابىدىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، كۆك تۈركلەر دۆلىتى بەربات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا تىكلەنگەن «ئورخۇن — ئۇيغۇر دۆلىتى» مانا شۇ ئاۋۋالقى دۆلەتنىڭ مەدەنىيىتىگە بىۋاسىتە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان. مۇھىمى بۇ ۋاقىتتا، كۆك تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى بىر - بىرىدىن ئاجرالمىغان (شىۋە پەرقلىرى بولسىمۇ) بىر تىل ئىدى. بۇ ئىككى دۆلەت دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە پەرق يوق ئىدى⑦. ئۆزبېكلەر XVI ئەسىر ئالدى كەينىدە ئۆز ئالدىغا بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن ھەمدە دەسلەپكى ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بىر زېمىندا ياشىغان، تىل جەھەتتە تۇغقان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تارىخ، ئورتاق ئەدەبىياتقا ئىگە بولۇشىمۇ ناتايىن. قايسىلا مىللەتنىڭ تىلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ، مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ تارىخى ۋە بىرلىككە كەلگەن يازما ئەدەبىي تىلى بولۇشى سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىدا ئېنىق باغلىنىش نۇقتىسىغا ئىگە بولۇپ كەلگەن. «قۇتادغۇبىلىك» قەدىمكى ئۇيغۇرلار ياراتقان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق. ئۇنىڭ زامان، ماكاندىن ئايرىلىپ كېتىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى ھازىرقى زامان ئۆلچەملىك تىلغا ئىگە 30 نەچچە مىللەتنىڭ ھەممىسىگىلا تەئەللۇق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس⑧. رۇس ئالىمى ئىۋانوۋ: قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ «خاقانىيە تىلى» دېگىنىمىز «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەسۋىرى تىلىدۇر»⑨ دەپ توغرا كۆرسىتىدۇ؛ ئى. تېنىشېۋ: «قۇتاغۇبىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىنتايىن مول ۋە چىنىققان ئەدەبىي تىلى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يېزىقى بىلەن يېزىپ چىققان ئەدەبىي ئەسىرىدۇر»⑩ دەپ توغرا چۈشەنگەن. تىل نۇقتىسىدىنلا ئېيتقاندىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تىلى ئابستراكت ئۇقۇم ئۈستىگە تىكلەنگەن ئەينى ۋاقىتتا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھەممىسىدە تەڭ قوللىنىلغان ئاتالمىش «تۈركىي تىل» بولماستىن، بەلكى كونكرېت قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدۇر⑪.

تىللار ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتتا سېلىشتۇرما تىللارنىڭ پەرقى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەنگلىيىلىك خ. شوۋت: «تىلنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ھەربىر تىلنىڭ مۇھىم ئۆزگىچىلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سالىدىغان قىلىپ قويدى» دەپ تەنقىد قىلغانىدى. بۇ ئالىملار تارىختىكى «ئورتاقلىق» ئارتۇقچە تەكىتلىنىپ كەتسە، تىلشۇناسلىقتىكى ماداراچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

— «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تىلىغا كەلسەك، مالوۋ ئۇنى مۇسۇلمان يادىكارلىقى، دەپ كۆرسىتىدۇ، ئەسەر تىلىنى «ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئىقرار قىلىدۇ⑫. ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە «بۇغراخان تىلىنچە» دېگەن سۆز ئەسەرنىڭ شۇ چاغدا قەشقەردە «بۇغراخان» تىلى دەپ ئاتالغان خاقانىيە تىلى بىلەن يېزىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ چاغلاردا قەشقەردە بۇغراخان ھاكىمىيىتىنى تەشكىل قىلغان ئاساسىي خەلق ئۇيغۇرلار ئىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي - مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇشىغا دائىر مەلۇمات بەرگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بەزى تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقانلىقى، ئۇيغۇر ۋە بەزى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۈسۈملۈك دورىلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بۇنىڭدا مەھمۇت قەشقەرى تۈركىي خەلق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەر دېگەندە، ئازچىلىقنى بىلدۈرىدىغان «بەزى» سۆزىنى قوشۇپ ئۇيغۇر دېگەن سۆزدىن كېيىن تىلغا ئالىدۇ.

دېمەك، «بۇغراخان تىلىنچە» دېگەن بۇ سۆزدە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا بۇ ئەسەر يېزىلىپ مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، «قۇتادغۇبىلىك» تە قوللىنىلغان سۆزلەرنىڭ خېلى قىسمى هازىرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستېمالىدا ساقلانماقتا. مەسىلەن، ئۆز - ئۆز (چىرايلىق)، ئۆگۈز — ئەگىز (دەريا)، يىلىك - يىلىك (يالىڭاچ)، ئەش - ئەش (بالا تۇغۇلغاندا چۈشىدىغان بالىنىڭ ھەمراسى)، تۇرا-تۇرا (تۇر - قورغان)، يېمىش - يېمىش (يەل يېمىش)، تول - تول (تۇل خوتۇن).... قاتارلىقلار.

ئومۇمەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسەرى قاراخانىلار دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە.

## 3

يەتتە سۇ، چۇ، تالاس قاتارلىق جايلار قەدىمىي مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇپ كەلگەن. بۇ يەرلەردە ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بىرمۇنچە شەھەرلەر بەرپا قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە سۇياپ ۋە بالاساغۇن ئەڭ مەشھۇر شەھەرلەردىن بولغان. ئەپسۇسكى، بۇ شەھەرلەرنىڭ ئورنى ئېنىقلاش تولىمۇ تەس بولۇپ، كۆپ تالاش - تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سەۋەبى، بۇ شەھەرلەر بىر گىچە بىرىنچىدىن، ئۆز نامىنى يوقاتقان، ئىككىنچىدىن، قۇم ئاستىدا قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاساغۇننىڭ نەگە جايلاشقانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن شەرقشۇناس ئالىملار XIV ئەسىردىن باشلاپ ئىزدىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، تېخىچە قانائەتلىنەرلىك بىرەر نەتىجە چىقمىدى.

بالاساغۇن قاراخانىلار دەۋرىدە قاراخانىلار پايتەختىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ھەم سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەم مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. ئۇنىڭدىن كۆپلىگەن ئالىم، يازغۇچى، شائىرلار يېتىشىپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاساغۇننىڭ ئورنىنى بەلگىلەش، مەيلى تارىخىي جەھەتتە، مەيلى ئىلمىي جەھەتتە بولسۇن ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن ئالىملار بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ھەققىدە ھەر خىل پىكىر يۈرگۈزۈپ كەلدى. بۇ پىكىرلەرنىڭ تولىسى گۇمانىي بولۇپ، تېخىچە ھېچكىم ئىلمىي نۇقتىدىن بىرەر مۇقىم يەكۈن چىقىرالمىدى. بارتولد «بالاساغۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر شەھەر، ئۇنىڭ ئورنى نەدە ئىكەنلىكى ئېنىقلانمايۋاتىدۇ»⑬ دېگەنىدى.

XIV ئەسىرنىڭ بىرىنچى ئون يىلىدا «بالاساغۇن» ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى نامى بىلەن ئاتالغان، ئەمىر تۆمۈر (ئاقساق تۆمۈر) نىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى يېزىلغان يازمىلاردا «بالاساغۇن» دېگەن نام ئۇچرىمايدۇ. بەلكىم XIV ئەسىردىن ئىلگىرى ئۆزلۈكسىز بولۇپ تۇرغان تەخت تالىشىش كۆرەشلىرى نەتىجىسىدە بالاساغۇن شەھىرى ۋەيران بولغان بولسا كېرەك ⑭.

1893 — 1894 - يىللىرى، بارتولد تالاس، چۇ ۋادىلىرىغا كېلىپ، ئۇ يەردىكى ۋەيران بولغان كۆپلىگەن ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت شەھەرلەرنىڭ ئورنىنى كۆردى. لېكىن بالاساغۇننىڭ ئورنىنى ئېنىقلىيالمىدى. پەقەت قىياسەن، بالاساغۇن «ئاق پېشىن بولۇشى مۇمكىن» ⑮ دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ يەنە تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بالاساغۇننى تالاس (تىراز) نىڭ شەرقىي شىمالىدىن، چۇ دەرياسىنىڭ بويىدىن ئىزدەش كېرەك دەپ كۆرسەتكەن⑯.

بالاساغۇننىڭ ئورنىنى ئىزدەش تاكى كېيىنكى ۋاقىتلارغا قەدەر داۋام قىلدى. چۇ دەريا ۋادىسى بويىدىكى كۆپلىگەن ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى شەھەرلەرنىڭ ئورۇنلىرى ئۈستىدە كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. سوۋېت ئارخېئولوگلىرى، تارىخشۇناسلىرى بۇ ھەقتە ھەر خىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاتاقلىق شەرقشۇناس پروفېسسور ئا. ن. بېرنىشتام ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان زېمىنىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، يەرلىك خەلقنىڭ تارىخىنى يېزىشقا مۇئەييەن ھەسسە قوشقان تۈركولوگ ئى-

دى. ئۇ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش —
تەكشۈرۈش جەريانىدا «ئاق پېشىن» بالاساغۇن شۇ
دېگەن پىكىرگە كەلگەن. ۋەتەن ئۇرۇشىدىن كې-
يىن ئۇ بۇ خىزمەتنى يەنىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ ئىل-
مىي ماقالىلەرنى يازغان، ل . ر. قىزلاسوۋ ئاق
پېشىن يۇرتىنى بالاساغۇن شۇ دېگەن ھۆكۈمنى
تەكرارلىغان. لېكىن بىرنەچچە ۋاقىت بولغاندىن
كېيىن، ئۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە
بىر ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ «ئاق پېشىن»نى
بالاساغۇن دېگەن پىكرىدىن يېنىۋالغان، ھەتتا ئۇ
«ئاق پېشىنىمۇ، بۇرانانىمۇ بالاساغۇن ئەمەس»⑰
دېگەن.

1950 - يىللىرى قىرغىزىستان ئارخېئولوگى
پ. ن. كوجېمياكو چۇ ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئوت-
تۇرا ئەسىر شەھەرلىرىنىڭ ئورۇنلىرى ئۈستىدە
ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە بۇ
يۇرتلاردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا
ئاساسلىنىپ، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرىنى ئېنىق-
لىغان ھەمدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ سىخې-
مىسىنى سىزىپ، بۇرانا شەھىرىنى تەتقىق قىلغان
ۋە بۇرانا IX ئەسىردە بىنا بولغان، XII ئەسىرگە
قەدەر ئۆمۈر سۈرگەن دېگەن نەتىجىنى چىقارغان،
يەنى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە بىنا بولغان
شەھەرگە ئوخشايدۇ، شۇ دەۋردىن قالغان مۇنارىلەر
ساقلانغان دەيدۇ. بۇ توغرا ئەمەس، بورانانىڭ ئۆ-
مۈر سۈرگەن ۋاقتى بالاساغۇنغا توغرا كەلمەيدۇ.
تارىخىي ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، بالاساغۇن VIII
ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا؟ بىنا بولۇپ، XIII ئەسىرگە
قەدەر دەۋر سۈرگەن.

قازاقىستان ئالىمى ۋاقىت شېلېكېنىۋ قازاق
مەملىكەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگلىرى
تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا ئەسىر چۇ ۋادى-
سىدىكى «ئاقتۇپە» شەھىرىنى بالاساغۇن شۇ دەي-
دۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى پروفېسسور
ئا. ن. كونونوۋ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ رۇسچە
تەرجىمە نۇسخىسىغا يازغان مۇقەددىمىسىدە «يۈ-
سۈپ بالاساغۇنى تۇغۇلغان بۇ شەھەر ‹قۇز ئوردا›
ۋنامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى قەيەردە
ئىكەنلىكى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى»⑱ دىسە،
ئۇيغۇر ئالىمى، سوۋېت ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكا-
دېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى مەرھۇم مۇرات
ھەمرايېۋ 1972 - يىلى ئالما ئاتادا نەشر قىلىنغان
«دەۋر سەھىپىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 84 - بې-
تىدە «بالاساغۇن شەھىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى
تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا گۇمانلىق بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان ۋە ئىجادىيەت
ئېلىپ بارغان قەشقەردە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچ-
قانداق گۇمان يوق»⑲ دەپ يازىدۇ.

مەرھۇم ئۇيغۇر ئالىمى، پروفېسسور ئابدۇ-
شۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قەشقەر ئاتۇشنىڭ جۇغرا-
پىيىلىك مۇھىتىنى تەتقىق قىلىپ، بالاساغۇن «ئا-
تۇش»⑳رايونى دائىرىسىدە دەيدۇ.

قىرغىزىستان ئالىمى ئۇ. قارايېۋ ئۆزىنىڭ
«قىزغىزىستان مەدەنىيىتى» گېزىتىدە ئېلان قى-
لىنغان بىر ماقالىسىدە، م. قوجابېكوۋ يەنە شۇ
گېزىتتە ئېلان قىلغان «بالاساغۇن كىمنىڭ»؟ دې-
گەن ماقالىسىدە، بالاساغۇنىنى ئۆزلىرىگە تارتىپ
يازىدۇ. بۇ يەردە مەسىلە بۇ شەھەر (بالاساغۇن)
نىڭ ھازىرقى قايسى مىللەتنىڭ زېمىنىغا جايلاش-
قانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئورنىنى ئىلمىي
يول بىلەن ئىسپاتلاش — ئېنىقلاش مەسىلىسى
مۇھىم. بالاساغۇن تارىختا كۆپ خاتىرىلەنگەن شە-
ھەر، ئۇنى بولا - بولماس پاكىتلار بىلەنلا بىر
يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن قىزلاسوۋ ئېيتقاندەك، ئاق پېشىنمۇ، بۇرا-
نامۇ بالاساغۇن بولالمايدۇ. سەۋەبى، ھازىرقى ئار-
خېئولوگىيىلىك ۋە يازما ماتېرىياللاردىن قارىغان-
دا، بۇ شەھەرلەر ياشىغان دەۋرى، ئاسترونومىيە-
لىك ئورۇنلىشىشى جەھەتتە بالاساغۇنغا ئوخشىماي-
دۇ.

بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئورنى ھېلىمۇ ھەل
بولمىغان مەسىلە قاتارىدا ئالىملارنىڭ ئالدىدا تۇر-
ماقتا. ھازىرچە بالاساغۇننىڭ نەگە جايلاشقانلىقىنى
ئىسپاتلىغىدەك دەلىل - ئىسپاتلار يېتەرسىز. «تا-
رىخىي خاتىرىلەردە بالاساغۇننىڭ ئورنىنى تالاس
(تىراز) نىڭ شەرقىي شىمالىدىن، چۇ دەرياسى بو-
يىدىن ئىزدەش كېرەكلىكى خاتىرىلەنگەن»㉑.

www.uyghurkitap.com

ئەرەب ئالىملىرى يەتتە سۇ، چۇ، تالاس ۋادىلىرىدىكى يىپەك يولى دەپ ئاتالغان قەدىمىي كارۋان يولىدىكى بىرمۇنچە چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەرنىڭ ناملىرىنى ئاتاپ ئۆتىدۇ. تارىخىي ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، چۇ، تالاس ۋادىسىدا ئۇچ چوڭ شەھەر بولغان. مەسىلەن، بالاساغۇن، سوياپ، تالاس. بۇلارنىڭ ئىچىدە بالاساغۇن ئەڭ چوڭ ۋە مەشھۇر شەھەر بولۇپ، IX — XIII ئەسىرلەردە قاراخانىلار ۋە قاراقىتانلارنىڭ پايتەختى بولغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. X ئەسىر ئاخىرلىرى XI ئەسىر باشلىرىدا ئۆتكەن خارەزم ئالىمى ئەبۇرەيھان بىرونىي ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك دۇنيا خەرىتىسىدە بالاساغۇننى 89°30′ ئۇزۇنلۇقتا، 44°40′ كەڭلىكتە جايلاشتۇرغان؛ تالاسنى 89°50′ — 43°40′ ئارىلىقتا جايلاشتۇرغان. XIII ئەسىر ئاخىرى XIV ئەسىر باشلىرىدا ياشىغان ئەرەب جۇغراپىيە ئالىمى ئەبۇل فىدا بالاساغۇننىڭ ئورنىنى 91°50′ ئۇزۇنلۇق 47°40′ كەڭلىكتە ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە بۇ شەھەرنىڭ تۈرك (ئۇيغۇر) ئېلىدە 7 ـ ئىقلىمغا (كىلىماتقا) جايلاشقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ㉒ ئۇنىڭ بۇ مەلۇماتى بىرونىنىڭ مەلۇماتىغا يېقىن كېلىدۇ. مەھمۇت قەشقەرىمۇ ئۆزىنىڭ دائىرە دەپ ئاتالغان خەرىتىسىدە بالاساغۇننىڭ 7 ـ ئىقلىمدا (كىلىماتتا)، تالاسنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ㉓.

يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ بالاساغۇننى خەرىتىسىدە كۆرسىتىشى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بالاساغۇن تالاسنىڭ شەرقىدە، چۇ دەرياسى بويىدا ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. تارىختىن مەلۇمكى، ھازىرقى يىپەك يولى دەپ ئاتالغان قەدىمىي كارۋان يولى بويىدىكى يىرىك شەھەرلەر قۇلان، مېركە، ئاسپارا قاتارلىق شەھەرلەردۇر. بەزى مەلۇماتلاردا مۇشۇ يول بىلەن ماڭغاندا تالاس بىلەن بالاساغۇننىڭ ئارىلىقى 200 — 250 چاقىرىمدىن ئاشمايدىكەن.

ئوتتۇرا ئەسىر ئالىملىرى بالاساغۇننىڭ ئورۇنلاشقان ئورنىنىڭ تۇرمۇشقا ئىنتايىن قولاي، باي، سۈيى مول جاي ئىكەنلىكىنى يازغان. X ـ ئەسىردە ياشىغان ئەرەب جۇغراپىيە ئالىمى ئەلمۇقەددەسىي «بالاساغۇن سۈيى مول، خەلقى كۆپ چوڭ شەھەر»㉔ دەپ يازىدۇ؛ مەھمۇد ئىبن بالى «موڭغۇللار كەلگىچە بالاساغۇن ياخشى ساقلانغان، گۈللەنگەن شەھەر ئىدى. كېيىن خارابلىشىپ، تۇزۇپ — ۋەيران بولۇپ كەتكەن» دەيدۇ ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ كىتابىنى بەلخ شەھىرىدە يېزىپ بولغاندا، قەشقەردىن كەلگەن بىر يولۇچى سودىگەرنىڭ ئاغزىدىن بالاساغۇن توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. سودىگەر يولۇچىنىڭ دېيىشىچە، قەشقەرلىقلەر شەرقىي تۈرك (ئۇيغۇر) يېرىدىكى قالماقلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، شەرقتىن شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلغان ۋە ئىككى ئايدىن كېيىن بىر ۋەيران بولغان خارابە شەھەرگە يېتىپ بارغان. شەھەرنىڭ ئەتراپى قۇم ئاستىدا قالغان، ئېگىزلىكى بەش زىرە (بىر زىرە 40 ـ 45 س. م) ئېگىزلىكتە ساقلانغان، چوڭ ـ چوڭ ئۆيلەرنىڭ يانلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. تۆت پەرسەخ (بىر پەرسەخ ئالتە چاقىرىم) يىراقلىقتىن مۇنارىلەر، سارايلار، مەدرىسلەرمۇ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. مۇشۇ ۋەيرانە قەلئە يېنىدا ئۇلار قالماقلارنى قوغلاپ يېتىپ، ئىككى تەرەپ قاتتىق ئۇرۇشقان، قالماقلار قارا بالتا دەرياسى تەرەپكە قاراپ چېكىنگەن، قەشقەرلىقلەر ئۇلارنى قارا بالتا دەرياسىدىن قايتۇرۇپ يەنە ھېلىقى خارابە شەھەر يېنىغا ئېلىپ كەلگەن ۋە ئەسىر چۈشكەن قالماقلاردىن «بۇ قايسى شەھەر» دەپ سورىغاندا، قالماقلار «بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، بۇ ‹بالاساغۇن› شەھىرى» دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە «چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، بۇ شەھەر مانا مۇشۇنداق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ قۇم ئاستىدا قالغان» دېگەن. يولۇچى سودىگەر سۆزىنى داۋام قىلىپ، «بىز شەھەرنى ئارىلاپ بۇزۇلغان ئۆيلەر ئىچىدە قازانلار، كاھىشتىن (فار ـ فۇردىن) ياسالغان ھەر خىل ئىدىشلار، شىشىلەر، پالاز قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆردۇق... بەزى ئۆيلەردە ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى تاشلىنىپ يېتىپتۇ...» دەيدۇ. بۇرۇن ئەڭ ياخشى، ئەڭ چوڭ شەھەرلەردىن بولغان بۇ شەھەر مانا

شۇنداق ۋەيران بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ نامىمۇ
ئەستىن چىققان㉕. پروفېسسور شىلىكىنىۋنىڭ
پىكرىچە، قەشقەرلىقلەر كەلگەن بۇ خارابە شەھەر
بالاساغۇن ھازىرقى قازاقىستاندىكى ئاقتۆپىگە ئوخ-
شايدىكەن. قالماقلارنى ياندۇرۇپ كەلگەن قارا بال-
تا دەرياسى مانا شۇ ئاقتۆپىنىڭ ئۈستىدىن كېسىپ
ئۆتۈپ ئاقسۇ دەرياسىغا قۇيۇلىدىكەن㉖.

ئاق پېشىن بىلەن بۇرانانىڭ ھەر ئىككىلىسى
بالاساغۇن بولالمايدۇ، بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ سو-
ياپ شەھىرىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ تارىخىي ئۇ-
چۇرلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. شىلىكىنىۋ
ئۆز كۆزقارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەرەب ئالىمى
قۇدامىي ئەبدۇلجەغفەرنىڭ «كىتابۇل ئەل خەرەج»
ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ «سوياپ ئىك-
كى كەنتتىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ بىرى، كۇ-
بال، يەنە بىرى، ساغۇر كۇبال دەپ ئاتىلىدۇ.
ساغۇر كۇبالدىن بارسغانغا، ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى
جۇڭگو چېگرىسىغا قەدەر تۆگە بىلەن 15 كۈنلۈك
يول...»㉗ دەيدۇ. ئەبۇرەيھان بىرونىنىڭ خەرى-
تىسىدە بارسغان 93° ئۇزۇنلۇق، 46°30′ كەڭ-
لىككە جايلاشقان. شىلىكىنىۋنىڭ ئېيتىشىچە، ھا-
زىرقى ئاق پېشىن بۇرۇنقى سوياپ بىلەن بارسغان-
دىن ئانچە يىراق بولمىغان. ئاق پېشىن بىلەن
بۇرانا بىر - بىرىگە ناھايىتى يېقىن جايلاشقان بو-
لۇپ، ئۇنى ھازىرمۇ بايقاشقا بولىدىكەن ھەمدە ئاق
پېشىندىن ئىسسىق كۆلگە قاراپ ماڭغاندا بارسغان
شەھىرىنىڭ ئورنىنى كۆرۈشكە بولىدىكەن㉘. شى-
لىكىنىۋ يەنە قۇدامىي ئەبدۇلجەغفەر سوياپ بىلەن
بارسغان شەھىرىنىڭ ئارىسى ئانچە يىراق ئەمەسلى-
كىنى كۆرسەتكەن. ئاق پېشىننىڭ ئۈستىگە چى-
قىپ، ئاددىي كۆز بىلەن بۇ ئىككى شەھەرنىڭ
قاتارجايلاشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ
ئارىلىقى بەش چاقىرىمدىن ئاشمايدۇ. بۇ ئىككى
بۆلەك شەھەرنىڭ بىرسى ئاق پېشىن، يەنى بۇرۇن-
قى ساغۇركۇبال بولسا، يەنە بىرسى، بۇرۇنقى كۇ-
بال بولۇشى چوقۇم. بۇ پىكىر ئىلمىي يوللار بىلەن
بۇندىن كېيىن ئېنىقلىنىشى مۇمكىن، پروفېسسور
ل. ر. قىزلاسوۋنىڭ ئاق پېشىنمۇ، بۇرانامۇ بالا-
ساغۇن ئەمەس دېگەن پىكىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن
دەيدۇ.㉙ شىلىكىنىۋ يەنە ئۆزىنىڭ «قۇم باشقان
قالا» (قۇم ئاستىدا قالغان شەھەر) ناملىق ئەسى-
رىنىڭ 116 - بېتىدە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈر-
كىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن
بالاساغۇننىڭ ئەتراپىدىكى يەر ناملىرى ئاقتۆپە ئەت-
راپىدا ھېلىمۇ ساقلانغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەسى-
لەن، بالا ساغۇن تېغى (ئەۋلىياتاغ)، يۇنئارىق
(جۇنئارىق، بېلئارىق)، باقىرلىق تاغ (باقىرلىق
تاغ — مىس تاغى) ھازىرقى شاتىرقول تاغى (شا-
تىرقول مىس كېنى) قاتارلىقلار. بۇ نامالارنى ئاق
پېشىن، بۇرانا ئەتراپىدىن ئۇچراتقىلى بولمايدۇ،
دەيدۇ. لېكىن ئاقتۆپىنىڭ قەدىمكى ئاتاقلىق ئۇي-
غۇر شەھىرى بالاساغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش
ئۈچۈن ئۇنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ۋە تەت-
قىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ بۇندىن كېيىنكى
مۇھىم مەسىلە.

بالاساغۇن توغرىسىدىكى مەنبەلەر يالغۇز يۇ-
قىرىقىلارلا ئەمەس، بالاساغۇن توغرىسىدىكى بىر
قەدەر مۇكەممەل مەنبە جۇڭگو مەنبەسىدۇر. بالا-
ساغۇن جۇڭگونىڭ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى.
جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە گۇدەننىڭ «يوللار خاتى-
رىسى» دىن كەلتۈرۈلگەن نەقىلدە كۆرۈلىدۇ. گۇ-
دەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۇەن يىللىرى (785
— 804) دىكى باش ۋەزىرى، ئۇنىڭ «يوللار خاتى-
رىسى» (道里志) دە سوياپ «دەرياسى ئېغىزى-
دىن چىقىپ، 80 چاقىرىم ماڭسا بويلاسانغۇن شە-
ھىرىگە بارىدۇ، يەنە غەربكە قاراپ 40 چاقىرىم
ماڭسا سوياپ شەھىرىگە بارىدۇ»㉚ دېيىلگەن؛
چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە «پادىشاھ-
لىق زېمىن غەربىي ئەلنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسى-
راتى» دا «بويلاساغۇن شەھىرىنىڭ قورغۇچىسى
كۆل بويلا قاغان، ئۇ سوياپ ۋادىسىدا شەھەر بىنا
قىلغان. شۇڭا بۇ شەھەر (بويلاساغۇن) دېيىلگەن»
دەپ مەلۇمات بېرىلىدۇ.

ھازىرقى ئىلى شەھىرىدىن يەنىمۇ غەربكە
ماڭسا، ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن
ئاۋۋال جۇش ئۇرۇپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئىلى
دەرياسىدىن ئۆتۈش كېرەك. جۇڭگو «جىن» (金)
خانلىقى ئەلچىسى ئۇ گۇچۇگرۇەن ئۆزىنىڭ «شى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مالغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «يەنە ئون نەچچە مىڭ چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلى شەھىرىگە بارىدۇ. . . . قاراقىتان يالۇغ تاشىن ( 耶律大石 ) مانا شۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە» دەپ يازىدۇ. بۇ ئىلى شەھىرى «موڭغۇل تارىخى. جۇغراپىيە تەزكىرىسى، قوشۇمچە غەربىي شىمالىي زېمىن »ناملىق ئەسەردىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى «ئىلىبالىق» شەھىرى شۇ. «چىڭ قامۇس خەرىتىسى» دىن قارىغاندا، ئۇ (ئىلى شەھىرى) ئالمالىق شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. مانا شۇ يەردە ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ چۇ ۋادىسىغا بارسا، يالۇغ تاشىن قۇرغان غەربىي قاراقىتان (غەربىي لياۋ) دۆلىتىنىڭ پايتەختى قۇز ئوردۇغا بارىدۇ. بۇ پايتەخت قۇز ئوردۇ (بالاساغۇن) شەھىرى ئەسلى ئۇيغۇرلار بىنا قىلغان شەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن «شىمالغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دە يەنە: قاراقىتانلار «ئۇيغۇرلار ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېرىنى (بالاساغۇننى) تارتىۋېلىپ دۆلەت قۇرغان» دېيىلگەن. ئەرەب ئالىمى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ «تارىخىي كامىل» ، ئىران ئالىمى جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھان كۇشاي» (جاھان ئىستىلاچىسى تارىخى) ناملىق ئەسەرلىرىدە بالاساغۇن شەھىرىنى ئورخۇن - ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 3 - ئەۋلاد قاغانى بۆكۈخان (كېيىنكى يۈز يىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نىڭ بىنا قىلدۇرۇغانلىقىغا دائىر بىر تارىخىي بايان بېرىلگەن: «بۆكۈخان تۈركىستان چېگرىسىغا بارغاندا، ئوت - سۇلىرى ئەلۋەك، ئىنتايىن گۈزەل بىر تۈزلەڭلىكنى كۆرگەن ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ بالاساغۇن شەھىرىنى بىنا قىلغان. ھازىر بۇ شەھەر «قۇبا بالىغ» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ تەرەپ - تەرەپكە ئەسكەر ماڭدۇرۇپ، 12 يىل ئىچىدە بارلىق ئەل زېمىننى بويسۇندۇرۇپ، بىرمۇ قارشى چىققۇچى ۋە بويسۇنمىغۇچىنى قالدۇرمىغان. كېيىن ئۆزىنىڭ تۇرالغۇ جايىغا — ئورخۇنغا قايتىپ كەتكەن. . . »[31]

يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن بىلىنىدۇكى، بالاساغۇن شەھىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ ۋادىسىغا جايلاشقان. بۇ كۆز قاراش مەيلى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە مەيلى يازما ماتېرىياللاردا بولسۇن ئىنكار قىلىنمىغان. بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ تولىسى بالاساغۇن شەھىرىگە بارغان ۋە ئۇ يەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بۆكۈخان توغرىسىدا يەنە باشقا كۆپ رىۋايەتلەر بار. قوچۇ (تۇرپان قاراخوجا) ئەينى ۋاقىتتا مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. مانىي دىنىنى 763 - يىلى بۆكۈخان دۆلەت دىنى قىلىپ قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئورخۇن — ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 3 - ئەۋلاد قاغانى بولغان بۆكۈخاننى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى ھېسابلاپ، تىلەكنامىلارنى يېزىپ، «قاغان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ئۈچۈن بەخت تىلەپ، دۇئا تىلاۋەت قىلغان» [32]، ئىلاھلاشتۇرۇپ ھەر خىل سىرلىق رىۋايەتلەرنى توقىغان. بۇ خىل رىۋايەت يالغۇز موڭغۇل يازمىلىرىدىلا ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى ئىران تارىخچىلىرى ئەسەرلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئىچىدە توقۇلغان ۋە شۇلاردىن تارقالغان. مەسىلەن، «تارىخىي جاھان كۇشاي» ، «جامىئۇل تەۋارىخ» ۋە «شەجەرە ئى تۈرك» ناملىق ئەسەرلەردە؛ يەنە خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ رىۋايەت كۆپ كۆرۈلىدۇ مەسىلەن، «قوچۇ تۆھپىدار خانلىرى مەڭگۈ تېشى» (يۈەن سۇلالىسى ماقالىلەر توپلىمى) ، «قوچۇ ئۇيغۇر جەمەتى تەزكىرىسى» (گۈيجەي ماقالىلەر توپلىمى» ، 11 - جىلد). «يۈەن (موڭغۇل) سۇلالىسى تارىخى» («يۈەن سۇلالىسى مەخپىي تارىخى شەرھىسى» ، 11 - جىلد) قاتارلىق ئەسەرلەردە بۆكۈخاننى قەدىمكى تۇران شاھى ئافراسىياپ بىلەن بىر گەۋدە قىلغان. مەسىلەن، تۇرپاندىن تېپىلغان مانىي تېكىستلىرى، ئىبنۇل ئەسىرنىڭ «كامىئۇل تەۋارىخ» ، جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھان كۇشاي» ، دوسسونىنىڭ «موڭغۇل تارىخى» ناملىق كىتابلىرىدا بۆكۈخان — ئافراسىياپ بىر - بىرىگە يانداشتۇرۇلىدۇ. 943 - يىلقى مەسئۇدىدىن كېيىنكى مۇئەللىپلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن بۇغراخان سۇلالىسىنى ئافراسىيابقا تاقايدۇ[33]. بارتولد «ئىسلام قامۇسى» غا يازغان «ئىلخانلار» ناملىق ماقالىسىدە قاراخانىلار ئۆز نەسلىنى «پېرسىيە تارىخىدىكى ئاف-

ـراسياپ جەمەتى بىلەن باغلايدۇ» دەپ يازىدۇ؛
ئابىتا كېئو قاراخانىلار ئۆز دۆلىتىنى «ئىد دۆلىتى
ئافراسىياپ»، «خاقانىيە» دەپ ئاتىغانلىقىنى مۇ-
ئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئۇ يەنە «بۆكۈخان مانا شۇ كىشى
(ئافراسىياپ) ئىكەنلىكى خاتا ئەمەس»㉞ دەيدۇ.
مەھمۇت قەشقەرى بارچۇق، بارمان، قەشقەر،
بارسخان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئافراسىياپ شەھەر-
لىرى دەپ زىكىر قىلىدۇ. بىز ئۇيغۇر ئالىمى
پروفېسسور مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن
ئېيتقاندەك بۇ نەسلىنى ئۇ دەرىجىدە مۇتلەقلەش-
تۈرۈۋەتمىسەكمۇ، بۆكۈخاننىڭ بالاساغۇن شەھە-
رىنى بىنا قىلدۇرغانلىقىغا ئائىت بۇ مەلۇماتلارنىڭ
رىۋايەت تۈسى قويۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، تارى-
خىي رېئاللىققا يېقىن. شۇڭا رىۋايەت تۈسىدىكى
بۇ تارىخىي رېئاللىق كۆپلىگەن شەرق ۋە غەرب
ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.
تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر
قاغانلىرى ئىككى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەر
ھەربىي يۈرۈش قىلغان. بۇنىڭ بىرسى، بايانچۇر
قاغان (747 — 759)، يەنە بىرى، جۇڭگو تارى-
خىدا باۋيى قاغان (保义可汗) دەپ ئاتالغان
تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان (808
—821).
بايانچۇر قاغان 747 - يىلى ئون ئوقلار يېرىگە
كەتكەن قارلۇقلارنى تارمار قىلىپ، ئۆز «ھۆكۈم-
رانلىقىنى يېنسەي ۋادىلىرىدىن چۇ، تالاس ۋادى-
لىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كرولىنغا قەدەر كېڭەيت-
كەن»㉟ بۇ ھەقتە بايانچۇر مەڭگۈ تېشى 10 -
قۇردا: توخۇيىلى (745) دا 11 - قۇردا: ئۈچ
قارلۇق كۆڭلىدە يامانلىق ئويلاپ قېچىپ كەتتى.
غەربتىكى ئون ئوقلار خەلقىگە (غەربىي تۈركلەر-
گە) قوشۇلدى. توڭگۇز يىلى (747) دا تار - مار
قىلدىم . . . دېيىلىدۇ (خەنزۇچە نۇسخە).
بايانچۇر قاغاننىڭ ئاتىسى كۆل بويلا (骨力
裴罗) ئىسمىدىكى «بويلا» سۆزىنىڭ بالاساغۇ-
نىڭ دەسلەپكى شەكلى «بويلاساغۇن» سۆزى بىلەن
ئوخشىشىپ كېتىشى مانا شۇ بايانچۇر قاغاننىڭ
«كەڭ كۆلەمدە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، قارلۇق ۋە
ئون ئوقلارنى بويسۇندۇرۇپ، غەربتە تاكى ماۋارە-
ئۈننەھرگە قەدەر بېرىپ، بالاساغۇن شەھىرىنى بىنا
قىلدۇرغان»㊱ لىقىدىن ئىبارەت مانا شۇنداق بىر
تارىخىي پاكىتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ
ئاتىسى بويلا قاغان شەرىپىگە بۇ شەھەرنى شۇ كى-
شىنىڭ نامى بىلەن «بويلاساغۇن» دەپ ئاتىغان.
تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان (808
—821) قارلۇقلار بىلەن تۈبۈتلارغا قارشى ئۇ-
رۇش قىلغان. ئۇ، تۈبۈتلارنى ئەشمە (于术)
ياكى چەرچى (؟) دېگەن يەردە قاتتىق مەغلۇپ
قىلىپ، قارلۇقلارنى قوغلاپ پەرغانىگە قەدەر بار-
غان㊲ توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشىدا مۇشۇ
كىشىنىڭ ئىش - ئىزلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇ
زات ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردىكى
ئۇيغۇر شەھەرلىرىگە يەنە باشقىدىن تولۇق بەگ —
ۋالىلارنى تەيىنلەپ قايتقان.
دېمەك، توققۇز ئوغۇزلار يەنى ئۇيغۇرلار بى-
لەن بالاساغۇن ئوتتۇرىسىدا قويۇق ئۈچرىشىش مۇ-
ناسىۋىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋاقىت جەھەت-
تىمۇ قەدىمىي مۇناسىۋەت ㊳ مەۋجۇت ئىدى. بالا-
ساغۇن شەھىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى بىرمۇنچە
ئالىملار ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدىن ئىزدىدى.
بىزنىڭچە، بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى يەنىلا
تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىدىن ئىزدەش كېرەك. «تاڭ
سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە بۇ
سۆز «裴罗将军城» (بويلاساغۇن شەھىرى)
دەپ پۈتۈلگەن. «بويلا» سۆزى (裴罗) پېيلو،
«سانغۇن» سۆزى (将军) جياڭجۈن دەپ يېزىل-
غان. بۇ خەنزۇچە تۆت خەتنىڭ ئالدىنقى ئىككىسى
پېيلو سۆزى ئۇيغۇرچە «بويلا» سۆزىنىڭ خەنزۇچە
ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى بولۇپ، بۇ توغرا. كې-
يىنكى ئىككىسى جياڭجۈن سۆزى سەركەردە دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئالىملار ئۇيغۇرچە «سانغۇن»
ياكى (سەنگۈن) سۆزى خەنزۇچە جياڭجۈن سۆزى-
نىڭ ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزى، «ساغۇن» سۆزى مانا
شۇ «سانغۇن» (ياكى سەنگۈن) سۆزىنىڭ بۇزۇ-
لۇپ ئېيتىلىشى دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە «ساغۇن»
سۆزى «سانغۇن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولمىسا
كېرەك. ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى پروفېسسور ئاب-
دۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىزاھاتىدىن قارى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

غاندا، «ساغۇن» سۆزى ئۇيغۇرلاردا ئەمەل ۋەقەبىلە - ئاھالە تۈركۈمى نامى سۈپىتىدە تولىمۇ كونا ۋە كەڭ ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇنىڭغا بىرمۇنچە مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن، بەگ ساغۇن ( 梦索温 ) نامىلىق تۇرپان ئەمەلدارى «سوڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 جىلد 8 - بەتتە تىلغا ئېلىنغان؛ پىلىلوت دۇڭخۇاڭدىن تاپقان 3046 ئىندېكس بېرىلگەن تۈركىي تېكىستتە قۇت ساغۇن دېگەن ئىسمىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولغان. پىللوت قۇت ساغۇننى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1008 - يىلىدىكى ۋەزىرى دەپ ئىزاھلىغان. بۇنىڭغا مەن يەنە شۇنى قوشۇپ قويماقچىمەن، «ساغۇن» سۆزى «ساغان» شەكلىدە يەر نامى قىلىپمۇ قوللىنىلغان. مەن 1965 - يىلى قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسى ساغان گۇڭشېسى (كوممۇنىسى) غا سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە چۈشكەن. بۇ ئېيتىلىۋاتقان «ساغان» سۆزى ئەنە شۇ بالاساغۇن سۆزىدىكى «ساغۇن» سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل تەلەپپۇزى بولۇپ، بۇ يەردە يەر، جاي نامىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى «ساغۇن» ياكى «ساغان» سۆزى خەنزۇچە سەركەردە مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «جياڭجۈن» ( 将军 ) سۆزىدىن كېلىپ چىقمىغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكى «جياڭجۈن» سۆزى ئۇيغۇرچە «ساغۇن» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك، چۈنكى ئورخۇن - ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىرىنچى قاغانى بويلا قاغان (كېيىنكى يۈز يىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئۆزىنى زادىلا «بويلاساغۇن» ياكى «سانگۈن» دەپ ئاتىمىغان، مەڭگۈ تاشلاردىمۇ بۇنداق گەپ يوق. ئۇ ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان ياكى كۆل بويلا قاغان دەپ ئاتىغان. «بويلا» سۆزى ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «بالا» تەلەپپۇز قىلىنىپ كەتكەن. لېكىن «ساغۇن» سۆزى ئەينەن ساقلىنىپ كەلگەن.

مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «بالا ساغۇن شەھىرىنىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە «بالاساغۇن» قەشقەر يېنىدىكى ئاتۇش شۇ دېگەن يېڭى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ۋەھالەنكى، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان غەرب - شەرق ئالىملىرى ھەممىسى دېگىدەك بالاساغۇننى چۇ — تالاس ۋادىسىدا دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ئالىملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بالاساغۇنغا بارغان ۋە ئۇ يەرنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دەلىل - ئىسپاتلار تېخى يېتەرلىك بولمىغان شارائىتتا «بالاساغۇن» نى قەشقەر يېنىدىكى ئاتۇشتىن ئىزدەشكە ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك دەپ قارايمىز.

بەزى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بازىرخان ئۆزى ھايات ۋاقتىدا ئوغلى ساتۇقنى خۇش ھاۋالىق جاي ئاتۇشتا تۇرغۇزغان. ئاتىسى بازىرخان ۋاپات بولغاندا ساتۇق ئانىسى بىلەن ئاتۇشتا تۇرۇۋەرگەن.

خانلىق تاغىسى ئوغۇلچاقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، قەشقەر بالاساغۇنغا نىسبەتەن ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتكەن. ساتۇق بولسا، يەنە شۇ ئاتۇشتا تۇرغان ۋە شۇ يەردە چوڭ بولغان. ئىسلام دىنىنى شۇ يەردە قوبۇل قىلغان ۋە تاغىسى ئوغۇلچاقتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان.

ھىجرى 382 - يىلى مۇسا بۇغراخان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئىنىسى ھارۇن بۇغراخان تەختكە چىققان. ئۇ سەمەرقەند، بۇخارا شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئاكىسى مۇسا بۇغراخاننىڭ ئوغلى ئىلى تېكىننى غەربىي تۈركىستانغا ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە ئۇنىڭغا «ئىلىك خان» دەپ نام بېرىپ، سەمەرقەندتە تۇرغۇزغان. مانا مۇشۇ قاراخان دەۋرىدە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئۆلكىلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قاراخان سۇلالىسىدىن يەنە بىر تېكىن (شاھزادە) نى ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ، ئۇنىڭغىمۇ «ئىلىك خان» نامىنى بېرىپ، بالاساغۇندا تۇرغۇزغان. بۇ زاتنىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس. شۇنداق قىلىپ، قاراخانىلار سۇلالىسىدا غەربىي ئىلىك خان، شىمالىي ئىلىك خان دەپ ئىككى ئىلىك خان مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، شىمالدىكى ئۆلكىلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن شىمالىي ئىلىك خاننىڭ قەشقەرنىڭ بىقىنىدىكى ئاتۇشتا تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ، شىمالغا جايلاشقان چۇ ۋادىسى بويىدىكى بالاساغۇندا تۇرغان بولۇشى تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## ئىزاھلار

① جۇڭگو ساياھەتچىسى شۈەنجۇاڭ: «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىدەۋرىدىكىغەربكەساياھەتخاتىرىسى».
② ن. كونونوۋ: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە بالاساغۇن» س. ن 1970 - يىلى 4 - سان.
③ ئا. جافەر ئوغلى: «تۈرك تىلى تارىخى»، 2 - توم، 55 - بەت، 1964 - يىل، ئىستانبول.
④ ⑤ ليۇبىن: «‹قۇتادغۇبىلىك› تەتقىقاتىدىكى تارىخىي سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق . . . ‹ئورتاق تەۋەلىك نەزەرىيىسىگە باھا›» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990 - يىلى 3 - سان.
⑥ ليۇ بىن: يۇقىرىقى ماقالە.
⑦ ئى. تېنىشېۋ: «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1981 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 451 - بەت.
⑧ ليۇ بىن: يۇقىرىقى ماقالە، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» ژۇرنىلى 1990 - يىللىق 3 - سان.
⑨ ئىۋانوۋ: «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ روسچە نەشرىگە كىرىش سۆز» (1983 - يىل موسكۋا).
⑩ ئى. تېنىشېۋ: يۇقىرىقى كىتاب 480 - بەت.
⑪ ليۇ بىن. يۇقىرىقى ماقالە.
⑫ مالوۋ: «تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى»، 1951 - يىل نەشرى.
⑬⑭⑮⑯ بارتولد: «بالاساغۇن» 1965 - يىل نەشرى، 21 -، 26، 56 -، 57-، 255 -، 256-، 357 - بەتلەر.
⑰ شېلېكېنىۋ: «قۇم ئاستىدا قالغان شەھەر»، قازاق ئۇنىۋېرسىتېتى، 1992 - يىل نەشرى. 71- بەت.
⑱⑲⑳ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» «شىنجاڭ ئۇنىۋېر-سىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1996 - يىل 1 - سان.
㉑بارتولدنىڭ: «بالاساغۇن» ناملىق ئەسىرىدە بۇ سۆز تەكرار ئېيتىلغان.
㉒㉓شېلېكنىۋ: «قۇم ئاستىدا قالغان شەھەر»، 79 -، 80- بەتلەر.
㉔ «ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى» Ⅱ توم، تۈركچە نەشرى، 27 - بەت.
㉕㉖㉗㉘㉙ شېلېكنىۋ: «قۇم ئاستىدا قالغان شەھەر»، 78 - بەت.
㉚ ئابىتاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى توغرىسىدا تەتقىقات» خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى 12 - ئاي، 1 - نەشرى، 152- بەت (بەنە بەزى ماتېرىياللاردا20چاقىرىمدېيىلگەن).
㉛ ئالا ئۇددىن ئاتا مەلىك جۇۋەينىي: «تارىخىي جاھان كۇشاي» 1 - كىتاب، خەنزۇچە نەشرى، 65 - بەت. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1992 - يىل 1 - سان، يۇنۇسجان ئېلى: «بالاساغۇن شەھىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە».
㉜ ف. ۋ. ك، لىكوك «ك. ئا. دې. ۋ. مانىي دىنىغا ئائىت ‹شېئىرلار توپلىمى›»، 1913-يىلى. ياپون ئالىمى ئابىتا كېئو: «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، خەنزۇچە، 160 - بەت.
㉝ گرېنارد: «ئاسىيا ژۇرنىلى»، 1900 - يىلى سانى، 19 - بەت.
㉞ ئابىتا كېئو: «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، 259 - بەت.
㉟ ئىبراھىم كافەس: «تۈرك مەدەنىيىتى تارىخى» 1983 - يىلى، تۈركچە نەشرى، 124 - بەت.
㊱ شۆزۇڭجىڭنىڭ ئۇيغۇر بىلگە قاغان ماددىسىغا يازغان باياني («شىنجاڭ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1985 - يىلى 2 - سان).
㊲ فېڭ جياشىڭ: «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، خەنزۇچە، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1958 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 27 - بەت.
㊳ ئابىتا كېئونىڭ يۇقىرىقى كىتاب خەنزۇچە، 307 - بەت.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

**تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

1998 - يىلى 3 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 19- يىللىق 1- سان
1998年3月 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 第19卷第一期

www.uyghurkitap.com

# نان ۋە تاجىك مەدەنىيىتى

شېرىن قۇربان*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، تاجىكلارنىڭ نان تۈرلىرى ۋە ھەر بىر نان تۈرىدە ئىپادىلىنىدىغان مەدەنىيەت ئامىللىرى مۇھاكىمىلىك بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر نانچىلىقى بىلەن تاجىك نانچىلىقى سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى بىلەن پەرقلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要**：本文在叙述塔吉克族馕的种类、每种馕所表现的文化因素的同时，对维吾尔族的馕文化和塔吉克族的馕文化进行对比，指出其异同。

**Abstract**: This article is about Tajik nan (bread) — its kind and cultural element of each kind. At the same time the auther compares Tajik nan (bread) with Uighur nan (bread) and points out their cultural similarities and differences.

نان — شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكلىرىدىن بىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا نان شۇ دەرىجىدە ئومۇملىشىپ كەتكەنكى، ھەتتا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا «نان مەدەنىيىتى» شەكىللەنگەن. بۇ ھەقتە كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر ماقالىدە بۇ توغرىلىق توختالمايمىز.

نان تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ شۇ دەرىجىدە ئومۇمىيلىشىپ «نانسىز ئۆي ئۆي ئەمەس» دەرىجىسىگە يېتىپ بارغان، ئۇ تاجىكلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق يېمەكلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەر كۈنى ئۈچ ۋاقلىق تاماقتا نان دېگۈدەك تائام قىلىنىدۇ. تاجىكلارنىڭ ئېڭىدا نان مۇقەددەس يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ. بىر ئۆيدە ناندىن باشقا يېمەكلىكلەر بولمىسا ياكى تۈگەپ كەتكەن بولسا بۇ نورمال ئەھۋال، بەزىدە پادىشاھنىڭ ئۆيىدىمۇ تۇز تۈگەپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئەمما، شۇ ئۆيدە نان بولمىسا، كىشىلەر ئۇنى ئەيىپ كۆرىدۇ، ھەتتا شۇ ئۆينى ھالاكەتكە قاراپ يۈزلىنىپتۇ دەپ ھېسابلايدۇ. مۇشۇنداق ئاڭ شەكىللەنگەچكە، تاجىكلاردا «نانسىز ئۆي ئۆي ئەمەس»، «ئىسسىق نان ئىمانغا پايدىلىق»، «ناننى دەسسەش كۇپۇرلۇق»، «ناننى خارلاش — ئۆزىنى خارلاش» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەر بارلىققا كەلگەن، ئاۋام خەلق ئارىسىدا قولىنى نانغا قويۇپ تۇرۇپ قەسەم قىلىدىغان ئادەتلەر ھازىرمۇ داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ناننى خارلى-

* شېرىن قۇربان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى.

ماسلىق، نانني دەسسەمەسلىك، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ناننىڭ ئەڭ ئۇششاق پارچىلىرىنىمۇ تېرىپ پاكىز يەرگە قويۇش قاتارلىقلار ئاتا - ئانا ۋە چوڭلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىشىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنىدۇر، نانني ئۇلۇغلاش، ناننىڭ پاك، ساپ ۋە مۇقەددەس ئىكەنلىكى ھەققىدە تاجىكلارنىڭ ئەل ئەدەبىياتىدا خىلمۇ - خىل قىزىقارلىق ئەپسانە - قىسسەلەر، رىۋايەت - ھېكايەتلەر ۋە چۆچەك - تەمسىللەر بار. بۇلار ناھايىتى زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

تاجىكلاردا نان ناھايىتى مۇرەككەپ شەكىل - قۇرۇلمىغا، خىلمۇ خىل مەدەنىيەت مەزمۇنىغا ۋە بىر يۇرۇش سان - سىپىرلىق ئىنفورماتسىيىگە ئىگە. ناننىڭ شەكىل - قۇرۇلمىسى ۋە سان - سىپىردىن بىر يۇرۇش ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى بىلگىلى ۋە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

تاجىكلاردا نان تەييارلاشتا ئاساسەن ئۇن، تۇز، سۈت، قايماق، ماي، گۆش، پىياز قاتارلىقلار خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ. ھەر خىل ناننىڭ خام ماتېرىيالى نىسپىي پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە ھەر خىل نان خېمىر يۇغۇرۇش تېخنىكىسى، يېقىش تېخنىكىسى، ساقلاش، قاچىلاش، يەتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈش - ئۆتكۈزۈۋېلىش، سورۇن داستىخانغا قويۇش، ئۇشتۇش - پارچىلاش، يېيىش ۋە دۇئا - تالاۋەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن پەرقلىنىدۇ.

تاجىكلاردا نانني خام ئەشياسى، يېقىش تېخنىكىسى، پىشۇرۇش شەكلى، سورۇن مەزمۇنى ۋە فۇنكسىيىلىك رولىغا ئاساسەن بىرقانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

نانني ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولىغا ئاساسەن، ئۆي نېنى، ئالاھىدە سورۇن نېنى ۋە توقاچ نان دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە، يېقىش ۋە پىشۇرۇش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئوچاق - تونۇر نېنى، قازان نېنى ۋە كۆمەچ نان دەپ ئۈچ تۈرگە، خېمىرتۇرۇچ ئىشلەتكەن ياكى ئىشلەتمىگەنگە ئاساسەن، ئادەتتىكى نان ۋە پېتىر نان دەپ ئىككى تۈرگە، ئىپادىلەيدىغان بىر يۇرۇش مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەزمۇنىغا ئاساسەن توي نېنى، ھازا نېنى، ھېيتلىق نان، بوۋاق نېنى ۋە سەپەر نېنى دەپ بەش چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ، ناننىڭ كېيىنكى بەش تۈرى ئالاھىدە سورۇن نېنى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، تاجىكلارنىڭ توي- تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر- چىراق، ھېيت- ئايەم، تۇغۇت ئىشلىرى ۋە يول- سەپەر مەدەنىيىتى بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار. شۇڭا، بۇ ئالاھىدە سورۇن نانلىرى قويۇق مىللىي مەدەنىيەت تۈسىگە ئىگە، تا ھازىرغا قەدەر نان تەتقىقاتىدا، ئۇنىڭ قوساق تويغۇزۇش فۇنكسىيىسى، مېزىلىك، تەملىك ۋە يېيىشلىك قاتارلىق سۈپەتلىرى كۆپ دېيىلىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىۋاستە سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان مەدەنىيەت تۈسى تىلغا ئېلىنمىدى ياكى تەتقىقاتچىلىرىمىز مۇشۇ نۇقتىغا كەلگەندە يانداپ ئۆتۈپ كەتتى. ھادىسىنى چۆچەك - ھېكايە كەبى كۆپ سۆزلەش، ماھىيەتكە ئۆتمەسلىك، ئىچكىرىلەپ كىرمەسلىك، بۇ تەتقىقاتتا ئۇزۇندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە. بۇ مەسىلە ھەل بولمىسا، تەتقىقاتتا ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولمايدۇ.

تۆۋەندە تاجىكلارنىڭ ئالاھىدە سورۇن نانلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

**توي نېنى:** مۇبارەك نامىدىن مەلۇمكى، توي نېنى توي - تۆكۈن مەرىكىسىدە ئىشلىتىلىدىغان نانني كۆرسىتىدۇ، تاجىكلاردا توي باشلىنىشىدىن ئاخىرلىشىشىغىچە ھەپتىلەپ داۋام قىلىدۇ. ئۇ بىر قاتار جەريان، باسقۇچ ۋە قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تويىنىڭ ھەربىر ھالقىلىرىدىكى قائىدە- رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە نان رەسمىيىتى بار. ئادەتتە توي نېنى ئۆز ئىچىدىن مۇبارەك باد نېنى، مېھماندارچىلىق نېنى، پۇرا نېنى، كېلىننىڭ يوللۇق نېنى، پەدەرخان نېنى، كېلىن نېنى ۋە كېلىننى يوقلاش نېنى دەپ يەتتە كىچىك تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مۇبارەك باد نېنى توي ئەھلىنىڭ توي ساھىبخانىغا ئېلىپ بارىدىغان تويلۇق سوۋغات نېنىنى كۆرسىتىدۇ. تويغا بارغۇچى كىشى (كۆپەرەك ئاياللار) ئاۋۋال نانني لېگەن ئۈستىگە قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ بارغان بىرەر كېيىملىك رەخت ياكى كىيىم - كېچەك قويۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئىززەت ـ ئېھرام بىلەن ئىككى قوللاپ: «قەدرى
بەلەند، دەستى كۆت» (مەنىسى: ھۆرمىتىڭىز
چوڭ، لېكىن قولىمىز قىسقا) دەپ ساھىبخانىغا
ئۇزىتىپ بېرىدۇ. ساھىبخانمۇ: «خۇداغا شۈكرى،
كۆپ كايىپسىز» دەپ ئىككى قوللاپ قوبۇل قى-
لىپ، ئۆزىنىڭ رەھمەت ـ تەشەككۇرىنى ئېيتىدۇ.
مۇبارەك باد نېنى ئالاھىدە چوڭ ۋە كۆركەم بولى-
دۇ. ئۇ خىلىلا يۇقىرى ماھارەت ۋە تېخنىكا بەدى-
لىگە بارلىققا كېلىدۇ، توي ئادەتتە جۇپلىشىش
خاراكتېرىنى ئالغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇ بىر خىل
«كارى خەير» (خەيرلىك ئىش) بولغاچقا، مۇبا-
رەك باد نېنىمۇ مۇناسىپ ھالدا جۈپ بولۇش شەرت
قىلىنىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر ئەڭ ئاز دېگەندە تۆت
نان، ئەڭ كۆپ بولغاندا سەككىز نان ئېلىپ بارى-
دۇ. مېھماندارچىلىق نېنى ئادەتتە توي ساھىبخې-
نىنىڭ توي ئەھلىگە بېرىدىغان توي نېنىنى كۆر-
ستىدۇ. بۇ نانمۇ ئالاھىدە چوڭ ۋە چىرايلىق
بولىدۇ. ئۇ دوست ـ دۈشمەن ئالدىغا قويۇلىدىغان
بولغاچقا، توي ئىگىسى بۇ ناننى تەييارلاشقا ئالاھىدە
ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا، توي ھارپىسىدە خۇلۇم-
قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار چاقىرىلىپ، ئۇستات
ئايالنىڭ رىياسەتچىلىكىدە توي نېنى پىشۇرۇلۇپ
ھازىرلىنىدۇ. توي كۈنى جامائەت، بولۇپمۇ ئايال-
لار بىر تەرەپتىن، نانغا ئېغىز تەگكەچ، بىر تەرەپ-
تىن، شۇ ناننىڭ ياخشى ـ يامان سۈپىتىنى قىلى-
شىدۇ. پۇرا نېنى يىگىت تەرەپقىز كۆچۈرۈشكە
بارىدىغان چاغدا كېلىن تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان
ناننى كۆرسىتىدۇ. قىز كۆچۈرۈش پەيتى قۇدىلار
ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭ نازۇك چېغى ھې-
سابلىنىدۇ. ئورۇنسىز سەنلىشىشنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش ئۈچۈن، يىگىت تەرەپ يۇرتتىكى ئەڭ ئۇس-
تات ئايالنى تەكلىپ قىلىپ، پۇراناننى ھازىرلاي-
دۇ، بۇ نانمۇ ھەم چوڭ، ھەم سۈپەتلىك ھەم
يېپىشلىك بولىدۇ، قىز كۆچۈرۈشكە بارغاندا، ئاۋ-
ۋال يىگىت تەرەپنىڭ بىرقانچە مۇيىسپىتى —
ئاقساقال ۋە دىنىي زات ۋەكىللىرى ئۆيگە كىرىپ،
داستىخان ئۈستىدىكى ئىككى لېگەنگە تۆتتىن نان-
نى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىنگە ئېلىپ كې-
لىنگەن كىيىم ـ كېچەكلەرنى قويىدۇ، باشقىچە
پىكىرلەر چىقمىسا، دىنىي زات ئاق ئۇندىن ئازراق
ئېلىپ، نان ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئۈستىگە
سېپىپ، قۇتلۇق ئىشنى مۇبارەكلەيدۇ، ئاندىن
دۇئا ئوقۇپ، ئېلىپ كېلىنگەن نان ۋە توي كىيى-
مىنى ئىككى قوللاپ ساھىبخان تەرەپنىڭ ۋەكىللى-
رىگە سۇنۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يىگىتنىڭ
كىرىشىگە ئىجازەت بېرىلىدۇ، نىكاھ باشلىنىدۇ،
ئارقىسىدىن داستىخان سېلىنىپ، پۇرا نېنى جاما-
ئەتكە توي ئېشى بىلەن بىرلىكتە قويۇلىدۇ، كې-
لىنگە يوللۇق نان قىز كۆچۈرۈلگەن چاغدا كېلىن
تەرەپ قىزىغا ئاتاپ قىلغان يوللۇق ناننى كۆرستى-
دۇ، قۇدىلار ئارىسىدا ۋە جامائەت ئەھلى ئىچىدە
سۆز ـ چۆچەككە قالماسلىق ئۈچۈن، قىز تەرەپ
بۇ ناننى ئالاھىدە ماھارەت بىلەن تەييارلايدۇ، بۇ
نانمۇ پۇرا نانىنىغا ئوخشاش ھەم چوڭ ھەم سۈپەت-
لىك بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يىگىت
تەرەپنىڭ پۇرا نېنى بىلەن قىز تەرەپنىڭ يوللۇق
نېنى ماھىيەتتە قۇدىلار ئارىسىدىكى نان سەنئىتى
بەيگىسىدۇر. قىز كۆچۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن،
قىزنىڭ يوللۇق نېنى جامائەتكە قويۇلىدۇ. كىشى-
لەر مەززە قىلغاچ، ناننىڭ سۈپىتىنى قىلىشىدۇ،
بۇ نانمۇ ئادەتتە سەككىز بولىدۇ.

پەدەرخان نېنى كېلىنگە نىكاھ ئاتىسى بولغان
(تاجىك تىلىدا بۇ «پەدەرخان» دەپ ئاتىلىدۇ، مە-
نىسى خان ئاتا دېگەنلىك بولىدۇ) پەدەرخاننىڭ كې-
لىن قىزنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئېلىش رەسمى-
يىتىنى بېجىرگەن چاغدا ئېلىپ بارغان نېنىنى
كۆرسىتىدۇ. تاجىكلارنىڭ توي ئادىتىدە كېلىن
تەرەپنىڭ كېڭىشىپ بېكىتىشى ھەمدە ئۇنى يىگىت
تەرەپكە ئۇقتۇرۇشى بىلەن قىز ـ يىگىتنىڭ نىكا-
ھىغا گۇۋاھ بولىدىغان «پەدەرخان» تەيىنلىنىدۇ.
شۇڭا بۇ مەنىدە «پەدەرخان»نى نىكاھ گۇۋاھچىسى
ياكى نىكاھ ۋەكىلى دەپ چۈشۈنىشكىمۇ بولىدۇ.
پەدەرخان نىكاھ ۋاقتىدا خەلپىنىڭ يېنىدا ئولتۇ-
رۇپ، پۈتۈن نىكاھ جەريانىغا قاتنىشىدۇ. نىكاھنا-
مە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، پەدەرخان خەلپى-
نىڭ قولىدىكى نىكاھ سۈيىنى ئېلىپ يىگىت بىلەن
قىزغا ئىچكۈزىدۇ. شۇڭا، تاجىك جەمئىيىتىدە پە-
دەرخان قانۇنىي ئاتا سۈپىتىدە، قىز ـ يىگىتنىڭ

نىكاھىنىڭ قائىدە - يوسۇنلۇق بولغان بولمىغانلى-
قىنىڭ گۇۋاھچىسى سانىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي
ئورنى قىز - يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن ئوخ-
شاش دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ، قىز بىلەن يىگىتنىڭ
ئەبەدىيلىك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. كېلىن
يېڭى ئۆيگە كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى پەدەرخان ئۆز
ئايالى ۋە كېلىننىڭ ئايال تۇغقانلىرى بىلەن قوي
سويۇپ، ئالاھىدە نانلارنى ھازىرلاپ كېلىننى يوق-
لايدۇ. بۇ چاغدا پەدەرخان كېلىن قىزنىڭ چۈمبە-
لىنى ئېلىپ يۈزىنى ئاچىدۇ. پەدەرخاننىڭ ئايالى
كېلىن قىزنىڭ ئالدىغا تاغاق، ئەينەك، قايچا ۋە
باشقا بۇيۇملارنى قويىدۇ، كېلىن ئۆزىنىڭ تويلۇق
كىيىم - كېچەكلىرىنى پەتنۇسقا سېلىپ، نىكاھ
ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ، ئۇلار قىزنىڭ
ياخشى كۆڭلى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بىرەر چاپان ياكى
كۆڭلەك ئالىدۇ. مۇشۇ بىر يۈرۈش رەسمىيەتلەر
ئىچىدە پەدەرخان نېنى ئالاھىدە چوڭ، سۈپەتلىك
بولۇپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

كېلىن نېنى توي ئۆتۈپ ئۈچىنچى كۈنى كې-
لىن ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن ناننى
كۆرسىتىدۇ. كېلىن قىزنىڭ چۈمبىلى ئېلىنغان-
دىن كېيىن، پەدەرخان ۋە ئايالى كېلىن قىزغا
ئۇن، سۈت، تۇز، ماي ئېپكېلىپ، ئۇنى خېمىر
يۇغۇرۇتقۇزۇپ نان ياقتۇرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە كې-
لىننىڭ نىكاھ ئاتىسى ۋە ئانىسىنىڭ يېتەكلىشى-
دە، يېڭى ئائىلىدە يېڭى ھايات مەنزىلىگە تۇنجى
قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، كې-
لىن مۇشۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۆي ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللىنىشقا باشلايدۇ، كېلىن نېنى تەييار بول-
غاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر قىسمى شۇ سورۇندى-
كىلەرگە قويۇلىدۇ، بىر قىسمى خولۇم- قوشنى-
لارغا، بىر قىسمى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئاچا-
سىڭىللىرىغا ئەۋەتىلىدۇ، كىشىلەر كېلىن نېنى
يېگەچ، ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىشىدۇ.

كېلىننى يوقلاش نېنى توي ئۆتۈپ بىر ھەپتى-
دىن كېيىن، قىزنىڭ ئانىسى ۋە يېقىن ئايال تۇغ-
قانلىرى كېلىننى يوقلاش يۈزىسىدىن ئەتكەن مەخ-
سۇس ناننى كۆرسىتىدۇ. بۇ كۈنى ھەربىر ئۆيدىن
كەلگەن ئايال تۆتتىن ناننى لېگەنگە قويۇپ، كې-
لىنگە تۇتىدۇ. كېلىن خۇشاللىق بىلەن ناننى قو-
بۇل قىلىپ، ئۇلارغا كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىدۇ.
كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، توي نېنى چوڭ بولۇش،
سۈپەتلىك بولۇش ۋە جۈپ بولۇش ئالاھىدىلىكلىرى
بىلەن تاجىك تويىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭگەن.

**ھازا نېنى:** نامىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى،
ھازا نېنى ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراق جەريانىدا
ئىشلىتىلىدىغان ناننى كۆرسىتىدۇ. ھازا نېنى ئۆز
ئىچىدىن ئادەتتىكى ھازا نېنى، قارلىق ئۇشتۇش
نېنى ۋە ۋەندى نان دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ،
ئادەتتىكى ھازا نېنى ئۆلۈم مەرىكىسىدە ئىشلىتى-
لىدۇ، تاجىكلاردا بىر ئائىلىدە ئۆلۈم ھادىسىسى
يۈز بەرسە، شۇ ئائىلىدە ئۈچ كۈنگىچە تاماق ئېتىل-
مەيدۇ، بارلىق يېمەك - ئىچمەك جۈملىدىن ناننى
خولۇم - قوشنىلار ۋە باشقىلار ئېلىپ كېلىدۇ،
ئۆلگۈچى دەپنە قىلىنغان كۈنى ئاخشىمى ئۆلگۈچى-
نىڭ ئۆيىدە «چىراق يېقىش» مۇراسىمى ئۆتكۈزۈ-
لۈپ، چىراق خوتبىسى قىرائەت قىلىنغاندىن كې-
يىنلا ئۆي پاكلانغان ھېسابلىنىپ، ئاندىن نان يې-
قىشقا ۋە تاماق ئېتىشكە بولىدۇ. مۇشۇ جەرياندا،
باشقا ئۆيلەردىن كىرگۈزۈلىدىغان نانلار ئادەتتىكى
نانلاردىن ھەجىم ۋە سۈپەت جەھەتتە ئالاھىدىرەك
بولىدۇ. قارلىق ئۇشتاش نېنى بىر ئاز دەبدەبىلىك
بولىدۇ. قارلىق ئۇشتاش كۈنى بېكىتىلگەندىن
كېيىن، خولۇم - قوشنىلار ۋە يېقىن - يىراقتىكى
تۇغقانلار مەخسۇس نانلارنى ھازىرلاپ، ئۈستىگە
بىر كىيىملىك رەخت سېلىپ، ئۇنى ھازىدارغا
ئىككى قوللاپ تۇتۇپ: «بۇ، پەرۋەردىگارنىڭ قىس-
مىتى، تەقدىرگە تەن بېرىڭلار» دەپ تەسەللىي
بېرىدۇ. ھازىدارلار نان ۋە رەختنى قوبۇل قىلىپ،
رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىدۇ، ئاندىن مال سويۇپ،
كەلگۈچىلەرنى داستىخان سېلىپ مېھمان قىلىدۇ.

ۋەندى نان سۆز مەنىسىدە كۆرۈشۈش نېنى
دېگەننى بىلدۈرىدۇ، بۇ ئالاھىدە ئەھۋالدا كۆپرەك
ئاياللار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بىر ئايال
مەلۇم سەۋەب تۈپەيلى ماتەم كۈنى ھازىغا بارالمى-
سا، كېيىن ئۇ مەخسۇس ۋەندى ناننى ئېتىپ،
ھازىدار ئايالنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ھازى-
سى ۋە تەسەللىسىنى بىلدۈرىدۇ، تاجىكلاردا ھازا

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

نىنى جەزمەن تاق بولۇش شەرت قىلىنىدۇ، چۈنكى
ئۆلگۈچى يەك تەن، يەك جان، ئادەتتە ئۈچ، بەش
نان ئېلىپ بېرىلىدۇ، ناندىكى بۇ خىل سان -
سىپىرلار ناھايىتى نازۇكلۇقتا ئىگە.

**ھېيت - ئايەم نېنى:** تاجىكلاردا ھېيت -
ئايەملەر بىر قەدەر كۆپ، بەكرەك دەبدەبىلىك ئۆت-
كۈزۈلىدىغان ھېيت - ئايەملەردىن دىنىي ھېيت
قۇربان ھېيت، روزى ھېيت؛ مىللىي ھېيتلاردىن
شاۋگۇن باھار ھېيتى (باھار بايرىمى ياكى نەۋرۇز
ھېيتى)، پىلىك ھېيت، زۇۋۇر ھېيت (سۇ باش-
لاش ھېيتى)، تېخىم زۇۋاست ھېيتى (تېرىلغۇ
ياكى ئۇرۇق چىقىرىش ھېيتى) ۋە كۈز مەۋسۇمىدە
ئۆتكۈزىلىدىغان «مېھىر گەنج ھېيتى» (مول -
ھوسۇل ئايىمى) قاتارلىقلار بار. بۇ ھېيتلارنىڭ
ھەممىسىدە خىلمۇ خىل نازۇ - نېمەتلەر ۋە ھەر
خىل تائاملار تەييارلىنىشتىن باشقا، يەنە رەڭگا
رەڭ ھېيتلىق نانلار ۋە توقاچلار ھازىرلىنىدۇ،
بۇلارنىڭ ئىچىدە شاۋگۇن باھار ئايىمىنىڭ «شاۋ-
گۇن نېنى»، پىلىك ھېيتىنىڭ «چەپەتى نېنى» ۋە
زۇۋۇر ھېيتىنىڭ «زۇۋۇر نېنى» ئەڭ كۆركەم ۋە
چېلىقارلىقتۇر.

تاجىكلارنىڭ تەبىئەت قارىشىدا، كۈن - تۈن
تەڭلەشكەن كۈنى ئۇلۇغ باھارستاننىڭ تۇغۇلغان
كۈنى، ئەڭ بەختلىك ۋە قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ مۇقەد-
دىمىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ كۈن «شاۋگۇن
باھار» دەپ ئاتىلىپ، دەبدەبىلىك تەبرىكلىنىدۇ.
ھېيت ھارپىسىدا ھەربىر ئائىلىدە بىردىن چوڭ
ھېيتلىق نان — «شاۋگۇن نېنى» ھازىرلىنىدۇ.
رەسمىي ھېيت كۈنى كىشىلەر بىردەك ئېتىراپ
قىلغان «شاۋگۇنى» (بىر توپ كىشىنى باشلاپ،
ئۆيمۇ ئۆي ھېيتلىغۇچى ياكى ھېيت باشلىغۇچى-
سى) نىڭ باشلامچىلىقىدا، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ:
«مۇبارەكى شاۋگۇن باھار» دەپ يېڭى باھارنى مۇ-
بارەكلەيدۇ. ساھىبخان: «بەروۋي شۇما» (دېگىنى-
ڭىزدەك بولغاي) دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ ھەم شاۋ-
گۇندىن باشلاپ ھېيتلىغۇچىلارنىڭ مۇرىسىگە ئۇن
چېچىپ، ئۇلارغا بەخت تىلەيدۇ. تاجىكلارنىڭ
ئېتىقادىچە قارىشىدا، ئۇن ئەڭ پاك ۋە ساپ بو-
لۇپ، بەخت ۋە شادلىقنىڭ سىمۋولى. شۇڭا بار-
لىق شادلىق پائالىيەتلىرىدە كىشىلەر ئاق ئۇن ئار-
قىلىق بىر - بىرىنى قۇتلۇقلايدۇ. ئادەت بويىچە،
شاۋگۇنى بولغان كىشى بىرىنچى بولۇپ ھېيتلىق
ناننى ئاۋۋال پارچىلاپ، بىر توغرامنى «بىسمىللا»
دەپ ئاغزىغا سالىدۇ. ئاندىن باشقا تائاملارغا ئېغىز
تېگىدۇ. مۇشۇ مەنىدە، «شاۋگۇن نېنى» شاۋگۇن
باھارنىڭ سىمۋولى ۋە بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەن-
ئەنىۋى قائىدە - يوسۇندا، پارىسچە باش ھەرپ
«س» بىلەن باشلىنىدىغان يەتتە تۈرلۈك ھېيتلىق
يېڭى تائام ھازىرلىنىدۇ. بۇ تاجىك تىلىدا «ھەفت
سىن» دەپ ئاتىلىدۇ، ھېيتلىق شاۋگۇن نېنى
«ھەفت سىن» نىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ.
دېمەك، ھېيت تائاملىرى ئىچىدە شاۋگۇن نېنى
يادرو بولۇپ، «ھەفت سىن» (يەتتە تۈرلۈك غى-
زا) ئاشۇ يادرونى چۆرىدەپ تۇرىدۇ، ھېيت كۈنى
يەنە قىز - كېلىنلەر ئەتىگەندە ئاتا - ئانىسى ۋە ئەڭ
يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئالدىن ھازىرلىغان
ھېيتلىق توقاچ ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى مۇبارەك-
لەيدۇ ھەمدە ئۇلارغا بەخت - سائادەت، سالامەت-
لىك، ئامانلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ، ئۇششاق
باللار ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە چىقىپ ھېيتلايدۇ،
ئۇلار ھەربىر ئۆيدە بىردىن ھېيتلىق توقاچ ئېلىپ
ئۆيلىرىگە يىغىپ ئاپىرىدۇ. ئۈچ كۈن داۋاملىشى-
دىغان شاۋگۇن باھار ھېيتىدا پۈتكۈل يۇرت مە-
مۇرچىلىقتا، كۆللى خەلق شاد - خۇراملىقتا چۆمى-
دۇ.

ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئوت ئارقىلىق بەخت - سا-
ئادەت تىلەشنى مەركىزىي ئىدىيە قىلغان تاجىكلار-
نىڭ «پىلىك ھېيتى»، جۈملىدىن باشقا ھېيت -
ئايەملىرىدە «چەپەتى نان» دەپ ئاتىلىدىغان ھېيت-
لىق نان بار، بۇ ناننىڭ خېمىرى خېمىر تۇرۇچ-
سىز سۈت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، چوڭ ئەمما نېپىز
قىلىپ يېقىلىدۇ. ئۇ ھېيت داستىخانىدا خىلمۇ
خىل تائام ۋە نازۇ - نېمەتلەر ئوتتۇرىسىدا «شاھى
نان» كەبىي تۇرۇپ، كىشىگە ھېيت تۇيغۇسىنى
بېغىشلايدۇ.

«زۇۋۇر ھېيت» تاجىك تىلىدا «سۇ باشلاش
ھېيتى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، ھېيت كېلىشىنىڭ
ئالدىنقى كۈنى ھەربىر ئائىلىدە ئۈچ چوڭ ھېيتلىق

كۆمەچ نان يېقىلىپ تەييارلىنىدۇ، قائىدە بويىچە
بۇ ئۈچ كۆمەچ ناندىن بىرى ئۆيدە قالىدۇ، ئىككى-
سى سۇ باشلاش ئورنىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھېيت
كۈنى كەنتتىكى چوڭ - كىچىك كىشىلەر «مىرد-
ئاب» (سۇ سۇلتانى) نىڭ باشلامچىلىقىدا ئات -
ئۇلاقلىرىنى مىنىپ، سۇ باشلىنىدىغان نۇقتىغا بې-
رىپ، مۇز چوقۇپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى راۋاك-
لاشتۇرۇش ئەمگىكىگە قاتنىشىدۇ. سۇ رەسمىي
ئۆستەڭگە باشلانغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك بىر
يەرگە جەم بولۇپ، ئېلىپ كەلگەن ھېيتلىق كۆ-
مەچ نانلىرىنى بىرلىكتە يەيدۇ. كىچىك بالىلار
بىر- بىرىگە سۇ چېچىپ، ئويۇن - تاماشا قىلىشى-
دۇ، نان يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر
بىرلىكتە دۇئا قىلىپ، ھاۋانىڭ ئوبدان بولۇشى-
نى، شۇ يىلنىڭ مول ھوسۇل يىلى بولۇشىنى
تىلەيدۇ. ئارقىدىنلا سۇ باشلاش ھېيتىنى تەبرىك-
لەپ داغدۇغىلىق ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى
مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كى-
شىلەر بىر- بىرىنى ھېيتلاپ مۇبارەكلەيدۇ.

**تۇغۇت ۋە بوۋاق نېنى:** بىر ئايال تۇغسا،
خولۇم - قوشنا ۋە يېقىن - يىراق تۇغقان ئاياللار
ئىككى جۈپ نان ۋە سىمۋول خاراكتېرلىك بىر
كىچىك توقاچ ئېتىپ، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئۆيىگە
بارىدۇ. ئۇلار ئازراق ئاق ئۇننى ئۆيىنىڭ تېمىغا
سېپىپ، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ تۇغۇتىنىڭ ئوڭۇشلۇق
بولغانلىقىنى، يېڭى بوۋاقنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى-
نى مۇبارەكلەيدۇ، ئاندىن ئېلىپ بارغان تۇغۇت ۋە
بوۋاق نېنىنى لېگەنگە سېلىپ، ساھىبخانغا ئىككى
قوللاپ سۇنۇپ بېرىدۇ، تۇغۇتلۇق ئايال ئادەتتە
قىرىق كۈن يېتىپ ئارام ئالىدۇ. ئۇنىڭ قىرىق
كۈنلۈك ئارام ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، ئاياللار
يەنە ئالاھىدە نان ئېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ قىرىق
كۈنلۈك ئارامىنىڭ توشقانلىقىنى تەبرىكلەيدۇ، بۇ
ئادەتتە تاجىك تىلىدا «قىرىق نان» دەپ ئاتىلىدۇ.
تۇغۇت جىمى ئايالنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلىقى، ئۇ
ھەم ئايال كىشىنىڭ بۈيۈك بۇرچى، بەخت - تەلى-
يى ۋە ئەجىلى دەپ قارىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئايال-
لار تۇغۇت ۋە بوۋاق نېنىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن
قارايدۇ.

**سەپەر نېنى:** سەپەر ئىنسانلار تۇرمۇشىدا
دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. تاجىكلاردا بىر كىشى سەپەر-
گە چىقسا، ھارپا كۈنى ئۇنىڭغا تۇرلۇك سەپەر
غىزالىرى قاتارىدا سەپەر نېنى ھازىرلىنىدۇ. سە-
پەر نېنى ئۇن، سۇ، تۇز، ماي ۋە سۈت قاتارلىق-
لارنى ماتېرىيال قىلىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ئۈيغۇر-
لارنىڭ گىردە نېنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ خىل
نان ئاسانلىقچە قېتىپ قالماسلىق، كۆكىرىپ قال-
ماسلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بۇ نان تەملىك بول-
غاچقا، سەپەرچى سەپەر ئۈستىدە بىر ياكى بىرقانچە
كۈن تاماق يېمىسىمۇ، ھېچنېمە بولمايدۇ، ئادەتتە
بۇ نان خورجۇنغا قاچىلىنىدۇ. سەپەر نېنى قاتارىدا
يەنە يوللۇق نانمۇ بار. سەپەرچى بارار مەنزىلىگە
يېتىپ بارغاندا، بۇ ناننى سالام - سەھەتكە كەلگەن-
لەرگە قويىدۇ، كىشىلەر مازار باسقان نان دەپ
ئۇنىڭغا ئېغىز تېگىدۇ. ئەگەر سەپەر يولىدا مۇقەد-
دەس قەدەمگاھلار ۋە مازارلار بولسا، سەپەرچى
ئات- ئۇلىقىدىن چۈشۈپ، دۇئا - تالاۋەت ئوقۇپ،
سەپەر ياكى يوللۇق نېنىدىن بىر قانچىسىنى چىقى-
رىپ، سەدىقە ئۈچۈن قويىدۇ.

**باشقا نانلار:** ئادەتتىكى ۋە ئالاھىدە نانلار-
دىن باشقا، تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشىدا يەنە دائىم
ئۇچرايدىغان ناندىن كۆمەچ نان (بۇ كۈل كۆمەچ
نېنى ۋە كۆمەچدان كۆمەچ نېنى دەپ ئىككى خىل
بولىدۇ)، پېتىر نان (خېمىرتۇرۇچسىز ئەتكەن
خېمىردا ياققان نان تاجىكلاردا پېتىرنان دەپ ئاتى-
لىدۇ) بار، پېتىر نان تاجىكلارنىڭ تېز تائامى
جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ نان تۇساتتىن كېلىپ تېز
قايتىدىغان مېھمانغا، ئالدىراشلىقتا نان تۈگەپ قو-
ساق ئالدىراتقاندا، بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە كۆچ-
كەندە ئېتىلىدۇ. ئەگەر بۇ نان ماي ياكى قايماقتا
ئېتىلسە، كىشىگە بەكرەك تېتىيدۇ.

بىز كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قى-
لىش ۋە ئومۇمىيلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ،
تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى نان ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر
قېتىدا يوشۇرۇنغان، ئەمما تىزگىنلەش رولىنى
ئوينايدىغان مەدەنىيەت ئىنفورماتسىيىلىرىگە ئالا-
ھىدە دىققەت قىلدۇق، بۇ جەرياندا شۇنى چوڭقۇر
ھېس قىلدۇقكى، نان نوقۇل ھالدا قوساق تويغۇ-

www.uyghurkitap.com

زۇش فۇنكسىيىسىگە، تەملىك بولۇش، مەززىلىك
بولۇش ۋە يېيىشلىك بولۇش سۈپەتلىرىگە ئىگە بو-
لۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن
هالدا تاجىكلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش كاتېگورىيىسى-
دىن هالقىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش كاتېگو-
رىيىسىدىمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ ئورۇن ئالغان، ناد-
نىڭ تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشىدا قاچان پەيدا بولغانلى-
قى، ئۇ مۇشۇ مىللەتنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىمۇ ياكى
باشقا مىللەتلەردىن قوبۇل قىلغانمۇ، بۇ هەقتە بىز
هازىرچە كەسكىن بىر نېمە دېيەلمەيمىز، ئەمما،
تاجىكلارنىڭ نانچىلىق سەنئىتىنىڭ ئۇزاقلىقىنى،
ئۇنىڭ تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشىدا ناهايىتى مۇهىم ئو-
رۇن تۇتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇن
جەهەتتىن تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەنلىكىنى، ناد-
نىڭ تاجىكلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش، ئۆرپ -
ئادىتى، قائىدە - يوسۇنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە
مۇجەسسەملەشتۇرگەنلىكىنى، تاجىكلارنىڭ نان قا-
رىشىنىڭ قاتلىمىدا ئۇلارنىڭ دېهقانچىلىق ۋە ئاش-
لىق قارىشىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى ۋە ئاستىرتتىن
تىزگىنلەش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلى-
مىز، مۇشۇ مەۋقەدە نانغا قارىتا، بىز مەدەنىيەت
نۇقتىسىدىن كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشىمىز، ئۇ
هەقتە يۈزەكى ئەمەس، بەلكى ئەتراپلىق، هادىسى-
لىك ئەمەس، بەلكى ماهىيەتلىك، هېكايە - چۆ-
چەك سۆزلەش تەرىزدە ئەمەس، بەلكى ئىچكىرىلەپ
كىرىپ ئىزدىنىشىمىز لازىم.

بىز بۇ ماقالىنى يېزىش جەريانىدا تاجىكلار-
نىڭ نان مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ نان مەدە-
نىيىتىنى بىر قۇر سېلىشتۇرۇپ كۆردۇق. سې-
لىشتۇرۇش ئارقىلىق بىز بۇ ئىككى مىللەت خەل-
قىنىڭ نان مەدەنىيىتىدە هەم نۇرغۇن ئورتاقلىق-
ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى، هەم يەنە نۇرغۇن
پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى تېپىپ چىقتۇق. ئورتاقلىق
ۋە ئوخشاشلىق تۆۋەندىكى جەهەتلەردە ئىپادىلىنى-
دۇ: بىرىنچىدىن، بۇ ئىككى مىللەتنىڭ نانچىلىق
تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، نانچىلىق ماهارىتى ۋە سەن-
ئىتى تەدرىجىي شەكىللىنىپ، مۇكەممەللىشىپ
بارغان، ئىككىنچىدىن، نان بۇ ئىككى مىللەتنىڭ
ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا ناهايىتى مۇهىم ئو-
رۇن ۋە فونكسىيىگە ئىگە. ئۈچىنچىدىن، بۇ ئىك-
كى مىللەت خەلقىنىڭ نان قارىشى ۋە ئۇنىڭدا يو-
شۇرۇنغان دېهقانچىلىق - ئاشلىق قارىشى ئاساسەن
ئوخشاش، تۆتىنچىدىن، بۇ ئىككى مىللەتتە، ناد-
نىڭ خام ماتېرىيالى، ناننى تەييالاش تېخنىكىسى،
نانچىلىق ئەسۋابلىرى ئاساسىي جەهەتتىن ئوخ-
شاش، بەشىنچىدىن، بۇ ئىككى مىللەتتە ناندا مۇ-
جەسسەملەشكەن مەدەنىيەت ئامىللىرى جۇزئى جە-
هەتلەردە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. هەر ئىككى مىللەت-
تە توي - تۆكۈن نېنى، هېيت - ئايەم نېنى، سەپەر
نېنى دېگەنلەر بار ۋە باشقىلار. بۇ ئىككى مىللەتتە
ناندىكى پەرقلەر تۆۋەندىكى جەهەتلەردە كۆرۈلىدۇ:
بىرىنچىدىن، ناننىڭ تۈرلىرى ۋە شەكىللىرىدە
قىسمەن پەرقلەر بار. ئۇيغۇرلاردا گىردە نان ئو-
مۇملىشىپ كەتكەن. گىردە نان تېخنىكىسىمۇ ئۆز-
گىچىلىككە ئىگە. تاجىكلاردا گىردە نان يوق دې-
يەرلىك، بولغاندىمۇ ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلغان.
ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلاردا نان ئاللىبۇرۇن ئۆي-
دىن بازارغا يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ
تۇرمۇشىدا هەم ئىستېمال قىممىتىگە، هەم بازار
قىممىتىگە ئايلانغان. نان بازار ئىگىلىكى تەركىبى-
گە كىرگەنلىكى سەۋەبلىك، ئۇيغۇرلاردا نانچىلىق
ماهارىتى رىقابىتى شەكىللىنىپ، نانچىلىق سۈپى-
تى ۋە دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. چۈنكى
رىقابەت سۈپەت ئۆتكىلىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. تا-
جىكلار بولسا، بۇ جەهەتتە ئۇيغۇرلاردىن ناهايىتى
ئارقىدا قالغان. تاجىك نېنى ئۆيدىن تېخى بازارغا
چىقمىغان. شۇنداق ئىكەن، تاجىكلاردا نانچىلىق
رىقابىتى شەكىللەنمىگەن. تەبىئىيكى، تاجىكلار-
نىڭ نانچىلىق ماهارىتى ۋە تېخنىكىسى ئۇيغۇرلار-
دىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ قارىشىنى تاجىك-
لار هېسسىيات جەهەتتە قوبۇل قىلالماسلىقى مۇم-
كىن. لېكىن رېئاللىق - رەهىمسىز، پاكىت مۇنا-
زىرىدىن هامان ئۈستۈن. ئارقىدا قالغانلىقىنى ئې-
تىراپ قىلماسلىقنىڭ ئۆزى نادانلىق، ئۇ ئىلگىرى-
لەشنىڭ دۈشمىنى. ئۈچىنچىدىن، تاجىكلاردا ناندا
بىر يۈرۈش سان - سىپىرلار بار. بۇ سان - سې-
پىرلار روشەن سىمۋوللۇق ۋە ئۇچۇرلۇقا ئىگە.
ناندىكى «جۈپ» لۈك شاد - خۇراملىقنىڭ سىگنا-

لى، «تاق» لىق بولسا، قايغۇ - ھەسرەت ۋە خاپىلىقنىڭ بەلگىسى، نانىڭ شەكىللىرىدىمۇ بەلگىلىك ئۇچۇر - مەلۇماتلار بار. نان ئارقىلىق قەسەم قىلىش، نان بىلەن تاۋاب قىلىشتىن تاجىكلارنىڭ ئېتىقادىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسا، توي نېنى، ھازا نېنى، ھېيت - ئايەم نېنى، تۇغۇت - بوۋاق نېنى، سەپەر نېنى ۋە مېھماندارچىلىق نېنىدىن نان بىلەن تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلگىلى بولىدۇ، ناندىكى بۇ خىل مەدەنىيەت ئىنفورماتسىيىلىرى ئۇيغۇرلاردىمۇ بار، لېكىن تاجىكلارنىڭكىدەك روشەنلىككە، ئېنىقلىققا ۋە نازۇكلۇققا ئىگە ئەمەس. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ نانچىلىق مەدەنىيىتىدە يەنە باشقا پەرقلەرمۇ بولۇش مۇمكىن.

شىنجاڭ رايونىدا سېلىشتۇرما نانچىلىق تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىش ناھايىتى مۇھىم؛ چۈنكى بىز بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا ئۆتۈپ تەتقىق قىلغىنىمىزدىلا، ئاندىن ماھىيەتلىك نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيمىز، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى خەلققە توغرا، ئەينەن ۋە ماھىيەتلىك چۈشەندۈرەلەيمىز. كىشىلەر شىنجاڭنى «ئېتنوگرافىيە مۇزېيى» دەپ تەرىپلەيدۇ، بۇنىڭ چىنلىقىدا گەپ يوق، ئەمما بىز بۇ چىرايلىق گەپ بىلەن مەس بولۇپ يۈرۈۋەرسەك بولمايدۇ. بىز ئەڭ ياخشىسى تەتقىقات ساپا ۋە مېتودىمىزنى ياخشىلاپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ «ئېتنوگرافىيە مۇزېيى»نى ئوبدان تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەتلىك ۋە ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى خەلقى ئالەمگە نامايان قىلىشىمىز لازىم.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. مەدەلىخان، رەھمانقۇل: «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. «جۇڭگو تاجىكلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىل ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە نەشرى.

3. «جۇڭگو تاجىك مەدەنىيىتى» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

4. رەھمانقۇل: «تاجىك خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 - يىللىق 2 - سان.

5. ئاپتورنىڭ «تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ھېيت - ئايەملىرى توغرىسىدا»، «تاجىكلارنىڭ قەبرىچىلىك مەدەنىيىتى»، «پىلىك ھېيت»، «مۇبارەكى شاۋگۇن باھار» ناملىق ماقالىلىرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاي    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    19ـ يىللىق 1ـ سان
1998 年 3 月    新疆大学学报(哲学社会科学维文版)    第 19 卷第一期

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ توققۇزىنچى تۇپلەم يىگىرمە تۆتىنچى بۆلىكى ھەققىدە

تۇرسۇن ئايۇپ*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ تېپىلىش جەريانى، ئۇنىڭ مەزمۇنى، تارقىلىش دائىرىسى ھەم مەزمۇنى تەتقىق قىلىنىش بىلەن بىرگە پايدىلىنىش مەقسىتىدە بىر باب تونۇشتۇرۇلدى.

摘要:本文介绍《金光明经》的发现过程、内容、传播、及研究情况并介绍其中的一节供参考。

**Abstract**: This article relates the discovery of "Altun Yarukh"in old Uighur, its content and the dessiminated region. It also introduces Part 24, volume 9 as a reference.

«ئالتۇن يارۇق» قەدىمدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇددىستلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان زور ھەجىملىك بۇددا نومى. مەزمۇن جەھەتتىن ئۇ بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا uluo kθlüngü ـ چوڭ ھارۋا ـ دېيىلىدۇ) مەزھىپىگە ئائىت ئەسەر. «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇق ئاتىلىشى altun θng lūg yaruķ yaltrĪķlo ķopta kθtrülmĪx nom ili kĪatlo nom btik ئالتۇن ئۆڭلۈك يورۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك — بولۇپ، «ئالتۇن يارۇق» ئۇنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشىدۇر.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى روسىيە ئالىمى س. مالوۋ 1910 ـ يىلى ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن رايونىغا قاراشلىق (يۈگۈر سېرىق ئۇيغۇر) لار ئولتۇراقلاشقان ۋېنشۇيگۇ دېگەن جايدىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان. بۇ نۇسخا ھازىر روسىيىدىكى سان ـ پېتېربورگ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ ھازىر سان ـ پېتېربورگتا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 26 ـ يىلى (مىلادى 1687 ـ يىلى) ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق دۇنخۇاڭ شەھىرىدە بىلگە تالۇي شابى، راتناۋاچىر شابى، چاخشاپىت ماڭگال تويىن، چاخشاپىت ماڭگال ئىسداۋرى تويىن،

* تۇرسۇن ئايۇپ: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

سۇۋاستى تويىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ تېخىمۇ كونا نۇسخىسىدىن كۆپەيتىپ كۆچۈرۈلگەن.

1913 — 1914 - يىللىرى روسىيە ئالىمى رادلوف بىلەن مالوف «ئالتۇن يارۇق» نىڭ سان - پېتىربورگتا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىغا ئاساسەن، ئۇنى قوغۇشۇن مەتبەئەدە كۆپەيتىپ باستۇرغان.

«ئالتۇن يارۇق» تا بۇددا دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى، قانۇن - قائىدىلىرى، پەرھىز - تۈزۈملىرى بايان قىلىنغاندىن باشقا، يەنە قانۇن - قائىدىنى ھىمايە قىلىش، ئەل - يۇرتنى قوغداش، خەلقى ئالەمنى بالايى ئاپەت، ئاغرىق - سىلاق، خېيىمخەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش، يوقسۇللارنى يۆلەش، يېتىم - يېسىرلەرگە خەير - خاھلىق قىلىش، باي بولۇپ روناق تېپىش يوللىرىنى كۆرسىتىش قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ ھېكايە شەكلىدە ھەرىكەتچان ۋەقە، كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق جانلىق بايان قىلىنغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ مەيلى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن بولسۇن، مەيلى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار تەرىپىدىن بولسۇن، سۆيۈنۈپ ئوقۇلىدىغان، قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدىغان، سادىقلىق بىلەن چوقۇنىدىغان مۇھىم بۇددا نومى بولۇپ قالغان. شۇڭا ئۇ بۇددىستلار تەرىپىدىن «ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى» دەپ ئاتالغان. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ نوم قەدىمدىلا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇيغۇر، خەنزۇ، زاڭزۇ، موڭغۇل، مانجۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئىلىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە گۈللەپ ياشناشتەك يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەمگەكچان، بىلىم سۆيەر ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش ساھەسىدىمۇ ناھايىتى زور ئۇتۇقلار قولغا كەلدى. بۇ ئۇتۇق - نەتىجىلەر قاتارىدا «ئالتۇن يارۇق» نىڭ مۇناسىۋەتلىك تۈپلەم - بۆلەكلىرىنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلىنىشىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەمگەكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ باشتىن بوي تولۇق رەتلىنىپ نەشر قىلىنمىغانلىقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە بىر بوشلۇق بولۇپ كەلگەندى. بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، خەلقنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن خەلقنى بەھرىمەن قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، 1987 - يىلى 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش ، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نى رەتلەپ تەتقىق قىلىش ۋە نەشرگە تەييارلاش ۋەزىپىسىنى بىزگە ھاۋالە قىلغانىدى. بىز بۇ شەرەپلىك ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن قوللىشى، ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك كەسپداشلارنىڭ قىزغىن ئىلھام بېرىشى ئارقىسىدا، بەش يىل جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىپ، 1992 - يىلى 3 - ئايدا «ئالتۇن يارۇق» نى مۇقەددىمە، ترانسكرىپسىيە، تەرجىمە، ئىزاھ، ئومۇمىي سۆزلۈكتىن ئىبارەت بەش قىسىم بويىچە ئىشلەپ تاپشۇرغانىدۇق. لېكىن نەشر خىراجىتى تۈپەيلىدىن تا ھازىرغىچە نەشردىن چىقالماي قالدى.

«ئالتۇن يارۇق»قا دائىر ئومۇمىي مەلۇمات، يەنى ئەسەرنىڭ تېپىلىشى، مەزمۇنى، تىل - يېزىق ئالاھىدىلىكى، تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى، ئىلمىي قىممىتى، ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ئەھۋالى، ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئاپتورى سىڭقۇ سەلى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى، ئەسەرنى ترانسكرىپسىيە ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا ھۆرمەت قىلىنغان پرىنسىپ قاتارلىق مەسىلىلەر بىز نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا تەپسىلىي ئىزاھلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە يەنە تەكرارلاپ ئولتۇرمىدۇق.

بۇ يەردە كەڭ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرماقچى بولغىنىمىز «ئالتۇن يارۇق» نىڭ توققۇزىنچى تۈپلەم يىگىرمە تۆتىنچى بۆلۈكىدۇر. بۇ بۆلەكنىڭ باش تەرىپى كەمتۈك بولغاچقا، بۆلەكنىڭ ئۇيغۇرچە ماۋزۇسى بىزگە نامەلۇم. ئەسەرنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدىبۇبۆلەكنىڭ تېمىسى 金光明最胜王经 除病品第二十四

ئالتۇن ئۆڭلۈك يورۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈكنىڭ ئاغرىق - سىلاقتىن قۇتقۇزماق ئاتلىق يىگىرمە تۆتىنچى بۆلۈكى — دەپ ئېلىنغان. بۇ بۆلەكتە دىۋائىندىراپ-رابى ئاتلىق بىر ئىلىك خاننىڭ ئېلىدە ئاغرىق - سىلاق تارقىلىپ خەلقى ئالەمنىڭ بۇنىڭدىن ئازابلانغانلىقى، ھەسرەت چەككەنلىكى، بۇ چاغدا بۇ ئەلدە ئۇداكاتاتى ئىسىملىك بىر ئاقساقال بولۇپ، ئۇ گەرچە داۋا - شىپاغا دائىر شاستىر (كىتاب، دەستۇر) لارنى پىششىق بىلسىمۇ، داۋا - شىپاغا ئۇستا بولسىمۇ، لېكىن يېشىغا يېتىپ ھالسىراپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ كېسەلگە داۋا - شىپا قىلىشقا كۈچ - مادارى يەتمەيدۇ. بۇ ئاقساقالنىڭ تۇرلۇك گۈزەل ئەخلاققا تولغان، نوم - شاستىرلارنى پۇختا بىلىدىغان، زېرەك، ئوچۇق - يورۇق، ئەل - يۇرت سۆيەر بىر ئوغلى بولغان. بۇ ئۇدانىشانتى ئاتلىق ئوغۇل ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئازاب - تارتقۇلۇقنى تۈگىتىپ، ئەلنى تىنچ - خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، دادىسى تۈۋىتىدىن داۋا - شىپاغا دائىر شاستىرلارنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئاندىن ئەل - يۇرت كېزىپ، ئاغرىق - سىلاقلارنى داۋالاپ، ئەلنى تىنچ - ئاسايىش قىلغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ.

**toķuzunq bir otuz**

585. 1) nom ıyitlinip bəlgü nomı ķaltuķta
2) θtrü,ol oɣ urta diwaindir-
3) aprabi atlɣ ilik ķan yirtinqü—
4) də bəlgürüp ,imərigmə ķamaɣ ķara
5) bodunuɣ ķltı θgi ķangı oɣ lın ķız-
6) ın igiturqə kθni nomqə
7) tθrüqə oz baxlatı ol θdün ol
8) ilik bəgning ilintə bir
9) udakatati atlɣ amanq ymə ot
10) əm xastrların θtkürü uķmıx,səkiz
11) türlüg isig θz yθrüntəgin bilmək
12) uķmaķ ərdəmig angsız kəd
13) bilmix ərti nəqə iglig kəmlig
14) aɣ rıķllɣ tikiglig angar yaķın
15) kəlsərlər,ularnı barqa igintin
16) aɣ rıķıntın ozɣurur θngətturür
17) ərti. ol amanqnıng yana ķop
18) türlüg kθrkkə məngizgə tükəl—
19) lig ķamaɣ kixilərkə səwitmix
20) titig otķuraķ yruķ yaxuķ ķamao
21) xastir bitiklərig pütürü bilmix
22) san saķıx ədrəmingə barqaɣ a
586. 1) θtmix udakanixanti atlɣ oɣ lı
2) ərti. bir oɣ urta diwain dir-

3) aprabi atloɣ ilik bəgning il-
4) intə uluxInta ig kəgən bolup
5) bodunu̇ ķarasI ķoduru əmgənti. anI
6) kθrüp,ol ilik bəg ərtingü
7) busantI ķaoɣrultI. θtrü ol θdün
8) udakanixanti atloɣ urI bu ķamaoɣ
9) bodunnIng ķaranIng əmgəkin toloɣ aķIn
10) kθrüp,ularnI üzə uluoɣ yarlIķangu-
11) qI kθngül turoɣurup inqə tip saķIntI:
12) kim bu ķamaoɣ ķara bodun munI
13) munqulayu ig aoɣrIķ əmgək üzə
14) sIķIlmIx tangIlmIxlar ol. inqip
15) yana məning atam bəg amanq alķu
16) ot əm xastirlarIn otkürü uķup
17) səkiz türlüg isig θz yθrüntəgin
18) bilmək uķmaķ ədrəmig
19) angsiz kəd uķmix ərsər,ymə
20) inqip yaxķa sIxķa təgmix
21) küqi küsüni kəyilmix küqsirəmix
22) ərür. nəng inqip ballIķ ulux sayu
23) barIp əw əw sayu kəzə yorIp

**toķuzunq iki otuz**

587. 1) ot əm ķIloɣalI udaqI ərməz,**tük**
2) tümən kixilərning aoɣrIķķa
3) basItIp umuoɣ suz Inaoɣ sIz yatur-
4) lar,anIn əmti mn atam bəg-
5) kə barIp ot əm xastrnIng
6) θsən krgəklig tügünin ig
7) aoɣrIķ əmgənmək uzanmaķIn ayItayIn
8) θtünəyin. anta kin ballIķ ulux sayu
9) kəzə yorIp tInloɣlarnIng iglərin
10) aoɣrIķlarIn otayIn əmləyin. uzun
11) θdün ularnI inq məngilig
12) bolo uluķ Ix tθtüküg ķIlayIn tip
13) munqulayu saķInIp,θtrü ol baya-
14) oɣut ooɣlI atasI udakatati
15) amanq tapa barIp yükünməktə

www.uyghurkitap.com

16) ulatI yniqkə tsi tθrülər üz-
17) ə aɣIr ayaɣ ķIlIp birtin yIngaķ
18) turup,θtrü xlok taķxut-
19) In inqə tip θtünti:
20) ay,yrlIķanquqI kθngüllüg atam
21) ķangIm uluɣ bəgə,irinq-
22) kəmək kθngül θritsün,kθsux-
23) üm təginür məning tInlaɣlarIɣ
588. 1) əmləgülük,θtünürmn ayItu
2) ot əm xastrlar yθrügin,nə
3) tIltaķIn bu ət'θz kəyilip küqsirəp
4) artayür,mahabutlar ķuwraķI nəgülüg
5) axIlur θstəlür,ķayu θd ķolular-
6) nIng iqintə kəsinlərning sapInta
7) ķayu ķayu ig aɣrIķ nətəg yanglIɣ tθrqi-
8) yür,nətəg yanglIɣ axasar ax
9) suwsuzlar tatIɣIn bolur,θtrü tInlaɣlar inq
10) mənglilig bolɣalI uyur,yana ķIlɣalI
11) bu oķ tIltaķIn ət'θztə bIxurdaqIɣ,ax
12) ootIn θqürməkli isməkli yalanguķ
13) ət'θzintə tθrümix tθrt uluɣ iglər-
14) in. yiilig sarIɣIɣ lisipig yumķIn
15) təbrəmix sanIpatIɣ əmləgəli kθsərsər,
16) ədgü kθngüllüg kixilər nətəglədi əm-
17) ləgü ol muntaɣ yanglIɣ ig toɣaɣ. ķayu
18) θdün təbrəyür yiil tθzIlg ig
19) ət,θztə,ķayu θdün bulɣayur sarIɣ
20) tθzlüg ig aɣrIķ,ķayu θdün tθrqiyür
21) lisip tθzlüg tumluɣ ig,ķayu θd-
22) də tururlar sanipat atIɣ ķatIɣlIɣ
23) ig tip tidi. ol θdün ol amanq kntü
tokuzunq üq otuz
589. 1) oɣlInIng bu muntaɣ θtügin əxitip,
2) θtrü θzi ymə xlok taķxutIn
3) oɣlIlnga inqə tip kiginq birti:
4) nm əmti inqip tayInIp sθki arz-
5) Ilar bilikingə ig aɣrIķIn əmləgü
6) xastrtaķI yθrüggə iyin
7) kəzikqə adIrtlIɣ θtrü kθrkitü sθz-

8) ləyin, ədgüti əxitip kθngül kərip tInloq -
9) larIoq ozoq uroqIl, üq aylar ərür yaz-
10) ķI θd tip, üq aylar titir yay
11) θdlər tip, üq aylar atanur
12) küz θdlər tip, üq aylar bolur
13) ķIxķI θdlər tip. munqulayu yangIn
14) tutmaķIn bir yil sanI iqintə üqər
15) üqər aylarIoq adIrmaķ üzə θd
16) bolur. ikirər ikirər aylarIoq birk-
17) kərtmək üzə kəsin tItir. θtrü
18) pütər bir yIlta altI kəsinlər
19) saķIxI, ram aylI ikinti ay ķua-
20) lIoq. qəqəklig θd ərür. üqünq aylI
21) tθrtünq ay isig θdnüng ülüxi
22) ol, bixinq aylI altInq ay yaoq mur-
23) luoq θd atanur, yitinq aylI

590\. 1) səkizinq ay ülüxi ərür küz θd-
2) nüng. toķuzunq aylI onunq ay
3) tumluoq θd tip titmix ol. kinki
4) iki aylar ķawIxIp ķarlIoq buzluoq
5) θd bolur. munI munqulay adIrtlap
6) kəsinlərning adIrtIn birmix
7) krgək otlarIn saxurmatIn kəzikin.
8) bu θdlərning iqintə yaraoqInqa yonInqa
9) itip tüzüp uz ķatIp axIoq iqgüg
10) suwsusuoq kigürmix krgək ķarInta
11) singürü bIxuru θdinqə. θtrü ķamaoq ig.
12) tooqa təprəyü tθrqiyü umazlar. kəsin-
13) lərning sapInta təgxilməktin
14) θd ķolu tθrt uluoqlar idixip
15) təgxilürlər θd iyin. bu θdlər-
16) tə otaqI yiməməsər ot əmig
17) otķuraķ siziksiz təbrəyür aoqrIķ
18) tikig ig tooqa. adIra bilsər
19) otaqI tθrt θdlərning adIr-
20) tIn ymə θk bilsər anqulayu altI
21) kəsinlərning ülüxin uķsar, birük
22) bəlgülük yiti ooquxuoq ət'θzdə
23) saxurmatIn ixlətür. ooqux ərsər

www.uyghurkitap.com

**toķuzunq tθrt otuz**

591. 1) ət'θzdə ət ķan tatlɪƣ üq ərür,.
2) yinli sθngükli bix bolur, yilikli
3) uluķlɪ bolur yiti. kirsər birük
4) ig aƣrɪķ bu tɪdlɪƣ birtəqi oƣux-
5) larta bilmix krgək otaqɪ əm-
6) ləgəli bularnɪ tθrt türlügin
7) adɪrɪlmɪx ig aƣrɪķ tip titirlər.
8) inqə ķltɪ yiil sarlɪƣ lisip tθzlüg
9) (aƣ )rɪķ ig sanɪpat atlɪƣ, birgərü
10) ķatlɪƣlɪƣ ig birlə bolur tθrt. bilmix
11) krgək bularnɪng tθrqügü təbrəgü θd-
12) lərin. yazķɪ θdlər iqintə yiil
13) tθzlüg ig tθrqiyür, küz bu θd-
14) də küqərür isig tθzlüg sarlɪƣ
15) (ig), ķɪx θdlərdə buluƣanur sanɪpat
16) atlɪƣ ķatlɪƣlɪƣ ig. yayķɪ θddə
17) axanƣu ol irik kθyürügli isig ax-
18) lɪƣ yay ylsünlər xor aqlɪƣ isig
19) yaƣlɪƣ ax iqgü. küzki θdün
20) axanƣu ol soƣlɪƣ yaƣlɪƣ süqüg ax,
21) ķɪx yisünlər qɪwsaķun irik süqig
22) yaƣlɪƣ ax. inqip munta munqulayu
23) tθrt θdlərdə aymɪxqa ot-
592. 1) ta ķɪlsar ulatɪ axlɪƣ iqgüg
2) (adɪrsar) axlɪƣ tatɪķɪn təgxürmədin
3) bɪn tθrüqə yidürsər, anta taķɪ
4) boltuķmaz ig tθrqigülük tɪltaķlar.
5) ax yimixtə kin inqip təbrəyür
6) lisip tθzlüg ig aƣrɪķ, ax
7) singər ərkən təbrəyür sarlɪƣ tθzlüg
8) isig ig, ax singmixtə kin
9) təbrənür yiil tɪltaķlɪƣ ig toƣa.
10) θdɪn bəlgüsin bilmix krgək iglər
11) ķaqan bilü tükətsər bu iglərning
12) tθzlərin, iggə yaraxɪ yonɪnqa
13) ķɪlmɪx krgək ot əmig ķltɪ
14) igning bəlgüsin adɪrtlɪƣ adɪr(a)
15) adɪrtlap anta kin əmləgü ol tθzin

16) tuta baxlaⱪIn. yiil igliggə iqürgü
17) ol ⱪayInturmIx yaƣlarƣ,sarƣ iglig- 5
18) gə iqürgü ol sɵkitkülüg ət-
19) lərig,lisip tɵzlüg igliggə
20) ⱪoxItⱪu əmlər yaraxur,sanIpat tɵz-
21) lüg igliggə bu üq əmlər barqa
22) yaraxur,bir bolmIx araslnta yiil
23) sarƣ lisip üqərgü ɵtrü anIng

**toⱪuzunq bix otuz**

593. 1) atI ərür sanIpat ig tip. oƣrayu
2) bilsər ymə iglərning tɵrqigülük
3) ɵdlərin,kɵrmix krgək ularnIng
4) nətəg tɵzlüg ərtükin. munqulayu adI-
5) rtIlƣ bilmixtə kin otaqI ol oⱪ
6) ɵdlərning yonInqa otIn
7) birip əmləsun,axIn iqgün ot əm-
8) in saxurmatIn ɵdinqə. munung atI
9) kɵkülür kəd otaqI tip,səkiz
10) türlüg ədrəmig bilmix krgək otaqI
11) ⱪamaƣ ot əm usanmaⱪI üzə birgərü
12) tutulmIx bilikig bularnI. birük ot
13) kɵrməsər yruⱪ yaxuⱪ topulu,ɵtrü
14) uyur əmləgəli igin kəmlərin tInlƣ-
15) larnIng,ular yana bu titir:yingnə
16) Itmaⱪ,bax yarmaⱪ,ət'ɵzig əmləmək 5
17) aƣukmIxlarIn əmləmək,oƣlan ⱪIzlarIƣ①
18) anqulayu oⱪ ⱪarIlarƣ yigit
19) ⱪIlmaⱪ,uluƣ uƣ kiqigig ɵstəmək
20) ɵngrə kɵrgü ol ularnIng bodIn sInIn
21) ⱪrtIxIn sawIn sɵzIn ulatI tɵz-
22) in ərikin ymə anqulayu oⱪ antada
23) kin ayItⱪu ol tüxəmix tül bəlgüsin.

594. 1) bilgəli bolur adIrtIlƣ,yiil arƣ lisip
2) adIrtIn,baxInta saq az ərip toruƣ
3) ərsər ət'ɵzi,kɵngüli biliki ⱪIlIⱪ-
4) I ti ornaⱪIlƣ ərməsər,ɵküx saw
5) sɵzlədəqi ərip,tülintə uqar tüx-

① بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتە ⱪlalarƣ دەپ يېزىلغان، بىز كونتېكستكە ئاساسەن ⱪIzlarIƣ قىزلارنى - دەپ تۈزۈپ يازدۇق

www.uyghurkitap.com

6) əsər, muntaƣ oƣuxluƣ kixi-
7) lərig yiil tɵzlüg tip bilsünlər.
8) kiqig yigit yaxınta saqı baxı
9) yɵrünggərsər, ɵkünx təritip ɵwkəqi
10) ərsər, artıƣrak yruⱪ yaxuⱪ titkərip
11) tülintə yana oot kɵrsər, bilmix
12) krgək ol kixig sarıƣ tɵzlüg ərür
13) tip, kɵngüli biliki ornaⱪlıƣ, ət'ɵzi
14) tüzdəm itiglig ərip yinqürü adıra
15) biltəqi ərip, yaƣ sıxtaqı ərsər baxın-
16) ta, tülintə kɵrsər aⱪar suw
17) yɵrüng ɵnglüg ədlərig, ɵtrü bilgü
18) ol ol kixig lisip tɵzlüg ərür tip,
19) sanipat tɵzlüg kixining barqa bolur
20) birgərü azu ymə bolur ikəgü, azu
21) bolur üq, barqa ⱪayusı ərsər, biri-
22) si artuƣ küqlüg bolmaⱪtın bilmix
23) kərgk ol kixig antaƣ tɵzlüg ərür tip.

**toⱪuzunq altı otuz**

595. 1) ⱪaqan bilsər munqulayu ɵz tɵzlərin
2) adırtlıƣ iggə yaraxı tɵzinqə
3) birmix krgək ot əmig. sınamıx
4) təg bilsərlər ɵlməgüsin bəlgülüg
5) timin ɵk anıng atı bolur tirgür-
6) təqi ərür tip. kimning birük
7) ⱪaqıⱪları tətrü yangluƣ atⱪansar,
8) yig otaqı baⱪxı üzə yinig
9) kɵngül turⱪursar, ədgü ɵgligə
10) yanturu ɵwkələnsər, ⱪaƣısar bilmix
11) krgək munı üzə ɵlüm bəlgüsi
12) ərür tip. sol kɵzining yɵrüng
13) ⱪaraⱪı ɵngı ⱪırtıxı təgxılsər,
14) tili aƣızı ymə ⱪaraylp burunı
15) üwixip kɵkitsər, ⱪuluƣaⱪı tilgən-
16) i itigi ɵngi bolsar, ɵngrəkidə
17) altın irini box bolup ⱪodı salınsar
18) ymə ɵlür. bir yalanguz arırı-
19) da altı tatıⱪ tükəl ol, alⱪu
20) iglərig ɵngəttürtəqi iqgü ot-

21) larnIng iliki ol: üq tüxlər
22) ulatI üq kθyürüklilər ymə birgərü
23) ķamaɣ otlarta uquz bulɣuluķ titir-
596. 1) lər. ingək yaɣI süt birlə mirli
2) panItlI ikəgü bolar oɣrayu əmi
3) ərür ķamaɣ iggə bir yanglIɣ bular-
4) ta adIn nəqə ərsər, iqgü otlar ķuwraķ-
5) I igig kθrüp θz tθzinqə yaraxI.
6) turķurmIx krgək axnuqa yarlIķan-
7) ɣuqI kθngülüg, tiləməgü ol kθsəməgü
8) ol əd tawarlIɣ bulunqIɣ sθzləyü
9) tükəttim mn sanga ot əm xastr-
10) nIng krgəkin θngəttürüp igligLərning
11) ülgüsüz buyan alɣuluķ tip tidi.
12) θtrü tngri tngrisi burķan budI
13) sθgüt təngrisingə inqə tip yrlIķadI:
14) tüzün tngri ķIzIya. ol θdIn
15) ol bayaɣut oɣlI udakanixanti
16) urI kntü atasIntIn bu muntaɣ yanglIɣ
17) səkiz türlüg isig θz yθrüntəgin
18) bilmək bilgə bilikning tθzin
19) tüpin tθrt θdlərning altI
20) kəsinlərning adIrtIn θdürtIn
21) ķIlɣuluķ əmlərning yigülük iqgülük
22) tatIķlarnIng θd iyin ixlətkü-
23) lük tθrüsin əxitip ədgüti

**toķuzunq yiti otuz**

597. 1) kθngül kərti, qInķaru bilti. tana kntü
2) θzününg ymə munta bilgə bilik
3) üzə igliglərig əmləp θngəttürgəli
4) uɣuluķIn tanglanIp, θtrü balIķ
5) ulux sayu barIp tük tümən igliglər—
6) kə təgip ədgü yaɣlIɣ yumxaķ
7) sawIn θdləp əngiləp, mn ərsər
8) otaqImn, mn ərsər otaqImn,
9) otuɣ əmig ymə kəd θtkürü bilir
10) mn, uķar mn θngəttürgəli
11) tip tidi. anta θtrü ol ķamaɣ
12) igliglər bu sawIɣ əxitip ərtingü

www.uyghurkitap.com

13) θgirtilər səwintilər. ol θgrünq
14) səwinqləri tİltaķİnta igləri
15) əmgəkləri ymə tarİķİp kitip bİnķİ
16) təg küqlüg küsünlüg boltİlar
17) ularta ķayu igləri ao rİķlrİ
18) ao İr alp əmləgülük igligfər
19) ərtilər ərsər, yumķİ ol bayao ut
20) oo lİ tapa barİp kntü kntü iglərin
21) ao rİķlarİn əmləgəli θogəttürgəli
22) θtüntilər. θtrü ol bayao ut
23) o lİ urİ ymə ularnİng iglərin
598 1) kə yaraxİ θngi θngi türlüg
2) ot əm birip barqanİ bir yanglİ
3) inq ķiltİ. yüz ming tümən
4) kolti tİnl lar iglig əmgəkin—
5) tin oztİlar ķutrultİlar.

**توققۇزىنچى (تۆپلەم)①☆ يىگىرمە بىرىنچى (ياپراق) ئا**

585. 1) نومى① يۇتۇپ، نوم بەلگە — نىشانى قالغاندىن
2) كېيىنكى شۇ چاغدا دىۋائىندىرا-
3) پرابى② ئاتلىق ئىلىك خان يەر يۈزىدە
4) پەيدا بولۇپ، ئۆز ئەتراپىغا ئويۇشقان بارلىق پۇقرا
5) ۋە خەلقلەرنى خۇددى ئانىسى، دادىسى، ئوغلى، قىزى-
6) نى بېقىپ تەربىيىلىگەندەك توغرا نوم ۋە
7) قانۇن - قائىدە بويىچە ئۆزى باشلاپ ماڭدى. بۇ چاغدا
8) بۇ ئىلىك بەگنىڭ ئىلىدە بىر
9) ئۇداكاتاتى③ ئاتلىق ئاقساقال بولۇپ، ئۇ داۋا-
10) شىپاغا (دائىر) شاستىرلارنى④ پىششىق بىلەتتى،
11) سەككىز تۈرلۈك ئىسسىق ئۆزىنىڭ⑤ داۋا - شىپاسىنى بىلمەك
12) ئۇقماق ئەردەم - پەزىلەتلىرىنى⑥ تولۇق پۇختا
13) بىلەتتى. ھەرقانداق ئاغرىق - سىلاقا گىرىپتار
14) بولغانلار ئۇنىڭ يېنىغا بارسا، ئۇ
15) ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاغرىقتىن قۇتقۇزۇپ،
16) كېسىلىنى ساقايتاتتى.
17) ئۇ ئاقساقالنىڭ يەنە كۆپ خىل
18) گۈزەللىككە، ھۆسنىگە تۈگەللىك،
19) بارلىق كىشىلەرنى سۆيۈندۈرىدىغان،
20) ئەقىللىق، زېرەك، ئوچۇق - يورۇق، بارلىق

① ☆ تەرجىمىدە يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر تېكىست تەرجىمىسىنى توغرا ۋە راۋان ئىپادىلەش ئۈچۈن قوشۇلغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

21) شاستىر - پۇتۇكلەرنى تولۇق بىلىدىغان،
22) تۇرلۇك ئەردەم - پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىگە

ب

586. 1) توشقان ئۇداكانىشانتى⑦ ئاتلىق بىر
2) ئوغلى بار ئىدى. بىر چاغدا ئۇ دىۋائىنىدىراپرابى
3) ئاتلىق ئىلىك بەگنىڭ ئەل-
4) يۇرتىدا ئاغرىق - سىلاق تارقىلىپ
5) خەلقى ئالەمنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن ئازابلاندى. -بۇنى
6) كۆرۈپ، ئۇ ئىلىك بەگ ئىنتايىن
7) ھەسرەتلەندى، ئازابلاندى. ئاندىن كېيىن بۇ چاغدا
8) ئۇداكانىشانتى ئاتلىق ئوغۇل بۇ بارلىق
9) خەلقنىڭ، پۇقرانىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى
10) كۆرۈپ، ئۇلارغا ئۇلۇغ مېھرىبانلىق قىلغۇچى
11) كۆڭۈل تۇرغۇزۇپ، مۇنداق دەپ ئويلىدى:
12) نېمە ئۇچۇن بارلىق پۇقرا - خەلق ئاغرىق -
13) سىلاق ئازابىدىن مۇنداق
14) قىيىنىلىدۇ، سىقىلىدۇ؟ شۇنداق قىلىپ
15) مېنىڭ ئاتام - بەگ ئاقساقال گەرچە
16) داۋا - شىپاغا (دائىر) بارلىق شاستىرلارنى
17) پىششىق بىلسىمۇ، سەككىز تۇرلۇك ئىسسىق ئۆزىنىڭ
18) داۋا - شىپاسىنى بىلمەك، ئۇقماق ئەردەم - پەزىلەتلىرىنى
19) تولۇق، ئوبدان ئۇقسىمۇ، لېكىن
20) شۇنداق قىلىپ يېشىغا يېتىپ قېرىپ، كۈچ -
21) مادارى ئاجىزلىشىپ، قۇۋۋەتتىن كەتكەنلىكى
22) ئۇچۇن ئەل - يۇرتلارنى كېزىپ
23) ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ

**توققۇزىنچى (تۇپلەم) يىگىرمە ئىككىنچى (ياپراق) ئا**

587 1) داۋا - شىپا قىلغىلى مۇۋەپپەق بولالمايۋاتىدۇ.
2) بۇنىڭ بىلەن تۇمەنلىگەن⑧ كىشىلەرنى ئاغرىق - سىلاق
3) بېسىپ، ئۇلار يار - يۆلەكسىز، ئۈمىد - ئىشەنچسىز
4) ياتىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن مەن ئەمدى ئاتام بەگ -
5) نىڭ يېنىغا بېرىپ، داۋا - شىپاغا (دائىر) شاستىرنىڭ
6) سىرىنى، كېرەكلىك تۈگۈنلىرىنى، ئاغرىق -
7) سىلاق ئازابلىرىنىڭ ئۇزاققىچە سوزۇلۇشىنىڭ (سەۋەبىنى)
8) سوراي، ئۆتۈنەي، ئاندىن كېيىن ئەل - يۇرتلارنى
9) كېزىپ يۈرۈپ، تىنلىقلارنىڭ ئاغرىق-
10) سىلاقلىرىنى داۋالاي، ئەملەي. ئۇلار
11) ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە تىنچ - خاتىرجەم،
12) شاد - خورام بولىدىغان ئىش - ۋەجىلەرنى قىلاي دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

13) مۇشۇنداق ئويلاپ، ئاندىن ئۇ بايا
14) غۇت ئوغلى ئاتىسى ئۇداكاتاتى
15) ئاقساقالنىڭ يېنىغا بېرىپ يۈكۈندى ۋە
16) سىلىق - سىپايىلىق بىلەن باش ئۇرۇپ⑨
17) ئالىي ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈپ،
18) ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ شىلوك - تاقشۇت⑩
19) تەرىزىدە مۇنداق دەپ ئۆتۈندى:
20) ھەي، مېھرىبان كۆڭۈللۈك ئاتام —
21) ئۇلۇغ ئىلىك بەگ، باشقىلارغا ئىچىڭىزنى
22) ئاغرىتىدىغان كۆڭۈل تۇرغۇزۇڭ، مەندە
23) تىنلىقلارنى داۋالاي دەيدىغان بىر

ب

588. 1) ئارزۇ - ئارمان بار، مەن ئۆتۈنمەنكى، سىز ماڭا
2) داۋا - شىپاغا (دائىر) شاستىرنىڭ مەنە مېغىزىنى ئېيتىپ
3) بېرىڭ، نېمە ئۈچۈن بۇ ئەتئۆز⑪ ئاجىزلاپ كۈچسىرەپ
4) زەئىپلىشىدۇ؟ ماخابۇتلار⑫ تۇپى نېمە ئۈچۈن
5) كۆپىيىدۇ، ئاشىدۇ؟ قايسى ۋاقىت - مەزگىللەر
6) دە، قايسى پەسىل، كەسىنلەردە⑬
7) قانداق ئاغرىق - سىلاقلار قانداق ھالدا كۆپىيىدۇ؟
8) قانداق تاماقلانسا، يېمەك - ئىچ
9) مەكنىڭ تەم - قۇۋۋىتى بولىدۇ؟ بۇنىڭ بىلەن تىنلىقلار
10) تىنچ - خاتىرجەم، شاد - خوراملىققا ئېرىشىدۇ؟ يەنە
11) قانداق سەۋەب - ۋەجە قىلغاندا ئەتئۆزنى قۇۋۋەتلەندۈرگىلى،
12) ئىنسانلار ئەتئۆزىدە بولىدىغان
13) تۆت چوڭ كېسەلنىڭ⑭ ئوتىنى ئۆچۈرگىلى، ئېشىنى چىقارغىلى
14) بولىدۇ؟ ئەگەر يەللىك، سېرىقلىق، لىسىپ⑮ ۋە ھەممىسى
15) بىرلىكتە قوزغىلىدىغان سانىپات⑯ (خاراكتېرلىك) كېسەلنى داۋا
16) لاشنى ئارزۇ قىلسا، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئۇلارنى
17) قانداق داۋالىشى كېرەك؟ مۇنداق كېسەللەر قايسى
18) ۋاقىتتا قوزغىلىدۇ، يەل خاراكتېرلىق كېسەللەر
19) ئەتئۆزدە قايسى ۋاقىتتا قوزغىلىدۇ، سېرىق
20) خاراكتېرلىك قايسى مەزگىلدە كۆچىيىدۇ،
21) لىسىپ خاراكتېرلىك سوغۇقتىن بولىدىغان كېسەللەر
22) قايسى سېزوندا قوزغىلىدۇ، سانىپات خاراكتېرلىك ئارىلاشما
23) كېسەللەر قايسى مەزگىلدە قوزغىلىدۇ؟ دېدى. بۇ چاغدا ئۇ

توققۇزىنچى (تۈپلەم) يىگىرمە ئۈچىنچى (ياپراق) ئا

589. 1) ئاقساقال ئۆز ئوغلىنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشلىرىنى ئاڭلاپ،
2) ئاندىن ئۆزىمۇ شىلوك - تاقشۇت تەرىزىدە
3) ئوغلىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

4) مەن ئەمدى ئۇنى ئىلگىرىكى ئەۋلىيالارنىڭ بىلنىملىرىگە

5) ئاساسەن، ئاغرىق - سىلاقلارنى داۋالاشقا (دائىر)

6) شاستىرلاردىكى ئىزاھلارغا تايىنىپ،

7) رەت - رېتى بويىچە ئىدىتلىق قىلىپ كۆرسىتىپ.

8) سۆزلەي، كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئاڭلاپ تىنىلىق -

9) لارنى قۇتقازغىن، ئۈچ ئاي ئەتىياز پەسلى

10) دەپ ئاتىلىدۇ، ئۈچ ئاي ياز پەسلى

11) دېيىلىدۇ، ئۈچ ئاي كۈز

12) پەسلىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئۈچ ئاي

13) قىش پەسلى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق

14) يوسۇندا بىر يىلدىكى ھەر ئۈچ ئايدىن

15) بىر پەسىل ھاسىل بولىدۇ.

16) ھەر ئىككى ئاينى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق

17) ئايرىلغىنى كەسىن دېيىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ

18) بىر يىل ئالتە كەسىندە تۇشىدۇ.

19) بىرىنچى ئاي⑰ بىلەن ئىككىنچى ئاي گۈل-

20) چېچەكلىك سېزىندۇر. ئۈچىنچى ئاي بىلەن

21) تۆتىنچى ئاي ئىسسىق مەزگىل بولىدۇ.

22) بەشىنچى ئاي بىلەن ئالتىنچى ئاي يامغۇرلۇق

23) مەزگىل دەپ ئاتىلىدۇ. يەتتىنچى ئاي بىلەن

ب

590. 1) سەككىزىنچى ئاي كۈز مەزگىلىگە تەۋەدۇر.

2) توققۇزىنچى ئاي بىلەن ئونىنچى ئاي

3) سوغۇق مەزگىل دېيىلىدۇ. كېيىنكى

4) ئىككى ئاي قوشۇلۇپ قارلىق، مۇزلۇق

5) مەزگىلنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇلارنى مۇشۇنداق پەرقلەندۈرۈپ

6) كەسىنلەرنىڭ پەرقى بويىچە دورىلارنى

7) كېچىكتۈرمەي ئۆز ۋاقىت - پەيتىدە بېرىش

8) كېرەك. بۇ مەزگىللەردە پەسىللەرگە ماسلاشتۇرۇپ،

9) ئاش - تاماق ۋە ئىچىملىكلەرنى ئوبدان تەڭشەپ،

10) قورساقتا ئۆتۈشلۈك ۋە سىڭىشلىق قىلىپ ۋاقىت - شارائىتى

11) بويىچە تاماقلىنىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن

12) بارلىق ئاغرىق - سىلاقلار قوزغالمايدۇ، كۈچەيمەيدۇ. كەسىن-

13) لەرنىڭ رەت - نۆۋىتى بويىچە، ۋاقىت - مەزگىلنىڭ

14) ئۆزگىرىشىگە قاراپ تۆت چوڭ بىر-بىرلەپ

15) قوزغىلىدۇ، ۋاقىتقا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. بۇ چاغلاردا

16) تىۋىپ داۋا - شىپالىق دورىلارنى يىگۈزۈپ بەرمىسە، ⑱

17) شۈبھىسىزكى، چوقۇم ئاغرىق - سىلاق، تۇمۇ - يۆتەلقاقلار

18) قوزغىلىدۇ. ئەگەر تىۋىپ تۆت پەسىلنىڭ

www.uyghurkitap.com

19) ئالاھىدىلىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ بىلسە، شۇنداق
20) داقلا ئالتە كەسىنىڭ خاسىيەت
21) ئالاھىدىلىكىنى بىلسە، ئۇقسا،
22) ئەتئۆزدىكى يەتتە ئەزا - ئورۇننى⑲
23) توختاۋسىز ئىشقا سالغىلى بولىدۇ. ئەزا - ئورۇن دېگەن مۇنۇلار!

**توققۇزىنچى (تۇپلەم) يىگىرمە تۆتىنچى (ياپراق) ئا**

591 . 1) ئەتئۆزدىكى ئەت، قان، تەم سەزگۇ ئەزا⑳ بۇ ئۆچكە
2) تېرە بىلەن سۆڭەكنى قوشسا بەش بولىدۇ،
3) يىلىك بىلەن ئۈۋۈلۈقنى قوشقاندا يەتتە بولىدۇ.
4) ئەگەر ئاغرىق - سىلاق بۇ توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان
5) ئەزا - ئورۇنلاردىن كىرسە، تىۋىپ بۇلارنى
6) تۆت تۈرلۈك ئاغرىق - سىلاققا
7) ئايرىپ داۋالاشنى بىلىشى كېرەك.
8) شۇنداق قىلىپ يەللىك، سېرىقلىق، لىنسىپ خاراكتېرلىك
9) كېسەلگە سانپات ئاتلىق ھەممىسى بىرگە
10) ئارىلىشىپ كەلگەن كېسەل قوشۇلسا تۆت بولىدۇ.
11) بۇ كېسەللەرنىڭ قوزغىلىدىغان، كۈچىيىدىغان ۋاقىت -
12) مەگىلىنى بىلىش كېرەك. ئەتىياز پەسلىدە يەل
13) خاراكتېرلىك كېسەللەر قوزغىلىدۇ. كۈز پەسلىدە
14) ئىسسىق خاراكتېرلىك سېرىقلىق
15) كېسەل كۈچىيىدۇ. قىش پەسلىدە سانپات ئاتلىق
16) ئارىلاشما كېسەللىكلەر قوزغىلىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە
17) قۇۋۋەتلىك، ئاچچىق، قىزىق تائام يېيىش
18) كېرەك. يازدا تۇزلۇق، ئاچچىق، ئىسسىق
19) مايلىق تائاملارنى يېيىش كېرەك. كۈز پەسلىدە
20) سوغاق، مايلىق، چۈچۈك تائام يېيىش كېرەك.
21) قىشتا چۈچۈمەل، قۇۋۋەتلىك، تاتلىق،
22) مايلىق تائاملارنى يېيىش كېرەك. شۇنداق قىلىپ
23) مۇشۇنداق تۆت پەسلىدە يۇقىرىدا ئېيتقاندەك داۋالارنى

ب

592 . 1) قىلىش ۋە ئاش - تاماقنى پەرقلەن
2) دۈرۈپ، تاماقنىڭ تەم - تۈرى بويىچە ئۆزلۈ
3) دۈرمەي بۇ㉑قائىدە - يوسۇن بويىچە داۋاملىق
4) يىگۈزۈپ بەرسە، ئاندىن كېسەلنىڭ قوزغىلىش سەۋەبلىرى
5) توسۇلىدۇ. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن
6) لىنسىپ خاراكتېرلىك ئاغرىق - سىلاق قوزغىلىدۇ. تاماق
7) سىڭىش جەريانىدا سېرىق خاراكتېرلىك
8) ئىسسىقتىن بولىدىغان كېسەللەر قوزغىلىدۇ. تاماق سىڭ
9) گەندىن كېيىن، يەل سەۋەبىدىن بولىدىغان كېسەللەر قوزغىلىدۇ.

10) كىسەلنىڭ (قوزغىلىدىغان) ۋاقىت - سائىتىنى ۋە بەلگە - ئىپادىسىنى بىلىش
11) كېرەك. كېسەلنىڭ خاراكتېرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن،
12) ئاندىن رەت - نۆۋىتى بويىچە كېسەلگە يارىشا
13) داۋا - شىپا قىلىش كېرەك. كېسەلنىڭ
14) بەلگە - ئىپادىسىنى ئىدىتلىق قىلىپ ئىنىقلاپ،
15) ئاندىن كېيىن ئالدى بىلەن كېسەلنىڭ قوزغىلىش سەۋەبىنى
16) تۇتۇپ داۋالاش كېرەك. يەل خاراكتېرلىك كېسەللەرگە قايىنـ
17) تىلغان ماي ئىچۈرۈش كېرەك. سېرىق خاراكتېرلىك
18) كېسەلگە تېز ھەزىم بولىدىغان ئەت يېگۈزۈش
19) كېرەك، لىسىپ خاراكتېرلىك كېسەللەرگە
20) ئارىلاشما داۋا - شىپا يارىشىدۇ. سانىپات خاـ
21) راكتېرلىك كېسەللەرگە يۇقىرىقى ئۈچ خىل داۋا - شىپانىڭ
22) ھەممىسى پايدا قىلىدۇ. ئەگەر يەل خاراكتېرلىك،
23) سېرىق خاراكتېرلىق، لىسىپ خاراكتېرلىق بۇ ئۈچ كېسەل

**توققۇزىنچى (تۇپلەم) يىگىرمە بەشىنچى (ياپراق) ئا**

593 . 1) بىرلىكتە كۆرۈلسە، ئۇ سانىپات خاراكتېرلىك كېسەل دېيىلىدۇ.
2) كېسەللەرنىڭ قوزغىلىدىغان ۋاقىت - مەزگىلىنى بىلىپ
3) بولغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ قانداق خاراكتېرلىك كېسەل
4) ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك. مۇشۇنداق پەرقلەندۈرۈپ
5) بىلىۋالغاندىن كېيىن، پەسىللەرگە قاراپ، داۋا - شىپا
6) قىلىپ داۋالاش كېرەك. يېمەك - ئىچمەك،
7) داۋا - شىپانى دەل جايىدا، ۋاقىت - مەزگىلى بويىچە
8) يېگۈزۈش ۋە قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلالايدىغانلار
9) ياخشى تىۋىپ دەپ نامى كۆتۈرۈلىدۇ. تىۋىپلار سەككىز
10) تۈرلۈك ئەردەم - پەزىلەتنى بىلىشى كېرەك. بارلىق داۋاـ
11) شىپالارنى بىلىش بىلەن تەڭ (ئۆزى) قىزىقىدىغان (باشقا)
12) بىلىملەرنىمۇ بىلىشى كېرەك. ئەگەر ئوت - دورىلار
13) بىلەن داۋالاشنى پىششىق ۋە ئېنىق بىلمىسە،
14) يەنە تىنلىقلارنىڭ كېسەللىرىنى (باشقىچە)
15) داۋالاشقىمۇ بولىدۇ. ئۇلار يەنە مۇنۇلار: يىڭنە
16) سانجىماق، جاراھەتلەرنى يارماق، ئەتئۆزنى ئەملىمەك،
17) زەھەرلىنىشنى داۋالىماق، ئوغۇل - قىزلارنى (داۋالىماق)،
18) شۇنداقلا قېرىلارنى يىگىت قىلماق،
19) چوڭلارنى ۋە كىچىكلەرنى قۇۋۋەتلەندۈرمەك.
20) بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ بوي - بەدىنى،
21) رەڭگى روھىنى كۆرۈش، گەپ - سۆزىنى ئاڭلاش، شۇنداقلا
22) مىجەز - خۇلقىنى ئۇقۇش، ئاندىن كېيىن
23) ئۇلارنىڭ كۆرگەن چۈشىدىكى ئالامەتلەرنى سوراش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

594. 1) بۇلاردىن ئۇلارنىڭ يەل، سېرىقلىق، لىسىپ خاراكتېرلىكنىڭ
2) قايسىسىغا (تەۋە ئىكەنلىكىنى) پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. بېشىدا چېچى
3) ئاز بولۇپ ئەتئۆزى ئورۇق بولسا، ئۆي - پىكرى تۇراقسىز، قىلىقى
4) ئالدىراڭغۇ بولسا، كۆپ گەپ قىلىدىغان بولسا،
5) چۈشىدە ئۇچۇپ يۈرۈپ چۈشىسە،
6) مۇنداق مىجەز - خۇلۇقلۇق كىشىلەرنى
7) يەل خاراكتېرلىق كىشىلەر دەپ بىلىش كېرەك.
8) كىچىك بالىلارنىڭ كىچىكىدىلا چېچى
9) ئاقىرىپ كەتكەن بولسا، كۆپ تەرلەيدىغان بولسا،
10) ئاچچىقى (ئىتتىك) كېلىدىغان بولسا، تولىمۇ
11) ئەقىللىق، زېرەك بولسا، چۈشىدە يەنە
12) ئوت چۈشىسە، مۇنداقلارنى سېرىق
13) خاراكتېرلىك ئادەم دەپ بىلىش كېرەك. ئۆي - پىكرى مۇقىم،
14) قىلىقى ئېغىر - بېسىق، ئەتئۆزى تولۇق،
15) (نەرسىلەرنى) ئىنچىكىلەپ پەرقلەندۈرىدىغان،
16) باش چېچى مايلىق بولسا،
17) چۈشىدە كەلكۈن سۇ ۋە ئاق رەڭلىك نەرسىلەرنى
18) چۈشىسە، ئۇنداق كىشىلەرنى لىسىپ خاراكتېرلىك
19) دەپ بىلىش كېرەك. سانىپات خاراكتېرلىك كىشىلەردە يۇقىرىقى
20) (ئالامەتلەر) تولۇق بولىدۇ، ياكى شۇنىڭ ئىچىدە بىرى، ياكى ئىككىسى،
21) ياكى ئۈچى بولىدۇ. ھەممە (ئالامەتلەر) بولۇپ،
22) لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەر ئالامەت گەۋدىلىك بولسا،
23) ئۇنداق كىشىلەرنى شۇ خاراكتېرلىك دەپ بىلىش كېرەك.

**توققۇزىنچى (تۈپلەم) يىگىرمە ئالتىنچى (ياپراق) ئا**

595. 1) (كىشىلەرنىڭ) مىجەز - خاراكتېرىنى مۇشۇنداق پەرقلەندۈرۈپ
2) بىلىپ بولغاندىن كېيىن، كېسەلگە قاراپ، خاراكتېرگە باب
3) كېلىدىغان دورىلارنى بېرىش كېرەك. ئادەمنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىنى
4) بەلگە - ئالامەتلىرىگە قاراپ سىناپ بىلەلەيدىغانلار
5) ئادەمنى تىرىلدۈرگۈچىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.
6) ئەگەر كىمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى
7) تۇسالغۇغا ئۇچرىغاندەك سەزگۈسىنى ئاجىزلاشتۇرغان
8) بولسا، بىخەستەلىك قىلىپ ياخشى تىۋىپ - باقشىلارغا
9) كۆرۈنمىسە، ئۇلارغا ياخشى نىيەت باغلاشنىڭ
10) ئورنىغا ئاچچىقلانسا، ئۇلارنى قاغىسا، بۇنى
11) ئۆلۈمنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىش كېرەك. يەنە
12) سول كۆزى ئېقىنىڭ رەڭگى -
13) ئۆڭى ئۆزگەرگەن بولسا،
14) تىلى ۋە كالپۇكلىرى قارىيىپ، بۇرنى

15) قيسىيىپ قىڭغىرلىغان بولسا، قۇلاقىنىڭ
16) گىجىكى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ كەتكەن بولسا،
17) پىشانىسى بوششىپ ئولتۇرۇشۇپ
18) كەتكەن بولسا، بۇمۇ ئۆلۈمنىڭ بەلگىسىدۇر. ئارىرىدىلا[22]
19) ئالتە خىل تەم[23] تۈگەل بولۇپ، ئۇ بارلىق كېسەلنى
20) ساقايتىش ئۈچۈن ئىچكۈزۈشكە بولىدىغان
21) دورىلارنىڭ پادىشاھىدۇر. ئۈچ نەتىجە[24]
22) بىلەن ئۈچ خىل ئاچچىق[25] (تەم) گە ھەممە
23) ئوت دورىلاردىن ئاسان ئېرىشكىلى بولىدۇ دېيىلىدۇ.
596 1) سېرىق ماي[26] بىلەن سۈتنى ھەسەل بىلەن
2) شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇپ بەرگەندە،
3) بارلىق كېسەللەرگە بىر خىل تۈردە داۋا بولىدۇ.
4) بۇلاردىن باشقا دورا - دەرمەكلەرنى
5) كېسەلنى كۆرۈپ، ئاندىن شۇ كېسەلنىڭ خاراكتېرىگە
6) قاراپ مۇناسىپ ھالدا بېرىش كېرەك. ئالدى بىلەن مېھرى-
7) بانلىق قىلغۇچى كۆڭۈل تۇرغۇزۇش كېرەك، مال - دۇنيا،
8) پايدا - مەنپەئەتنى تىلىمەسلىك، كۆزلىمەسلىك كېرەك. مەن
9) ساڭا داۋا - شىپاغا (دائىر) شاستىرلارنىڭ لازىملىق
10) (جايلىرىنى) سۆزلەپ تۈگەتتىم، كېسەللەرنى
11) داۋالاپ ساقايتىپ، چەكسىز بۇيان - ساۋاپقا ئېرىشكىن دېدى.
12) ئاندىن تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان بۇدى دەرەخ[27]
13) تەڭرىسىگە مۇنداق دەپ يارلىق قىلدى:
14) ئېسىل تەڭرى قىزى! بۇ چاغدا ئۇ
15) باياغۇت ئوغلى ئۇداكانىشانتى
16) ئۆز ئاتىسىدىن مۇشۇنداق يوسۇندا
17) سەككىز تۈرلۈك ئىسىق ئەتئۆزنى (داۋالاشنىڭ) چارىسىنى
18) بىلمەكتەك بىلگە بىلىمنىڭ تۈپ ئاساسلىرىنى،
19) تۆت پەسىل، ئالتە كەسىننى
20) پەرقلەندۈرۈپ قىلىشقا تېگىشلىك
21) داۋا - شىپالارنى، پەيدىغان، ئىچىدىغان
22) تائاملارنىڭ ۋاقىت - مەزگىلىنى، ئىشلىتىش
23) قائىدىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى

## توققۇزىنچى (تۆپلەم) يىگىرمە يەتتىنچى (ياپراق) ئا

597 1) ئەھمىيەت بەردى، ئۇلارنى ھەقىقىي تۈردە بىلىۋالدى. يەنە
2) شەخسەن ئۆزىنىڭ مۇنداق بىلگە بىلىم بىلەن
3) كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىشقا
4) قادىر بولغانلىقىدىن مەمنۇنلاندى. ئاندىن ئەل -
5) يۇرتلارنى كېزىپ، تۇمەنلىگەن كېسەللەرنىڭ
6) يېنىغا بېرىپ، ياخشى، سىلىق، يۇمشاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

7) سۆزلەر بىلەن ئۇلارغا تەسەللىي بېرىپ، مەن بولسام،
8) تىۋىپ، مەن تىۋىپ بولىمەن،
9) داۋا - شىپالارنى بەك پىششىق بىلىمەن،
10) ئۇقىمەن، (كېسەللەرنى) ساقايتىمەن
11) دېدى. ئاندىن كېيىن بارلىق
12) كېسەللەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بەك
13) خۇشال بولدى، سۆيۈندى. بۇ خۇشاللىق
14) ۋە سۆيۈنۈش سەۋەبىدىن كېسەللىرى،
15) تارتقان جاپالىرى تارقىلىپ يوقاپ ئىلگىرىكىدەك
16) كۈچ - قۇۋۋەتلىك بولدى.
17) كىمكى ئېغىر ئاغرىپ كېسەل
18) بولسا، داۋا - شىپا قىلىشقا ھاجىتى
19) چۈشسە، ئۇ باياغۇت
20) ئوغلىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن تۇرلۇك كېسەل ۋە
21) ئاغرىقلىرىنى داۋالاپ قويۇشنى ئۆتۈنىدىغان
22) بولدى. شۇندىن كېيىن ئۇ باياغۇت
23) ئوغلى ئۇلارنىڭ كېسەل-

ب

598 1) لىرىگە يارىشا ھەر تۇرلۇك
2) دورا - دەرمەكلەرنى بېرىپ، ھەممىسىنى ئوخشاشلا
3) خاتىرجەم قىلدى. يۈزمىڭ، تۈمەن
4) كولتى㉘ تىنلىقلار ئاغرىق - سىلاق ئازابىدىن
5) قۇتۇلدى، ئازاد بولدى.

## ئىزاھلار

«ئىزاھ» تا ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى **چۈشىنىش ئاساس قىلىنىپ** ئىزاھ بېرىلدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، كەڭ كىتابخانلارغا تازا **تونۇشلۇق بولمىغان بۇددا** دىنى ئاتالغۇلىرىغا، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىچىدە مەنە ۋە **مەنبە جەھەتتىن ئىزاھلاش** زۆرۈر بولغان سۆزلەرگە، تەرجىمىگە دائىر بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەرگە، **ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆز بولسىمۇ** لېكىن مەنە ياكى قۇرۇلمىسى ئالاھىدە بولغان سۆزلەرگە ئىزاھ بېرىلدى.

①نوم: بۇددا ئاتالغۇسى، سوغدى تىلىدىكى [nwm]- nom سۆزىدىن **كەلگەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر** تىل - يېزىقىدىكى بۇددا تېكىستلىرىدە بۇددىزم كىتابى؛ بۇددىزم قانۇنى؛ قائىدە - **يوسۇن؛ ئەقىدە** قاتارلىق مەنىلەردە كۆرۈلىدۇ. تەرجىمىدە بىز كۆپىنچە «نوم» دەپ ئەينەن ئالدۇق.

② دىۋائىندىراپرابى: ئىلىك خان نامى. ئەسلى تېكىستتە diwaindiraprabi **دەپ يېزىلغان بولۇپ،** ئۇ سانسكرىت تىلىدىكى devandraprabha دىن كەلگەن. ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدا بۇ سۆز 天自在光 دەپ ئېلىنغان.

③ ئۇداكاتاتى: خاس ئىسىم، سانسكرىت تىلىدىكى uttaratati دېگەن **سۆزدىن كەلگەن**، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدا بۇ سۆز 持水 (سۇ تۇتۇپ تۇرغۇچى) دەپ ئېلىنغان.

① شاستىر: بۇددا ئاتالغۇسى، سانسكرىت تىلىدىكى śastra دىن كەلگەن بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «سۇترا - نوم» نىڭ تەپسىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ ئىسسىق ئۆز: ئەسلى تېكىستتە isig θz دەپ يېزىلغان بۇ بىرىكمە isig - ئىسسىق - ۋە θz ئۆز، بەدەن، ۋۇجۇد - دېگەن ئىككى سۆزنىڭ ئېنىقلاش، ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىدە ياسالغان بىرىككەن سۆز بولۇپ، «جان» دېگەن مەنىدە. تەرجىمىدە بىز ئەسلىدىكىسى بويىچە ئالدۇق.

⑥ ئەردەم - پەزىلەت: ئەسلى تېكىستتە ərdəm دەپ يېزىلغان. ərdəm نىڭ يەنە ədrəm شەكلىمۇ بار، ئۇ مەنبە جەھەتتىن ər (ئەر) دېگەن ئىسىمغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە dəm - نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، كۆپىنچە «ئەخلاق، پەزىلەت» مەنىسىدە، بەزىدە «ئارتۇقچىلىق، ئالاھىدىلىك، خاسلىق، ئىقتىدارلىق» مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. تەرجىمىدە بىز «ئەردەم - پەزىلەت» دەپ ئالدۇق.

⑦ ئۇداكانىشانتى: خاس ئىسىم، ئەسلى تېكىستتە udakanixanti دەپ يېزىلغان، بۇ سۆز سانسكرىت تىلىدىكى — udakanisyanada سۇ ئاقتۇرىدىغان — دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ سۆز ئەسەرنىڭ خەنزۇچە-سىدا 流水 دەپ ئېلىنغان.

⑧ تۈمەنلىگەن: بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتە tük tümən دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇ tük - تۈمەن - بىلەن tümən - تۈمەن - سۆزىنىڭ مەنىداشلىق مۇناسىۋەتتە تەڭداش بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، تەرجىمىدە «تۈمەنلىگەن» دەپ بىر تەرەپ قىلدۇق.

⑨ باش ئۇر -: ئەسلى تېكىستتە tsi دەپ يېزىلغان. tsi خەنزۇ تىلىدىكى 稽 (qi) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى. 稽 قەدىمكى زاماندىكى ھۆرمەت - تازىمنىڭ بىر خىلى بولۇپ، يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئىككى قول ۋە پېشانىسىنى يەرگە تەككۈزۈپ تۇرۇپ تازىم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. تەرجىمىدە «باش ئۇرماق» دەپ بىر تەرەپ قىلدۇق.

⑩ شلوك - تاقشۇت: جۈپ سۆز بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى sloka -شېئىر، بېيىت، نەزمە - دېگەن سۆز بىلەن ئۇيغۇرچە takxut - بېيىت، شېئىر، نەزمە - سۆزىنىڭ مەنىداشلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. تەرجىمىدە بىز ئەينەن ئالدۇق.

⑪ ئەتئۆز: ئەسلى تېكىستتە ət'θz دەپ يېزىلغان. بۇ سۆز ət - ئەت، گۆش - بىلەن θz — ئۆز، بەدەن، ۋۇجۇد — دېگەن ئىككى سۆزنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ياسالغان. تەرجىمىدە بىز ئەينەن ئالدۇق.

⑫ ماخابۇت: بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى mahābhūta دىن كەلگەن، ئۇ يەر، سۇ، ئوت، شامالدىن ئىبارەت تۆت مەۋجۇدىيەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا دىنىدا دۇنيادىكى ھەممە نەرسە مۇشۇ تۆت مەۋجۇدىيەتتىن كېلىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

⑬ كەسىن: قەدىمدە بىر يىل تۆت پەسىلگە بۆلۈنگەندىن سىرت، يەنە ھەر ئىككى ئاي بىر بىرلىك قىلىنىپ ئالتە بۆلەككە بۆلۈنەتتى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئايرىلغان ۋاقىت بىرلىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا kəsin دەپ ئاتالغان.

⑭ تۆت چوڭ كېسەل: ئەسلى تېكىستتە tθrt uluoɣ ig دەپ يېزىلغان، ئۇ يەللىك، ئىسسىقلىق، بەلغەملىك ۋە ئارىلاشما خاراكتېرلىكتىن ئىبارەت تۆت خىل كېسەلنى كۆرسىتىدۇ.

⑮ لېسىپ: كېسەل نامى، توخار تىلىدىكى lesp - بەلغەم، لەش، ھۆللۈك — دېگەن مەنىدىكى سۆزدىن كەلگەن.

⑯ سانىپات: كېسەل نامى، ئەسلى تېكىستتە sanipat دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇ سانسكرىت تىلىدىكى samnipata دىن كەلگەن. sanipat يەللىك، ئىسسىقلىق، لىسىپ خاراكتېرلىك كېسەللەرنىڭ ئارىلاشمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

⑰ بىرىنچى ئاي: ئەسلى تېكىستتە ram ay دەپ يېزىلغان. ram سوغدى تىلىدىكى r'm - بىرىنچى ئاي - دىن كەلگەن.

⑱ يىگۈزۈپ بەرمىسە: ئەسلى تېكىستتە yimәmәsәr دەپ يېزىلغان. بۇ سۆز شەكلىنىڭ يىلتىزى yi - (يېمەك) ، mә - پېئىلىنىڭ يوقلۇق شەكلى قوشۇمچىسى، sar - پېئىلىنىڭ شەرت راي قوشۇمچىسى. بۇ ئىككى قوشۇمچە ئارىلىقىدىكى mә -، بىرچە ئوشۇق قوشۇلۇپ قالغان. شۇڭا تەرجىمىدە «يىگۈزۈپ بەرمىسە» دەپ بىر تەرەپ قىلدۇق.

⑲ ئەزا - ئورۇن: ئەسلى تېكىستتە ooɣux دەپ يېزىلغان. ooɣux قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇرۇق، قەبىلە، نەسىل، پۇشت» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. بۇ تېكىستتە ooɣux سۆزى «ئەزا، ئورگان، ئورۇن» دېگەن مەنىدە كەلگەن. شۇڭا تەرجىمىدە «ئەزا — ئورۇن» دەپ بىر تەرەپ قىلدۇق.

⑳ تەم سەزگۈ ئەزا: ئەسلى تېكىستتە « tatiɣ—تەم، تاتلىق — دەپ يېزىلغان. ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدا 味界 دەپ ئېلىنغان. بىز كونتېكىستقا ئاساسەن «تەم سەزگۈ ئەزا» دەپ تەرجىمە قىلىپ تۇردۇق.

㉑ بۇ: ئەسلى تېكىستتە bĭn دەپ يېزىلغان. بىز bĭn نى خەنزۇ تىلىدىكى 本 دىن كەلگەن دەپ قاراپ، تەرجىمىدە «بۇ» دەپ بىر تەرەپ قىلدۇق.

㉒ ئارىرى: دورا ئۆسۈملۈكىنىڭ نامى، سانسكرىت تىلىدىكى Harītaki دىن كەلگەن. ئېيتىلىشىچە ئۇ كۆپ خىل كېسەلگە داۋا بولۇش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە ئىكەن.

㉓ ئالتە خىل تەم: ئەسلى تېكىستتە tatĭɣ altĭ دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئاچچىق، تاتلىق، چۈچۈمەل، قاڭسىق، تۇزلۇق ۋە تۇزسىز تەملەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدا 六味 دەپ ئېلىنغان.

㉔ ئۈچ نەتىجە: بۇددا ئاتالغۇسى، بۇددا ھىنايانا مەزھىپىدە تەكىتلىنىدىغان تۆت نەتىجە (خەنزۇچە 四果) نىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ سانسكرىتچە angāmi، خەنزۇچە 三果 ياكى 阿那含果 دېيىلىدۇ. بۇددا دىنىدا ئۈچ نەتىجە تىنىلىقلارنى ئارزۇ - تامالاردىن خالى قىلىپ، قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ دېيىلىدۇ.

㉕ ئۈچ ئاچچىق تەم: ئەسلى تېكىستتە üq kθyürük دەپ يېزىلغان، ئۇ ئاچچىق، قاڭسىق، قىرتاقتىن ئىبارەت ئاچچىققا ياتىدىغان ئۈچ خىل تەمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدا 三辛 دەپ ئېلىنغان.

㉖ سېرىق ماي: ئەسلى تېكىستتە ingәk yaɣĭ - كالا يېغى - دەپ ئېلىنغان، بۇ سۆز ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدىكى 酥 غا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بىز ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىغا ۋە كونتېكىستقا ئاساسەن «سېرىق ماي» دەپ تەرجىمە قىلىپ تۇردۇق.

㉗ بۇدى دەرەخ: بۇددا ئاتالغۇسى، ئەسلى تېكىستتە budĭ sθgüt دەپ يېزىلغان. بۇ بىرىكمىدىكى budi سۆزى ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدىكى 菩提 سانسكرىت تىلىدىكى bodhi (تۇيۇنماق، ئويغانماق) سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. sθgüt قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «دەرەخ» دېگەن مەنىدە. بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامۇنى بۇرخان بولۇشتىن ئىلگىرى پىپالا دەرىخى تۈۋىدە «ئۇلۇغ تۇيۇنماق، ئويغانماق» قا ئېرىشكەن. شۇڭا كېيىن پىپالا دەرىخى «ئۇلۇغ تۇيۇنماق، ئويغانماق» نىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە «ماخابۇتى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا تېكىستلىرىدە بەزىدە «ماخابۇتى» ، بەزىدە «بۇدى دەرەخ» دەپ قوللىنىلغان.

㉘ كولتى: ساناق سان، سانسكرىت تىلىدىكى [koti] - ئون مىليون — دېگەن سۆزدىن كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا تېكىستلىرىدە بۇ سۆز كۆپىنچە «سانسىز، چەكسىز» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

(پوچتا نومۇرى: 100081)

**تەھرىرى: تۇرسۇن ھۇشۇر ئىدىقۇتى**

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 19 ـ يىللىق 1 ـ سان
1998 年 3 月 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 第 19 卷第一期

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلار توغرىسىدا

تاش رەھمان*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېما (مەنىلىك بۆلەك) لارنىڭ خاراكتېرى، ئۇلارنى تۈرگە بۆلۈش پرىنسىپى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرگە بۆلۈنىشى؛ شۇنىڭدەك مورفېمىلارنى پەرقلەندۈرۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر شەرھلىنىدۇ.

**摘要：** 本文阐述了现代维吾尔语语素的性质、分类原则、归类以及分辨语素时应注意的问题。

**Abstract:** A disscussion on the nature of morphemes in modern Uighur language, the principles to classify them and their classification and some important points to be paid attention in distinguishing morphemes.

ھەرقانداق بىر تىلدا مورفېما، سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىدىن ئىبارەت تۆت خىل گراماتىكىلىق بىرلىك بولىدۇ. مورفېما بىر خىل گراماتىكىلىق بىرلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن گراماتىكا تەتقىقاتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. چۈنكى مۇئەييەن بىر تىلنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىش ھەم چۈشىنىشتە مورفېما ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تىلنىڭ ئاساسىي بىرلىكى بولغان مورفېما ھەققىدىكى تونۇش ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات دېگەندەك چوڭقۇرلىشىپ كېتەلمىدى. شۇ سەۋەبتىن كونكرېت تىل ئەمەلىيىتىدە مورفېما بىلەن باشقا تىل بىرلىكلىرىنى بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرەلمەيدىغان ياكى ھادىسىگە قاراپلا مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلمەي، ئوي ـ پىكىرنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللار ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. مەسىلەن، ئون نەچچە يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشق ۋە تاپشۇرۇقلىرىنى كۆرۈش جەريانىدا چېلىققان بەزى مەسىلىلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار «ئەمگەك، ساندۇق» دېگەن سۆزلەرنى ياسالما سۆز دەپ قاراپ، «ئەمگەك» دېگەن سۆز «ئەم» (ئېمىش دېگەن پېئىل) دېگەن باش مورفېما بىلەن «گەك» دېگەن ياسىغۇچى مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولسا، «ساندۇق» سۆزى «سان» (سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرىنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ) دېگەن باش مورفېمىغا ياسىغۇچى مورفېما «دۇق» نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان دەپ، بۇ ئىككى سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك

* تاش رەھمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

قۇرۇلمىسىنى خاتا تەھلىل قىلغان. ناھايىتى ئېنىقكى، مىسالغا ئېلىنغان ئىككى سۆزنىڭ ھەر بىرى ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن ياسالما سۆزلەر بولماستىن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىرلا باش مورفېمىدىن تۈزۈلگەن تۈپ سۆزلەر بولۇپ، مورفېما ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى مۇناسىۋەت ھەققىدىكى بىلىش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەر كۆرۈلگەن؛ يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار «پىچاق» دېگەن سۆزدىكى «پىچ» كېسىش دېگەن مەنىدە، «اق» بولسا بىر خىل رەڭنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى باش مورفېمىدىن تۈزۈلگەن بىرىككەن سۆز دەپ قارىغان. بۇنىڭدا نۇقۇل ھالدا مورفېمىنىڭ شەكلىگە قاراپلا باش مورفېما بىلەن ئەگەشمە مورفېمىنى پەرقلەندۈرەلمەسلىكتەك ئەھۋال سادىر بولغان.

مەلۇم بىر ناھىيىگە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشى بىلەن بارغىنىمىزدا، مېنىڭ ئالىي مەكتەپنىڭ تىل ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىمدىن خەۋەر تاپقان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككى نەپەر تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئىزدەپ كېلىپ ئىلمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. مەلۇم بولدىكى، ئۇلارمۇ مورفېمىدىن ئىبارەت مۇشۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار «ئاچقۇچلۇق، ئۆيلەرگە، تۇزسىز» قاتارلىق سۆزلەرنى مىسال قىلىپ، بۇ سۆزلەر «ئاچ + قۇچ + لۇق» ، «ئۆي + لەر + گە» ، «تۇز + سىز» دېگەن مورفېمىلاردىن تۈزۈلگەن، بۇ سۆزلەرنىڭ بوغۇم چېكى مورفېمىلارنىڭ چېكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن، شۇنىڭدىن قارىغاندا بوغۇم بىلەن مورفېما بىر نەرسىمۇ قانداق؟ دېگەن سوئالنى قويۇشتى. ئۇلار يۇقىرىقىدەك بىر قىسىم سۆزلەردىكى بوغۇملارنىڭ چېگرىسى بىلەن مورفېمىلارنىڭ چېگرىسىنىڭ ئوخشاشلىق ھادىسىسىگە قاراپلا بوغۇم بىلەن مورفېما بىر نەرسىمۇ قانداق دېگەن بىر تەرەپلىمە گۇمانىي قاراشتا بولغان. مانا مۇشۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مورفېما ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## مورفېما ۋە ئۇنىڭ تۈرى

مورفېمىلارنى توغرا پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مورفېمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەم ئۇنىڭ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر.

مورفېما دېگىنىمىز، سۆزنى مەنە جەھەتتىن تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك بىرلىك. مەسىلەن: «تۆمۈرچىلىك» دېگەن سۆز «تۆمۈر +چى + لىك» تىن ئىبارەت ئۈچ مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مورفېما سۆز تەركىبىدىن ئاجراتقاندا بارلىققا كېلىدىغان بىرلىك بولماستىن، بەلكى سۆزنى مەنە جەھەتتىن تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك گراممatikىلىق بىرلىكتۇر.

ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا مورفېمىلارنى تۈرگە بۆلۈشتە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراممatikىسى» (مورفولوگىيە) دېگەن كىتابىدامورفېمىلارنى مۇستەقىل مورفېما، سۆز ياسىغۇچى مورفېما ۋە سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلگەن. «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى» نىڭ تۈزگۈچىلىرى تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوۋ بىلەن مۇھەممەتربىم سايىتلار ھەم «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى) نىڭ ئاپتورلىرىدىن پروفېسسور تۇردى ئەخمەت، ئەنسەردىن موسا، نەسرۇللا يولبولدىلارنىڭ مورفېمىلارنى تۈرگە بۆلۈشى خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ بۆلۈشى بىلەن ئوخشاش. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەسەن ئەمەت بىلەن پوچۇەن «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىلى 4 - سانىدا ئېلان قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلارنىڭ تۈرى ھەققىدىكى بەزىبىر قاراشلىرىمىز» دېگەن ماقالىسىدە مورفېمىلارنى باش مورفېما، ئەگەشمە مورفېما (بۇ ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ياردەمچى مورفېما دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلگەن. بۇلارنىڭ بۆلۈشىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەر (باغلىغۇچى، تىركەلمە ۋە ئۈلانما) نى مورفېمىنىڭ بىر تۈرى يەنى ياردەمچى مورفېما دەپ ئايرىغان ھەم

ئۇلار ياردەمچى سۆزلەر مورفېمىنىڭ بىر تۈرى دەپ قاراشتا ئۆز پىكرىنى مۇنداق ئاساسلىغان: «ھەرقانداق سۆز مورفېمىلاردىن تۈزۈلىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، ياردەمچى سۆزلەر، يەنى ئارقا ياردەمچىلەر، باغلىغۇچىلار، ئۈندەش سۆزلەر، يۈكلىمىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گەرچە بۇ ياردەمچى سۆزلەر بىر ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق مورفېمىلاردىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما باش مورفېما (مۇستەقىل مورفېمىلار) ۋە ئەگەشمە مورفېمىلار بىلەن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ياردەمچى سۆزلەرنىمۇ مورفېمىلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى ياردەمچى مورفېما دەپ ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز.» ئابدۇشۈكۈر ھەسەن بىلەن گاۋلىچېڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 9 - سانىدا ئېلان قىلغان «ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلار توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلارنى ئەركىن مورفېما، يېپىشقاق مورفېما ۋە مەرھۇملىشىشقا قاراپ ماڭغان مورفېمىلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلگەن ھەم ئۇنى مۇنداق سخېما ئارقىلىق كۆرسەتكەن:

- مورفېما
  - ئەركىن مورفېما
    - مۇستەقىل سۆزلەر
    - ياردەمچى سۆزلەر
  - مەرھۇملىشىشقا قاراپ ماڭغان مورفېمىلار
    - مورفېمىسىمان ئېفېكس- سۆز ياسىغۇچىلار
    - مورفېمىسىمان ئېنفېلەكس - گرامماتىكىلىق مەنە ئىپادە قىلغۇچىلا
  - يېپىشقاق مورفېمىلار
    - ئېفىكس - سۆز ياسىغۇچى مورفېما
      - سۆز ئالدى ئېفېكس
      - سۆز ئارقا ئېفېكس
    - ھېسسىياتنى ئىپادە قىلغۇچى مورفېمىلار - مۇ. غۇ. قۇ
    - گرامماتىكىلىق بىرلىكنى ئىپادە قىلغۇچى مورفېمىلار - تۈرلىگۈچىلەر

جىن شاڭيى «تىل ۋە تەرجىمە» (ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلارنىڭ تۈرلىرى ۋە سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە، مورفېمىلارنى سۆز يىلتىزى، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە، ئۆزگەرتكۈچى قوشۇمچە ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دېگەندەك تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. پروفېسسور راززاق مەتنىياز «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكىش تەرتىپى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1994 - يىل 4 - سان) دېگەن ماقالىسىدە، مورفېمىلارنىڭ بىرىكىش ئىقتىدارىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ مۇستەقىل مورفېما ۋە ياردەمچى مورفېما دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى، ياردەمچى مورفېمىلارنىڭ يەنە سۆز ياسىغۇچى مورفېما، سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما، تولۇقلىغۇچى مورفېما دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدىغانلىقى، بۇنىڭدىكى تولۇقلىغۇچى مورفېمىنىڭ مەلۇم بىر سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، سۆزنىڭ تۈس مەنىسى، راي مەنىسى قاتارلىق گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مورفېمىلار ئىكەنلىكىنى ھەم ياردەمچى پېئىللارنىڭ ھەممىسى تولۇقلىغۇچى مورفېما بولىدىغانلىقى، تولۇقلىغۇچى مورفېمىنىڭ پەقەت تۈرلىگۈچى مورفېمىلار بىلەن بىرىكىپ، ياسىغۇچى مورفېمىلار بىلەن بىرىكمەيدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. شۇنىڭدەك، ھېچقانداق مورفېما بىلەن بىرىكمەيدىغان بىرلىكنىڭ سۆز بولىدىغانلىقىنى، ئەمما مورفېما بولالمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن باغلىغۇچىلار، ئىركەلىمىلەر، يۈكلىمىلەر ۋە ئۈندەشلەرنىڭ مورفېما ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مورفېمىلارنى تۈرگە بۆلۈشتە تا ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن پىكىرنىڭ بولماسلىقى، مورفېمىدىن ئىبارەت بۇ گرامماتىكىلىق بىرلىكنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

مورفېمىلارنى توغرا تۈرگە ئايرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قانداق بىرلىكنىڭ مورفېما ھېسابلىنىدىغانلىقى، قانداق بىرلىكنىڭ مورفېما ھېساب-

لانمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ماھىيەتلىك مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك. بىزنىڭچە، مورفېما مۇنداق ئىككى شەرتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. بىرى، مەنە ئىپادىلىگۈچى ئەڭ كىچىك بىرلىك بولۇشى كېرەك. يەنە بىرى، باشقا مورفېمىلار بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ بىرلىكنىڭ مەنە ئىپادىلەش رولى بولۇپ، باشقا مورفېمىلار بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى بولمىسا، ئۇ مورفېما بولماستىن سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا راززاق مەتنىياز ئەپەندىنىڭ مورفېمىلارنى تۈرگە بۆلۈش پرىنسىپى ۋە ئايرىغان تۈرلىرىنى تىلشۇناسلارنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن، ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولغان توغرا يەكۈن دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭا مورفېمىلارنى مۇستەقىل مورفېما، ياسىغۇچى مورفېما، تۈرلىگۈچى مورفېما ۋە تولۇقلىغۇچى مورفېمىدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

## مورفېمىلارنى پەرقلەندۈرۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر

جۈملە ئىچىدە كەلگەن ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزگەندە، دائىم خاراكتېرى ئوخشىمايدىغان بىرمۇنچە قۇرۇلما بىرلىكلىرىنىڭ ئارقىمۇ ئارقا ئۇلىنىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇڭا مورفېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى چەك ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلىنىش قاتلىمىنى ئېنىقلاش ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا مورفېمىلارنى توغرا پەرقلەندۈرۈشتە تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

(1) مورفېما بىلەن فونېما بىر نەرسە ئەمەس. بىزگە مەلۇمكى، مورفېمىلارنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى تىل تاۋۇشى (فونېما) بولۇپ، بەزى مورفېمىلار بىرقانچە فونېمىدىن تۈزۈلگەن بولسا، بەزى مورفېمىلار بىر فونېمىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: «سوراق» دېگەن سۆز «سورا + ق» دىن ئىبارەت ئىككى مورفېمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭدىكى «سورا» دېگەن مۇستەقىل (باش مورفېما تۆت فونېمىدىن، «ق» دېگەن ياسىغۇچى مورفېما بىر فونېمىدىن تۈزۈلگەن. دەل مانا مۇشۇنداق بىرلا فونېمىدىن تۈزۈلگەن مورفېمىلارغا قاراپلا، مورفېما بىلەن فونېما بىر نەرسە ئىكەن دېسەك توغرا بولماي قالىدۇ. گەرچە فونېما بىلەن مورفېما سۆزنى شەكىللەندۈرىدىغان ئېلېمېنتلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سۆزنى تەشكىل قىلىشتىكى رولى ئوخشىمايدۇ. يەنى فونېما سۆزنى شەكىل جەھەتتىن تەشكىل قىلغۇچى فونېتىكىلىق ئېلېمېنت بولسا، مورفېما سۆزنى مەنە جەھەتتىن تەشكىل قىلىپ تۇرىدىغان سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتتۇر. تىلدىكى ھەرقانداق بىر تەركىب تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكمىسى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر ھالدىكى باغلىنىش يوق. شۇڭا بىر سۆزنىڭ تەركىبىدە بىر مورفېمىلىق رول ئوينىغان فونېمىنى يەنە بىر سۆزدىمۇ ئوخشاش رول ئوينايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

(2) بوغۇم بىلەن مورفېما بىر نەرسە ئەمەس. كۆپ مورفېمىدىن تۈزۈلگەن بەزى سۆزلەردىكى مورفېمىلارنىڭ چېكى بىلەن كۆپ بوغۇملۇق بەزى سۆزلەردىكى بوغۇملارنىڭ چېگرىسى ئوخشاش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: «گۈلزارلىقتا»، «سالچىلار» دېگەن سۆزلەر «گۈل + زار + لىق + تا»، «سال + چى + لار» دېگەن مورفېمىلاردىن تۈزۈلگەن. ئەمدى يۇقىرىقى بۇ ئىككى سۆزنىڭ تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، بوغۇملارنىڭ چېكى مورفېمىلارنىڭ چېكى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش. بۇنداق ئايرىم ھادىسىگىلا قاراپ بوغۇم بىلەن مورفېما بىر - بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان ئوخشاش تىل بىرلىكلىرى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى بوغۇم سۆزلەر تەلەپپۇز قىلىنغاندا تەبىئىي ھالدا بۆلۈنۈپ ئېيتىلىدىغان فونېتىكىلىق قۇرۇلما بىرلىكى بولۇپ، سۆزنى شەكىل جەھەتتىن تەشكىللىگۈچى ئامىل. يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، تىلىمىزدىكى بارلىق كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ كۆپ مورفېمىدىن تۈزۈلگەن بولۇشى ھەم ھەممە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر بىلەن كۆپ مورفېمىلىق سۆزلەردىكى چەك ھەر دائىم ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن: «ئادەم، ھايۋان، ئادالەت» دېگەن سۆزلەر كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر بولسىمۇ لېكىن

ئۇلار بىرلا باش مورفېمىدىن تۈزۈلگەن تۈپ سۆزلەردۇر. شۇنىڭدەك «ۋەتىنىم» دېگەن سۆز كۆپ مورفېمىلىق ھەم كۆپ بوغۇملۇق سۆز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چېكى پەقەت ئوخشىمايدۇ. يەنى مەزكۇر سۆز «ۋە+ تى +نىم» دىن ئىبارەت ئۈچ بوغۇملۇق سۆز بولسا، مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن «ۋەتەن + ىم» دىن ئىبارەت ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. شۇڭا ئايرىم سۆزلەرنىڭ بوغۇم چېكى بىلەن مورفېمىلارنىڭ چېكىنىڭ ئوخشاش بولۇش ھادىسىسىگە قاراپلا بوغۇم بىلەن مورفېما بىر نەرسە دېگەن چۈشەنچىدە بولماسلىق كېرەك.

(3) مورفېما بىلەن سۆز بىر نەرسە ئەمەس. بىزگە مەلۇمكى، سۆزلەر مورفېمىلاردىن تۈزۈلىدۇ. بەزى سۆزلەر بىرلا باش مورفېمىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئۆي، يول، ئادىل، ··· بۇنداق سۆزلەر تۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى سۆزلەر بىر باش مورفېما بىلەن بىر ياسىغۇچى مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئىش +چان = ئىشچان، ياز + غۇچى = يازغۇچى، ··· بۇنداق سۆزلەر ياسالما سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بەزى سۆزلەر بولسا، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق باش مورفېمىنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئاشقازان، كۆزەينەك ··· بۇنداق سۆزلەر بىرىككەن سۆز دېيىلىدۇ. يەنە بەزى سۆزلەر ئىككى باش مورفېمىنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ھايات - مامات، قاتار - قاتار ··· بۇنداق سۆزلەر جۈپ سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى سۆز، ئەمما ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى مورفېمىلارنىڭ سانى، رولى، بىرىكىش قائىدە - قانۇنىيەتلىرى ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا بۇ سۆزلەر قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردە دېمەكچى بولغان مەسىلە شۇكى، باش مورفېما (مۇستەقىل مورفېما) لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولغاچقا سۆز بىلەن چېتىشلىق بولىدۇ، يەنى مۇستەقىل مورفېمىلار ئەينى ۋاقىتتا سۆز بولالايدۇ (تۈپ سۆزبولىدۇ). مانا مۇشۇنىڭغا قاراپ مورفېما بىلەن سۆزنى بىر نەرسە دەپ قارىماسلىق كېرەك.

ئومۇمەن، مورفېمىلارنىڭ بىرىكىش ئىقتىدارى مورفېمىلارنى سۆزدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدە بىر خىل خۇسۇسىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇرلىگۈچى مورفېما ۋە تولۇقلىغۇچى مورفېمىلار بىلەن بىرىكەلەيدىغان بىرلىك سۆز بولىدۇ. مەسىلەن: «تاشيول»، «ئېتىز - ئېرىق» دېگەن سۆزلەر ئادەتتە ياسىغۇچى مورفېما بىلەن بىرىكمەيدۇ، پەقەت تۇرلىگۈچى ۋە تولۇقلىغۇچى مورفېمىلار ياكى سۆز بىلەن بىرىكىدۇ. بۇنداق بولمىسا سۆز بولمايدۇ. بۇ، سۆز بىلەن مورفېمىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بىرىنچى ئۆلچىمى. ئىككىنچىدىن ھېچقانداق مورفېما بىلەن بىرىكمەيدىغان بىرلىكمۇ سۆز بولىدۇ. شۇڭا، باغلىغۇچىلار، تىركەلمىلەر، يۈكلىمىلەر ۋە ئۈندەشلەر مورفېما ئەمەس، سۆز بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەرقانداق بىر مورفېما بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، ئۇلار سۆز ياكى سۆزدىن يۇقىرى قاتلامدىكى بىرلىكلەر بىلەن بىرىكىدۇ.

(4) مورفېمىلارنى پەرقلەندۈرۈشتە نۇقۇل ھالدا فونېتىكىلىق شەكىلگىلا قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى مەلۇم بىر سۆزنىڭ تەركىبىدە بىر مورفېما بولۇپ كەلگەن بىرلىك يەنە بىر سۆزنىڭ تەركىبىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مورفېما بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: «ئادەمگەرچىلىك» دېگەن سۆز «ئادەم + گەرچىلىك» تىن ئىبارەت ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن بولسا، «سودىگەرچىلىك» دېگەن سۆز سودا + گەر + چىلىك» تىن ئىبارەت ئۈچ مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. «تۆمۈرچىلىك» دېگەن سۆز «تۆمۈر + چى + لىك» تىن ئىبارەت ئۈچ مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىرىنچى مىسالدا، «گەرچىلىك» بىر مورفېما بولغان بولسا، ئىككىنچى مىسالدا، «گەر» بىر، «چىلىك» بىر مورفېما بولغان. ئۈچىنچى مىسالدا «چى»، «لىك» لەر يەنە ئايرىم - ئايرىم مورفېما بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، مورفېمىلارنى پەرقلەندۈرۈشتە مەلۇم بىر سۆزنىڭ تەركىبىدە بىر مورفېما بولۇپ كەلگەن بىرلىك باشقا سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىمۇ چوقۇم بىر مورفېما بولۇپ كېلىدۇ، دەپ قاراشقا

بولمايدۇ. چۈنكى، مورفېما سۆزنى شەكىل جەھەتتىن تەشكىل قىلغۇچى ئېلېمېنت بولماستىن، مەنە جەھەتتىن تەشكىل قىلغۇچى سىمانتىكىلىق ئېلېمېنت بولۇپ، مەلۇم بىر سۆزدە ئۆزى يالغۇز مەنە ئىپادىلىگەن بىرلىك يەنە بىر سۆزنىڭ تەركىبىدە يەنە بىر بىرلىك بىلەن بىرىكىپ بىر مورفېما بولۇپ كېلىشى مۇمكىن.

(5) مورفېمىلارنى پەرقلەندۈرۈشتە ئالدى بىلەن بىر پۈتۈن سۆزدە ئىپادىلەنگەن ئومۇمىي مەنىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك. چۈنكى، كۆپ مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تولۇق ھەم توغرا چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۇ سۆزنىڭ قانداق مورفېمىلاردىن تۈزۈلگەنلىكى، ھەربىر مورفېمىنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى ۋەئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى باغلىنىشى ھەم مورفېمىلارنىڭ چېكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: «ۋەتىنىمىزنىڭ» دېگەن سۆزنى «ۋەتەن + ى + مىز + نىڭ» دىن ئىبارەت تۆت مورفېمىدىن تۈزۈلگەن، دەپ چۈشەندۈرگەن (ئوقۇغۇچىلار تاپشۇرۇقىدىن)، ھەم بۇنىڭدىكى «ى» نى ئايرىم بىر مورفېما دەپ قاراشتا، مورفېما - سۆزنى مەنە جەھەتتىن تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك بىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مەنە جەھەتتىن قايتا پارچىلانمايدىغان بىرلىك بولۇشى كېرەك، چۈنكى يۇقىرىدىكى «ى» ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەنە ئىپادىلەيدۇ، يەنى ئۆزى قوشۇلغان ئىسىمنىڭ III شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. (ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسىنىڭ III شەخس مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىسى — مورفېمىدۇر). شۇڭا، ئۇنى ئايرىم بىر مورفېما دەپ قاراش كېرەك، دېگەن ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. دەرۋەقە، مورفېما — سۆزنى مەنە جەھەتتىن تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك بىرلىك يەنە كېلىپ، ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسىنى شەكىللەندۈرگۈچى گرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ بىرسى (III شەخس قوشۇمچىسى) «ى» ؛ لېكىن، بۇنىڭغا قاراپلا، يۇقىرىقى «ۋەتىنىمىزنىڭ» دېگەن سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «ى» نى ئايرىم بىر مورفېما دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى «ۋەتىنىمىزنىڭ» دېگەن سۆزنىڭ ئومۇمىي مەنىسىدىن ھەرگىزمۇ III شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكى ئىپادىلەنمەستىن، ناھايىتى ئېنىق I شەخس كۆپلۈك مەنىسى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ سۆزنى يۇقىرىقىدەك تۆت مورفېمىدىن تۈزۈلگەن دەپ قارىماستىن، «ۋەتەن +ىمىز + نىڭ» دىن ئىبارەت ئۈچ مورفېمىدىن تۈزۈلگەن دەپ چۈشىنىش كېرەك.

(6) مورفېمىلارنى پەرقلەندۈرۈشتە مورفېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنە مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. چۈنكى كۆپ مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆزلەردىكى مورفېمىلارنىڭ بىر بىرى بىلەن مەنە جەھەتتە زىچ باغلىنىشى ھەم يېقىنلىقى بولىدۇ. مەنە جەھەتتە باغلىنىشى ھەم يېقىنلىقى بولمىغان مورفېمىلار بىرىكىپ بىر سۆزنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. مەسىلەن: «ئاياق» دېگەن سۆز «ئاي + اق»تىن ئىبارەت ئىككى مۇستەقىل مورفېمىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىكى «ئاي» بىر پىلانېتنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ، «ئاق» بولسا «ئېقىش» دېگەن مەنىدىكى بۇيرۇق پېئىلى، دەپ تەھلىل قىلىنغان (ئوقۇغۇچىلار مەشىقىدىن). ئېنىقكى، بۇ خىل تەھلىلدە ئىككى خىل خاتالىق يۈز بەرگەن. بىرى، يۇقىرىقى «ئاي» ۋە «ئاق» لارنىڭ مەنە جەھەتتە ھېچقانداق باغلىنىشى ۋە يېقىنلىقى يوقلۇقىنى چۈشەنمىگەن. يەنە بىرى، «ئاياق» دېگەن تۈپ سۆزنى بىرىككەن سۆز دەپ قارىغان. بۇمۇ مورفېمىلارنىڭ مەنە مۇناسىۋىتىنى چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان خاتالىق.

(7) مورفېمىلارنى پەرقلەندۈرۈشتە سۆزنىڭ ئەسلىدىكى مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىنى توغرا چۈشىنەلمەي ياكى بەزى سۆزلەرنىڭ جانلىق تىلدىكى شەكلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىنى توغرا تەھلىل قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: «ئۆگىنىش» دېگەن سۆزنى جانلىق تىلدا «ئۆگىنىش» دەپ تەلەپپۇز قىلىمىز، ئەگەر مۇشۇ سۆزنىڭ جانلىق تىل شەكلىنى ئاساس قىلىپ تەھلىل يۈرگۈزگەندە، ئۇنىڭدىكى مۇستەقىل مورفېمىنىڭ قايسى

ئىكەنلىكى ھەم ئۇنىڭغا ئەگەشمە مورفېما قوشۇل-
غاندا ئۇنىڭدا قانداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشنىڭ
بولغانلىقى، بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ تىلىمىزنىڭ
فونېتىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن ئى-
كەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ.

(8) مورفېمىلارنى پەرقلەندۈرۈشتە ئېتىمو-
لوگىيە نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ھازىرقى ھالى-
تىگە قاراپ باھا بېرىش كېرەك. چۈنكى تىل تە-
رەققىياتى جەريانىدا، تىلدىكى باشقا تەركىبلەرگە
ئوخشاش مورفېمىلاردىمۇ ئۆزگىرىش ياكى تەرەق-
قىيات بولىدۇ. مەلۇم بىر دەۋردە مۇستەقىل مور-
فېمىلىق رول ئوينىغان تەركىب يەنە بىر دەۋرگە
كەلگەندە ياسىغۇچى ياكى تۈرلىگۈچى ۋە ياكى تو-
لۇقلىغۇچى مورفېمىلىق رول ئوينايدىغان بولۇپ
قېلىشى؛ شۇنىڭدەك مەلۇم بىر دەۋردە بىر سۆز-
نىڭ مەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىككى ياكى ئۇ-
نىڭدىن ئارتۇق مورفېما يەنە بىر دەۋرگە كەلگەندە
مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزگىرىش ياساپ بىر
مورفېمىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. مۇنداق
مورفېمىلارنىڭ قەدىمكى ھالىتىگە ئەمەس، بەلكى
ئۇنىڭ ھازىر شۇ سۆزنىڭ تەركىبىدە قانداق رول
ئويناۋاتقانلىقىغا قاراش كېرەك. مەسىلەن: ئۇيغۇر
تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۇس مەنىسى رەۋىشداشلارغا
«ئاساسلىقى «پ»لىق رەۋىشداشلارغا) ياردەمچى
پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.
مۇشۇ قۇرۇلمىدا ياردەمچى مورفېمىلىق رول ئوي-
نىغان مۇشۇ پېئىللار يېقىنقى دەۋردە ياكى ھازىر-
قى دەۋردىمۇ ئايرىم قوللىنىلغاندا، لېكسىكىلىق
مەنە ئىپادىلەيدىغان تەركىب بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىر
ئاستا - ئاستا ياردەمچى مورفېمىلىق رول ئوينايدى-
غان تەركىبكە ئۆزگىرىشى يۇقىرىقى مەسىلىنى
ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. يەنە بىر مىسال شۇكى،
«بۈگۈن» دېگەن سۆزنى گەرچە ئېتىمولوگىيىلىك
تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق «بۇ+ كۈن» دېگەن ئىككى
باش مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بى-
رىككەن سۆز دەپ چۈشىنىشكە بولسىمۇ، تىلنىڭ
تارىخىي تەرەققىياتىدا تۈرلۈك مەنىۋى ۋە فونېتى-
كىلىق ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچراپ، ئۆزلىرىنىڭ
دەسلەپكى شەكىللىرىدىن يىراقلىشىپ، بۈگۈنكى
كۈندە مورفېمىلارغا بۆلۈنمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ
قالغان. شۇڭا بۇ سۆزنى بىر مۇستەقىل مورفېمى-
دىن تۈزۈلگەن تۈپ سۆز دەپ قاراش كېرەك.

(9) ئاھاڭداش مورفېمىلارنى پەرقلەندۈرۈش
ناھايىتى مۇھىم. ئاھاڭداش مورفېما دېگىنىمىز،
ئوقۇلۇشى ئوخشاش، ئەمما ئىپادىلىگەن مەنىلىرى
ئوخشىمايدىغان مورفېمىلاردىن ئىبارەت. سۆزنىڭ
قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلغاندا، ئاھاڭداش مورفې-
مىلار پەرقلەندۈرۈلمەيدىكەن، بەزى مورفېمىلار-
نىڭ خاراكتېرىنى ئېنىقلاش ناھايىتى تەسكە توخ-
تايدۇ. مورفېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاھاڭداشلىق
تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل بولىدۇ: ①
مۇستەقىل مورفېما بىلەن مۇستەقىل مورفېما
ئۆزئارا ئاھاڭداش بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
چۈش I (چۈش كۆرمەك)، چۈش II
(چۈشمەك، پېئىل)، چۈش III (چۈش ۋاقتى)
لەرنىڭ ئوقۇلۇشى ئوخشاش بولۇپ، ئىپادىلىگەن
مەنىلىرى بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان
مورفېمىلاردۇر. ② مۇستەقىل مورفېما بىلەن يا-
سىغۇچى مورفېمىمۇ ئۆزئارا ئاھاڭداش بولۇپ كې-
لىدۇ. مەسىلەن: «سىز» (شەخسلىك ئالماش)
دېگەن مۇستەقىل مورفېما بىلەن ئىسىملاردىن سۈ-
پەت ياسىغۇچى مورفېما «سىز» (سۇ + سىز =سۇ-
سىز) لارنىڭ ئوقۇلۇشى ئوخشاش بولسىمۇ، لې-
كىن ئۇلار خاراكتېرى ۋە مەنىسى بىر - بىرىگە
ئوخشىمايدىغان مورفېمىلاردۇر. ③ مۇستەقىل
مورفېما بىلەن تۈرلىگۈچى مورفېما ئاھاڭداش بو-
لۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: «دە» (دېمەك
پېئىلى) بىلەن ئىسىملارنىڭ ئورۇن كېلىش قو-
شۇمچىسى «دە» (ئۆي + دە = ئۆيدە) لەرمۇ خا-
راكتېرى، مەنىسى ئوخشىمايدىغان مورفېمىلار-
دۇر. ① ياسىغۇچى مورفېما بىلەن ياسىغۇچى مور-
فېما ئۆزئارا ئاھاڭداش بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى مورفېما «لۇق / لۈك
/ لىق / لىك» (قوغۇن+لۇق= قوغۇنلۇق، …) بى-
لەن ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى مورفېما «لۇق
/ لۈك / لىق/ لىك» (تۇز + لۇق = تۇزلۇق…) لار
مەنە جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان ئاھاڭداش مورفېمى-
لاردۇر. ⑤ ياسىغۇچى مورفېما بىلەن تۈرلىگۈچى

مورفېما ئاھاڭداش بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: «توپلا + م = توپلام» دىكى «م» ياسىغۇچى مورفېما بولسا؛ «بالا +م» دىكى «م» تۈرلىگۈچى موزفېما بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىسى ۋە خاراكتېرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ⑥ تۈرلىگۈچى مورفېما بىلەن تۈرلىگۈچى مورفېمىمۇ ئاھاڭداشلىق مۇناسىۋەت ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىسى «ىل» (يىغىن ئېچىلدى.) بىلەن ئۆزلۈك دەرىجىنىڭ قوشۇمچىسى «ىل» (گۈل ئېچىلدى.) لار گەرچە بىر گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىگە مەنسۇپ مورفېمىلار بولسىمۇ، ئەمما مەنىسى ئوخشىمايدىغان ئايرىم مورفېمىلار ھېسابلىنىدۇ.

(10) چەت تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردىكى مورفېمىلارنى پەرقلەندۈرۈشتە، ئۇنىڭ ئەسلى تىلدىكى ھالىتىگە ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەندىن كېيىنكى ھالىتىگە قاراش كېرەك. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چەت تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بىرمۇنچە كۆپ مورفېمىلىق سۆزلەر ئادەت بويىچە ئۇيغۇرچىدىكى تۈپ سۆزلەر قاتارىغا كىرىدۇ. مەسىلەن: «ئىنتېرناتسىئونال» دېگەن سۆز ئەسلىدە تۆت مورفېمىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، تىلىمىزغا تۈپ سۆز شەكلىدە ئۆزلەشكەن. خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن «بەسەي» ئەسلىدىكى ئىككى مورفېمىلىق « 白 » ۋە « 菜 » دىن ئىبارەت) سۆز بولۇپ، ئۇمۇ تىلىمىزنىڭ فونېتىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈلۈپ تۈپ سۆز شەكلىدە تۇراقلاشقان.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى (مورفولوگىيە)»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى.

2. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، مۇھەممەترېھىم سايىت: «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى.

3. ئابدۇرەئۇپ پولات: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1994 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى.

4. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 2 - قىسىم (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى.

5. «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 4 - سانى، 1985 - يىللىق 1 - سانى، 1990 - يىللىق 4 - سانى، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سانلاردىكى مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر.



(پوچتا نومۇرى: 830046)


**تەھرىرى: تۇرسۇن ھۇشۇر ئىدىقۇتى**

1998 - يىلى 3 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 19- يىللىق 1- سان
1998 年 3 月 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 第 19 卷第一期

# چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەر ۋە مۇخبىرلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى يېڭىلىنىش

مۇختار مەخسۇت*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئاخبارات خەۋەرچىلىكىمىزدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنداقلا مۇخبىرلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىدىكى ئۆزگىرىشلەر نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文从新闻理论与实践出发,阐述深度报道形成的历史与社会原因及记者思维方式的变化。

**Abstract**: This article narrates, in thearitical and practical approach, the history of profound report, its social factors, characteristic's and changes in reporters' thinking in journalism.

چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەر ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاخبارات خەۋەرچىلىكىمىزدە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ۋە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭىچە بىر خىل خەۋەر قىلىش شەكلى. بۇ خىل خەۋەر قىلىش شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەنئەنىۋى ئاخبارات خەۋەرچىلىكىمىزدىكى شەيئىلەرنىڭ تۇرغۇن ھالىتىنى بىرلا نۇقتا، بىرلا تەكشىلىكتە كۆزىتىپ، ئۇنى يەككە، يۈزەكى ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈشتەك قاتمال ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، شەيئىلەرگە ھەر تەرەپلىمە نەزەر ئاغدۇرىدىغان، ئۇنى تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر جەريان دەپ قارايدىغان، ئۇنىڭ ئومۇمىي باغلىنىشىنى ۋە ھەرىكەت ھالىتىنى چوڭقۇرلاپ ئوپېراتسىيە قىلىدىغان، سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ھەم تەرەققىيات مەنزىرىسىنى ستېرېئولۇق رەۋىشتە ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىدىغان يېڭى بىر يۈزلىنىش ۋە جانلىنىشنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاخبارات خەۋەرچىلىكىمىزنىڭ، پىكىرگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تەسىر كۈچى زور دەرىجىدە ئېشىش بىلەن بىرگە، خەۋەرچىلىكىمىزنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن باراۋەر تۇرۇپ سۆزلىشىشتەك دېموكراتىك كەيپىياتى يەنىمۇ قويۇقلاشتى. بۇ ماقالىدە زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ۋە تەشەببۇس قىلىش زۆرۈرىيىتىگە ئىگە بولغان بۇ خىل خەۋەر قىلىش شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئالاھىدىلىكى ھەمدە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئالدىنقى شەرت بولغان مۇخبىرلىرىمىزنىڭ تەپەككۇرىدىكى يېڭىلىنىش ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىشلىر-

* مۇختار مەخسۇت: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كاتىبلار باشقارمىسىنىڭ خادىمى، دوتسېنت.

مىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## 1

ئاخبارات يېقىندا يۈز بەرگەن، بايقالغان ۋە ئۆزگىرىۋاتقان پاكىتنىڭ خەۋەر قىلىنىشى، ئۇ رېئال تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن تېز ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، ئاخبارات خەۋەرچىلىكى رېئاللىقلىقى، دەۋر خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر كەسىپ، ھەرقانداق يېڭىچە ئاخبارات شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىشى، گۈللىنىشى ياكى يوقىلىشى ئاشۇ دەۋردىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئالاقە فورماتسىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن ئاخبارات خەۋەرچىلىكىدىكى ئۆزگىرىش مۇقەررەر تومۇرداشتۇر. بىز ئاخبارات خەۋەرچىلىكىمىزنىڭ ئالدىنقى 30 نەچچە يىللىق مۇساپىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشنىڭ تۇرغۇن ۋە تەكشى ھالىتىنى مېخانىك تۈستە قاتمال، يۈزەكى خاتىرىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ كەلگەنلىكىنىڭ يىلتىزىنى كۆرۈۋېلىشىمىز ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ.

ئالايلۇق، ھوقۇق يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن سىياسىي تۈزۈلمە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنى نوقۇل تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى، ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىلەر زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىنىپ، پايدىسىز نەرسىلەر قامال قىلىندى. ئىلغار تەرەپلەر كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، قالاق تەرەپلەر يوشۇرۇپ قېلىندى ياكى پەردەزلەپ كۆرسىتىلدى. گېزىتلەردە پەقەت بىرلا خىل ئاۋاز تەكىتلىنىپ، ئوخشىمىغان قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى چەكلەندى؛ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك شەكلى ۋە بىر خىللاشقان مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى بىر مىليارد خەلقنى داش قازانغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان قىلىپ قويدى، كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەنپەئىتى ئېتىراپ قىلىنمىدى، رىقابەت چەكلەندى. ئۆلۈك، قاتمال، بىر خىللاشقان بۇ ئالاھىدىلىك ئاخبارات خەۋەرچىلىكىدە ئەينەن ئىپادىسىنى تاپتى. ئەسلىدىنلا فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ ساقىندىلىرىدىن خالاس بولالمىغان جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا «سولچىل»لىقنىڭ ئاسارىتىگە بەنت قىلىنىپ، ئۇنىڭ بېكىنمىچىلىك قىلىدىغان، خانغا ۋە ئەمىرمەرۆپ، دەستەكلەرگە چوقۇنىدىغان، كونىلىققا جېنىنىڭ بېرىچە ئېسىلىۋالىدىغان خۇسۇسىيىتى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ جان بېقىش پەلسەپىسىگە ئايلاندى. بۇ، بېكىنمىچىلىك، چوقۇنۇش ۋە قۇللۇق خېلى ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن ئاخباراتچىلىقىمىزنىڭ پىسخىك ئاساسى بولۇپ قالدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، جۇڭگو يېپيېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. نادانلىق، قاششاقلىق ۋە غەپلەتنىڭ چاڭ-توزاڭلىرىنى ئۈستى - بېشىدىن تولۇق قېقىپ تاشلاشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەن كىشىلىرىمىز كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۆز ئەتراپلىرىدا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم يۈز بېرىۋاتقان ئاجايىپ ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىقلارنى ھەيرانلىق بىلەن كۆردى. بۇ دەل جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بۈيۈك ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن مۆجىزە ۋە سەلتەنەت ئىدى. بۇ رېئاللىق ئالدىدا دەۋرنىڭ ئەينىكى دەپ ئاتالغان ئاخباراتچىلىقىمىز ئەنئەنىۋى خەۋەر قىلىش شەكىللىرى ئۈستىدە ئازابلىق ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، پەقەت 80 - يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندىلا ئاخباراتچىلىقىمىزدا چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەردىن ئىبارەت يېڭىچە خەۋەر قىلىش شەكلى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە سەۋەب ۋە ئامىللار بىلەن باغلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئىسلاھات جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئەھۋال، يېڭى ھادىسىلەر ئاخباراتچىلىرىمىزنى ئەنئەنىۋى شەكىللەردىن قول ئۈزۈپ، دادىل ئىزلىنىشكە، يېڭى سىناقلارنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلدى. يەنى ئىسلاھات كونا، قاتمال رامكا ۋە ئەندىزىلەرنى چېقىپ تاشلاپ، بىرمۇنچە كونا كۆز قاراشلارغا زەربە بەردى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتى دەخلى تەرۇزگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ۋە

ئىسلاھاتچىلارنى بىر قىسىم كىشىلەر قوللىسا، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىمۇ، پايدىسىز تەرەپلىرىمۇ بولدى، ئىسلاھاتچىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەرەپلىرىمۇ، كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىمۇ بولدى. كەمكۈتىسىز مۇكەممەللىكنىڭ بولمايدىغانلىقى ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلىدىغان رېئاللىققا ئايلاندى. لېكىن شەيئىلەر ئۈستىدە ياكى قارا ياكى ئاق، ياكى ياخشى ياكى يامان دەپلا ھۆكۈم چىقىرىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئاخباراتچىلىقىمىز قارىسىمۇ، ئېقىمۇ بولغان، ياخشى تەرىپىمۇ، يامان تەرىپىمۇ بولغان بۇ مۇرەككەپ ھادىسىلەر ئالدىدا تېڭىرقاپ قانداق قول سېلىشنى بىلمەي قالدى. شەيئىلەرنى سىدام رەۋىشتە بىر خىل سۈرەتلەپ بېرىدىغان ئەسلىدىكى ئاخبارات ئەندىزىلىرى كۆپ قىرلىق ۋە ستېرېئولۇق ئۆتۈشمە ھالىتىدىكى يېڭى شەيئىلەرنى ئىپادىلەشكە مۇۋاپىق كەلمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاخباراتچىلىرىمىز يېڭىچە شەكىل ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى.

ئىككىنچى، ئىسلاھات جەريانىدىكى شەيئىلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىكى ۋە مۇرەككەپلىكى، بىر خىللاشقان خەۋەرچىلىك شەكلىنى چۆرۈپ تاشلاشقا مەجبۇر قىلدى. ئىسلاھات مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - توقاي بىر جەريان بولدى. يېڭىلىق بىلەن كونىلىق، توغرا بىلەن خاتا، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت بۇ جەرياندا ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتتى. بىرمۇنچە يېڭى چارە - تەدبىرلەر كونا رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان يېڭى قائىدە - تۈزۈم بولمىغاچقا، ئۇ، «ئەقىلگە مۇۋاپىق بولسىمۇ قانۇنغا توغرا كەلمەيدىغان» نەرسە بولۇپ قالدى. بىرمۇنچە كونا ئۇسۇللار ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ بويۇنتۇرۇقى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا يۈرگۈزۈلىۋاتقان سىياسەتنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ «قانۇنلۇق بولسىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان» نەرسە بولۇپ قالدى. داڭق چىقارغان ئىسلاھاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، يەنە بىرمۇنچە ئەخمىقانىلىقلارنى قىلىپ قويدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىي، ئىقتىساد رامكىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، يېڭى سىما يارانتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئازدۇر - كۆپتۇر كونىلىقنىڭ ئىزنالىرىنى ساقلاپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىر قەدىمى كەلگۈسىگە قاراپ تاشلانغان بولسا، بىر قەدىمى ئۆتمۈشنىڭ ساسلىقلىرىدا لاتقىلارغا پېتىپ تۇرۇۋەردى. مال باھاسى ئىسلاھ قىلىنىۋىدى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باھانى ئۆستۈرۈۋالىدىغانلار چىقتى، بازارنى قويۇۋېتىۋىدى ھايانكەشلەر چىقتى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇلۇۋىدى، ئىقتىسادىي كىرىمدىكى پەرق چوڭىيىپ كېتىدىغان ھادىسە بارلىققا كەلدى. ھەق بىلەن ناھەق، تۆھپە بىلەن سەۋەنلىك، يېڭى بىلەن كونا، ئىجابىيلىق بىلەن سەلبىيلىك گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ مۇرەككەپ ھالەت، ئاخباراتچىلىقىمىزدىكى شەيئىلەرنىڭ ئىجابىي تەرىپىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈشتەك يەككە قەسىدىچىلىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى.

ئۈچىنچى، ئاخباراتچىلىقىمىز ئىسلاھات جەريانىدىكى «قىيىن نۇقتا» ۋە «قىزىق نۇقتا»لارغا ئوبيېكتىپ پوزىتسىيە بىلەن نەزەر ئاغدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش، كادىرلارنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش، پاي چېكى تۈزۈمى، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون، ئىشچى ياللاش دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار يېڭى شەيئىلەر 30 نەچچە يىلدىن بېرى سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە قاتتىق پەرھىز تۇتۇلغان ئىشلار ئىدى. كىشىلەر بۇ ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن دەسلەپتە قاتتىق ھەيران بولۇشتى. بىر مەزگىللىك ئەمەلىيەت ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بەزىلىرىنى كۆپ قىسىم كىشىلەر چۈشىنىپ قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر مۇنچىلىرى تېخى سىناق ۋە بىخ ھالىتىدە ئىدى. ئۇنىڭ توغرا، خاتالىقى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش، بولۇپمۇ نەزەرىيىۋى جەھەتتىن يەكۈنلەپ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى خۇلاسىلەپ بېرىش بالدۇرلۇق قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئاخبارات ئەنئەنىۋى ئەندىزىسى بويىچە رېئال تۇر-

مۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان «تىپلار» نى تاللاپ،
كىشىلەرنى يېتەكلىشى كېرەكمۇ؟ ئەپسۇسكى، رې-
ئال تۇرمۇش ئاخباراتنى تېخى بۇنداق غايىۋى
«تىپ» بىلەن تەمىنلىمىگەنىدى. ياكى ئۇ خەتەر-
لىك ۋە نامەلۇم بۇ رايوندىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشى
كېرەكمۇ؟ بۇ تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈن-
كى بۇ يېڭى تۈزۈلمە بىلەن كونا تۈزۈلمىنىڭ كەس-
كىن ئېلىشىش نۇقتىسى، ئىسلاھاتنىكى شۇنداقلا
جامائەت پىكرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىدىكى «قىيىن
نۇقتا» ۋە «قىزىق نۇقتا» ئىدى. مۇخبىرلار يۈ-
رەك قېنىنى سەرپ قىلىپ قېزىپ چىقىدىغان ھە-
قىقىي خەۋەرمۇ دەل مۇشۇ يەردىن چىقاتتى. شۇ-
نىڭ بىلەن ئاخباراتچىلىقىمىز خەلق ئاممىسى چۈ-
شىنىشنى ئەڭ جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقان، جەمئى-
يىتىمىزنىڭ تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشىنى بەل-
گىلەيدىغان بۇ مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، ئۇنى ئوبيېك-
تىپ پوزىتسىيە بىلەن ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش،
ھەمدە ئۇنىڭ ھەل قىلىنىش ۋە تەقدىر تەرەققىياتى-
غا بىۋاستە قاتنىشىش يولىنى تاللىۋالدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، جەمئىيىتىمىزنىڭ بىر
خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەك-
كەپلىككە قاراپ يۈزلىنىشى، ئاخباراتچىلىقى-
مىزنىڭ شەيئىلەرنى مۇقىملاشقان بىرلا نۇقتىدىن
كۆزىتىشتىن ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت گۇرۇھى
مەيدانىدا تۇرۇپ ئەتراپلىق كۆزىتىشكە؛ شەيئىلەر-
نىڭ تەرەققىيات نەتىجىسىنى ئاددىيلا خاتىرىلەپ
قويۇشتىن، تەرەققىيات مۇساپىسىگە قاتنىشىشقا
ئۆتۈشتەك مەۋجۇت رېئاللىق، چوڭقۇر قاتلاملىق
خەۋەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈ-
شى ۋە ئىجتىمائىي مەنبەسى بولدى.

## 2

بىز چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەرنىڭ نېمە ئىكەن-
لىكى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا سۆزلەش-
تىن ئىلگىرى مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ئايدىڭلاش-
تۇرۇۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى،
چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەر ئاخباراتتىكى ژانىر تۈرد-
نى ئەمەس، بەلكى خەۋەر قىلىشتا قوللىنىلغان
ئۇسۇل ۋە شەكىلنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر خىل
مۇستەقىل ژانىر ئەمەس، ئۇ خىلمۇ - خىل ژانىر
ۋە تۈرلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ
خەۋەر قىلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئۆزىگە خاس مەز-
مۇنى بىلەن خەۋەر قىلغۇچى سۇبيېكتنىڭ ئەكس
ئەتتۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسى-
لەن، مۇخبىر چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەردە گاھى
سىجىل خەۋەر قىلىش ئۇسۇلىنى، گاھى مەخسۇس
تېمىدىكى چاتما خەۋەر ئۇسۇلىنى قوللىنىشى مۇم-
كىن، بۇنىڭدا يەنە گاھى تەپسىلىي خەۋەر، گاھى
مۇلاھىزىلىك خەۋەر، گاھى ئەھۋال توغرىسىدىكى
ياكى ئومۇملاشتۇرۇلغان خەۋەر ژانىرلىرىنى قول-
لىنىشى ياكى بىر قېتىمدا بىرنەچچە خىل ژانىرنى
بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىشى مۇمكىن. شۇڭا چوڭقۇر
قاتلاملىق خەۋەردىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلنى كونكرېت
بىر خىل ژانىردىن پەرقلەندۈرۈپ قاراش كېرەك.
ئىككىنچى، چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەر بىلەن چوڭ-
قۇرلۇققا ئىگە خەۋەرلەر يەنە مەلۇم جەھەتتىن
پەرقلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنى-
مىزدەك، چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەر ئاخباراتنىڭ
ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئۇسۇلىغا
قارىتىلغان. چوڭقۇرلۇققا ئىگە خەۋەر بولسا، ئاشۇ
خىل ئەكس ئەتتۈرۈش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆ-
ۋەنلىكىگە قارىتىلغان. مەسىلەن، چوڭقۇر قاتلام-
لىق خەۋەر تەركىبىدىكى بىر قىسىم خەۋەرلەر ئاي-
رىم - ئايرىم تۇرغان چاغدا چوڭقۇرلۇققا ئىگە
بولغان بولۇشى ناتايىن (چۈنكى چوڭقۇر قاتلاملىق
خەۋەر كۆپىنچە ھاللاردا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئار-
تۇق خەۋەرنى بىر گەۋدە قىلىدۇ)، پەقەت ئۇنىڭغا
بىر پۈتۈن سىستېما بويىچە قارىغاندىلا ئاندىن چوڭ-
قۇرلۇققا ئىگە ئىكەن دېگىلى بولىدۇ. يەنە بىر
تەرەپتىن ئالغاندا، بەزى چوڭقۇر يېزىلغان خەۋەرنى
چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەر دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى
يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەر
ئايرىم ژانىر ھەققىدىكى ئەمەس، بەلكى ئەكس ئەت-
تۈرۈش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ئۇقۇم.

غەرب ئاخباراتچىلىقىدىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق
خەۋەرگە توغرا كېلىدىغان in — depth reports
دېگەن سۆز بار. بۇ چوڭقۇر يېزىلغان بىر خىل

خەۋەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىدە «چوڭ ماۋزۇلۇق خەۋەر»، فرانسىيىدە «چوڭ خەۋەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، گېزىت بىلەن رادىئو - تېلېۋىزىيە ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك خەۋەردىن تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن. بىز دەۋاتقان چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەر ھەرگىزمۇ غەربتىكى in depth reports— نىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، ئۇ جۇڭگونىڭ ئاخبارات ئەمەلىيىتى جەريانىدا جۇڭگونىڭ رېئاللىقىنى مەنبە قىلىپ شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ مەزمۇن دائىرىسى غەربتىكى چوڭقۇر خەۋەرنىڭكىدىن كۆپ كەڭرى بولۇپ، ئۇقۇم جەھەتتىن چوڭقۇرلاپ خەۋەر قىلىش (يەنى شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا قەدەممۇ - قەدەم چوڭقۇرلاپ كىرىش) دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدۇ.

ئۇنداق بولسا چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەرنىڭ ئېنىقلىمىسى قانداق بولىدۇ؟ بىز بۇ يەردە ئېنىقلىما ھەققىدىكى خىلمۇ - خىل قاراشلارنى سېلىشتۇرۇپمۇ ئولتۇرمايمىز. پەقەت كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىدىن مۇنداق بىر ئۇقۇمنى يەكۈنلەشكە بولىدۇ، دەپلا قارايمىز:

چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەر مول ئاخبارات پاكىتلىرى ۋە ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىياللىرى ئارقىلىق زور ئاخباراتلىق ۋەقەلەر ھەم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، چۈشەندۈرۈش، تەھلىل قىلىش باھا بېرىش ئارقىلىق شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەم ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئۈستىدە ئىزلىنىدىغان خەۋەر قىلىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ خىل خەۋەر قىلىش ئۇسۇلى خەۋەر ئوبيېكتىنى بىر پۈتۈن گەۋدە، بىر جەريان دەپ قاراپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ بىرلا ۋەقە، بىرلا ئادەمنى بىرلا ۋاقىت نۇقتىسىدا تۇرۇپ مەلۇم قىلىپ، بىرلا مەنبەدىن يەككە ئۈچۈر تارقىتىدىغان خەۋەر قىلىش ئۇسۇلىدىن پەرقلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەردە مۇھىم، زور، ئۆتكۈر تېمىلار تۇتۇلىدۇ. يەنى ئۇنىڭدا دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان زور مەسىلىلەر، ئىسلاھات جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان مۇھىم مەسىلە ۋە ھادىسىلەر، رېئال تۇرمۇشتا خەلق ئاممىسى ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، تالاش - تارتىش قىلىۋاتقان مەسىلىلەر، خىزمەتلەردىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا ۋە مۇھىم نۇقتىلار ئۈستىدە ماكرولۇق پىكىر يۈرگۈزۈلۈپ، جەمئىيەتنىڭ دىققەت ئېتىبارى قوزغىتىلىدۇ ۋە ياكى ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەر (مەسىلەن، زور ئوت ئاپىتى، سۇ ئاپىتى، قاتناش ۋەقەسى، نامايىش، توپىلاڭ، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى) نىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ۋە ماھىيىتى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلىپ، مۇشتەرىلارغا ئېنىق چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى، چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەرنىڭ خەۋەر قىلىش دائىرىسى كەڭلىككە، قىممىتى ئۇنىۋېرساللىققا، ژانىرى كۆپ خىللىققا ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل خەۋەرلەرنى يازغاندا مۇخبىر بىرلا ئادەم، بىرلا ۋەقە، بىرلا ئورۇننى يېزىشتەك چەكلىمىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئاشۇ ئادەم، ۋەقە ۋە ئورۇننى نۇقتا قىلىپ، سەكرەتمە تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق ئورۇن، كەسىپ، رايون ۋە ۋاقىتتىن ھالقىغان ھالدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ خىل خەۋەرلەر ھەم ئاخباراتلىق قىممەتكە، ھەم ئىلمىي قىممەتكە، ھەم ئەمەلىي تەدبىقلاش قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق خەۋەرلەردە مۇخبىر بىر خىل ئۇسۇل بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، يەنى خەۋەر، تەپسىلىي خەۋەر، ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات قاتارلىقلارنىڭ ھەرقانداقىنى قوللىنىدۇ، گاھىدا بىر پارچە خەۋەردىمۇ خەۋەر، تەپسىلىي خەۋەر ۋە ئوبزورنىڭ ئامىللىرى بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرۇۋېتىلىدۇ.

ئۈچىنچى، چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەر ئەنئەنىۋى «ئىككى قۇتۇپلۇق تىپ» نى خەۋەر قىلىشتىن خالىي بولغان بولىدۇ. يەنى بۇ خىل خەۋەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەنئەنىۋى ئەھمىيەتتىكى نوقۇل ئىجا-

بىي تەرەپىنىلا خەۋەر قىلىش ياكى نۇقۇل سەلبىي
تەرەپىنىلا خەۋەر قىلىش بولماستىن، بەلكى مۇرەكـ-
كەپ شەيئىلەرنى كۆپ تەرەپ، كۆپ قاتلامدىن يې-
شىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىزدىنىش خاراكتې-
رىدىكى ئوبيېكتىپ ئەينەن خاتىرىلەشتىن ئىبارەت-
تۇر. ئۇ نوقۇل تەقدىرلەش ياكى نوقۇل تەنقىدلەش-
مۇ ئەمەس، ئۇنىڭدا ئەنئەنىۋى خەۋەرلەردىكى
«ياخشى ئادەم»، «يامان ئادەم» ھەمدە «ئىلغار-
لار»، «فالاقلار» بولمايدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە
خاس ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە سەۋەنلىكلىرى بولىدۇ.
ھەربىر ئىشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى ھەم زىيانلىق
تەرەپلىرى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇنىڭدا «يورۇقلۇق»
بىلەن «قاراڭغۇلۇق» گىرەلىشىپ كەتكەن بولى-
دۇ، ھەرقايسى تەرەپلەرگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن
ئوبيېكتىپ باھا بېرىلىدۇ.

تۆتىنچى، چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەر قوبۇل
قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ سۆزلە-
شىش كەيپىياتى بىلەن خەۋەر قىلىش ئېلىپ بارى-
دۇ. ئۇنىڭ تەلەپپۇز ۋە مۇقامىدىن بۇيرۇقۋاز-
لىق، مەجبۇرىي سىڭدۈرۈش خاراكتېرىدىكى ۋەز
- نەسىھەت ئەمەس، بەلكى سەمىمىي، ئاقكۆڭۈل-
لۈك بىلەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇش، مەسىلە ۋە
زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە بىر-
لىكتە ئىزدىنىش، مەسلىھەتلىشىشتەك دېموكرا-
تىك كەيپىيات چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇنداق خە-
ۋەرلەر قوبۇل قىلغۇچىلارنى ناھايىتى ئاسان جەلپ
قىلىدۇ، ئۇلارنى شەيئىلەرنىڭ ئىككىنچى بىر تە-
رىپىنىمۇ كۆرۈشكە، ئومۇمىي ۋەزىيەت نۇقتىسىدا
تۇرۇپ كۆزىتىشكە، ئاداۋەت قاراشلىرىنى تاشلاپ،
باراۋەر كېڭىشىش ئاساسىدا ئىدىيە ۋە پىكىر ئال-
ماشتۇرۇپ ئورتاقلىقتا ئېرىشىشكە يېتەكلەيدۇ.

بەشىنچى، چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەرلەردە
شەيئىلەر ئۆزگەرمەس تۇرغۇن ھالەتتە ئەمەس،
بەلكى تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئۆزگىرىۋاتقان جەريان
سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مۇخبىرلار ئالدى-
راپ كېسىپ ھۆكۈم چىقىرىۋەتمەيدۇ، نۇرغۇن نا-
مەلۇم ئېھتىماللىقلارنى، سوئاللارنى قالدۇرىدۇ.
قاتناش ساقچىسىغا ئوخشاش مۇشتىرىلارنى «ئۇياق-
قا ماڭ، بۇ ياققا ماڭما» دەپ باشقۇرماستىن،
ماھىر ساياھەت يېتەكچىسىگە ئوخشاش، ئەڭ گۈ-
زەل مەنزىرىلەرنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، ئاخىرقى
تاللاش، ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنى مۇشتىرىلار-
غا، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تاپشۇرىدۇ.

ئالتىنچى، چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەر تەپسى-
لىيچانلىقتا ۋە چوڭقۇرلۇقتا ئىگە بولىدۇ. ئۇ مۇخـ-
بىرنىڭ ھەم ماكرولۇق ھەم مىكرولۇق كۆزىتىشى-
نىڭ نەتىجىسى بولغاچقا، پاكىت ئاساسلىرى تو-
لۇق، ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىياللىرى پۇختا بولى-
دۇ. ئۇنىڭدا بۈگۈن تەپسىلىي ئەكس ئەتتۈرۈلۈپلا
قالماستىن، ئۆتمۈش ئەسلىنىدۇ، كەلگۈسى قى-
ياس قىلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىر-
لەشتۈرۈلۈپ، شەيئىلەرنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇنا-
سىۋىتى، جەريانى، ئەھمىيىتى، كەلگۈسىدىكى تە-
رەققىيات مەنزىرىسى چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئىجابىي
تەكلىپ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. خەۋەرنىڭ
ۋاقىت، ئادەم، ئورۇن، ۋەقە قاتارلىق ئامىللىرى
تولۇق يېزىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەۋەب ئامىلى
ئۈستىدە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىنىپ، سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە تۇرمۇش ھادى-
سىلىرىنىڭ زەنجىرسىمان باغلىنىشى ھەم ماھىيى-
تى چوڭقۇر قېزىلىدۇ. كىشىلەرگە ئويغىتىش خا-
راكتېرلىك ئىلھام بەخش ئېتىلىدۇ.

قىسقىسى، مۇخبىرنىڭ ئەتراپلىق كۆزىتىشى
ۋە سىتېرېئولۇق تەپەككۇرى ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ
ھەر تەرەپلىمە باغلىنىشىنى، ئىجابىي ھەم سەلبىي
جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى، روھىي ماھىيىتى-
نى ۋە ئەتىكى مەنزىرىسىنى تەرەققىيات نۇقتىئىنە-
زەرى ئارقىلىق چوڭقۇر قىلىپ جانلىق يورۇتۇپ
بېرىش چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەرنىڭ تۈپ ئالاھىدى-
لىكىدۇر.

## 3

ھەرقانداق بىر يېڭىچە ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇ-
سۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھامان كىشىلەرنىڭ تە-
پەككۇرىدىكى ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىشنى ئالدىنقى
شەرت قىلىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى،
مۇخبىرلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئۆزگىرىش بولمى-
غان بولسا، چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەرمۇ بولمىغان
بولاتتى، مۇخبىرلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى قاتلاملىق
يۈكسەكلىك بولمىغان بولسا، بۇ خەۋەرلەرنىڭ
چوڭقۇرلۇقىمۇ بولمىغان بولاتتى. ئۇنداق بولسا،
چوڭقۇر قاتلاملىق خەۋەرلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە
ئاساس بولغان مۇخبىرلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئۆز-
گىرىشلەرنى قايسى جەھەتلەردىن كۆزىتىشكە بولى-
دۇ؟

بىرىنچى، بىر خىل تىپتىكى يەككە تەپەككۇر
شەكلىدىن سىتېرېئولۇق تەپەككۇر قىلىشقا قاراپ
يۈزلەندى. ئاخبارات خەۋەرچىلىكىدە شەيئىلەرنى
بىرلا قاتلام، بىرلا تەرەپتىن كۆزىتىش، شەيئىلەر-
گە بىرلا قېلىپ، بىرلا خىل ئۆلچەم بويىچە مۇئا-

مىلە قىلىش، بىرلا خىل ئۇنۇمنى قوغلىشىش،
ئاددىيلا هالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىـ
لىش بىلەن چەكلىنىپ قېلىش، بىرلا خىل ئىگىـ
لىك تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇزۇن يىل ئۇچرىـ
غان مۇخبىرلىرىمىزنىڭ ئادەتلەنگەن تەپەككۇر
شەكلى ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىزنىڭ خەۋەرلىـ
رىمىزنىڭ مەزمۇنى ئاددىيلىشىپ، ئەكس ئەتتۈـ
رۈش شەكلى قاتمال، ئۆلۈك ۋە يۈزەكى بولۇپ
كەلدى. خەۋەرلىرىمىز ئايرىملىق ۋە قىسمەنلىك
جەھەتتە چىنلىقتا ئىگە قىلىنغان بولسىمۇ، ئومۇ-
مىي گەۋدە بويىچە كۆزەتكەندە يەنىلا ساختىلىقتىن
خالى بولالمىدى ياكى ئومۇمىيلىق جەھەتتە تولۇق،
چىن بولالماي قالدى.

ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ
دۇنيا بىز ئۇچۇن ئانچە ناتونۇش بىلىنمەيدىغان بولـ
دى، جۇڭگودىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ يورۇقلۇق
دەرىجىسى بارغانسېرى ئاشتى، جەمئىيەت ھەر تەـ
رەپلىمە تۈتىشىپ كەتكەن تورسىمان قۇرۇلما شەكـ
لىگە كىردى، ئىسلاھات ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى كۈنسېرى مۇرەككەپلەشتى،
تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كېڭەـ
يىپ، سەۋەب مەنبەلىرى كۆپەيدى. نەتىجىدە مۇخـ
بىرلىرىمىز بۇ مۇرەككەپ رېئاللىقنى توغرا، توـ
لۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، بىر خىل
تىپتىكى تەپەككۇر شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، سىتېرېـ
ئولۇق تەپەككۇر شەكلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر
بولدى.

سىتېرېئولۇق تەپەككۇر دېگىنىمىز، خەۋەر
قىلىش ئوبيېكتىنىڭ مۇئەييەن زامان ۋە ماكاندىكى
بىر پۈتۈن باغلىنىشىنى، ئۇنىڭ باشقا شەيئىلەر
بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمە مۇناسىۋىتىنى، شۇنـ
داقلا بۇ خىل باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىي
قىلىۋاتقان، ئۆزگىرىۋاتقان سىتېرېئولۇق ھالىتىنى
ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساسىي نىشان قىلىدىغان تەـ
پەككۇردىن ئىبارەتتۇر. مۇخبىرلار سىتېرېئولۇق
تەپەككۇر شەكلىنى قوللانغاندا، خەۋەر قىلىش ئوبـ
يېكتىنىڭ ئادەتتىكى ئايرىم تەرەپلىرىنى ئەمەس،
بەلكى ئاشۇ ئادەتتىكى ئايرىم تەرەپلىرىنى ئومۇملاـ
شتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ، شەيئىلەرنى تۇرغۇن
ھالەتتە ئەمەس، بەلكى ئۆزگىرىۋاتقان، تەرەققىي
قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆزىتىدۇ، بىرنەچچە پىكىر
يۈرگۈزۈش نۇقتىسى بولىدۇ، باھالاش ئۆلچىمىمۇ
بىرنەچچە خىل بولىدۇ، تەپەككۇر نەتىجىسىمۇ بىرـ
نەچچە خىل بولىدۇ. نەتىجىدە شەيئىلەرنىڭ مەلۇم
بىر تەكشىلىكتىكى سىدام ھالىتىنى ئەمەس، بەلـ
كى تورسىمان باغلىنىشقا ئىگە بولغان سىتېرېئولۇق
كۆرۈنۈشىنى ئۆتتۈشمە ھالەتتە تولۇق يورۇتۇپ بېرىدـ
دۇ.

سىتېرېئولۇق تەپەككۇرنىڭ قوللىنىلىشى
مۇخبىرلىرىمىزنىڭ قاتنىشىش ئېڭىنى كۈچەيتتى،
ئاخباراتچىلىقىمىزنىڭ جامائەت پىكرىگە نازارەتچىـ
لىك قىلىش رولىنى ئاشۇردى ھەمدە مۇخبىرلىرىـ
مىزنىڭ كۆز قارىشىنى يېڭىلىشىنى ئىلگىرى سۈـ
رۈپ، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولـ
دى.

ئىككىنچى، تۇرغۇن ھالەتتىكى تەپەككۇردىن
ھەرىكەت ھالىتىدىكى تەپەككۇرغا قاراپ يۈزلەندى.
تۇرغۇن ھالەتتىكى تەپەككۇر بىر خىل مۇقىملاشـ
قان، قاتمال، ئۆلۈك ھالەتتىكى كونسېرۋاتىپ تەـ
پەككۇر شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇقىملاشقان ئۇـ
قۇم چىقىش نۇقتىسى قىلىنىپ، مۇقىم تەپەككۇر
تەرتىپى بويىچە مۇقىملاشقان تەپەككۇر نەتىجىسىگە
ئېرىشىش نىشان قىلىنىدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇمـ
كى، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان مۇخبىرلىرىمىزنىڭ
شەيئىلەرنى تەرەققىيات نەزىرى بويىچە كۆزىتىشى
كەمچىل بولۇپ كەلدى، شەيئىلەرنىڭ ئەڭ يېڭى
تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ
ھەربىر تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئالاھىدىلىكى ۋە
ئەڭ يېڭى مۇناسىۋەت تورىنى ھەقىقىيلىق بىلەن
يورۇتۇپ بېرىشى، ئالدىن بەلگىلەنگەن ئۆلچەم ۋە
مۇقىم ئىدىيىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى. بۇ
خىل تۇرغۇن تەپەككۇرنىڭ تەسىرىدە مۇخبىرلىرىـ
مىز كۆپىنچە ھاللاردا مەلۇم بىر ۋەقە ئاخىرلاشقانـ
دىن كېيىن مەلۇم بىر شەخس كامالەتكە يەتكەندىن
كېيىن، مەلۇم بىر خىزمەت خۇلاسىلەنگەندىن كېـ
يىن، قىسقىسى شەيئىدىن تولۇق نەتىجە چىقىرىلـ
غاندىن كېيىن پەقەت يەكۈن خاراكتېرلىك بىر
پارچە خەۋەر بېرىشكىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇـ
ۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇرەككەپ شەيئىلەرمۇ ئادـ
دىيلاشتۇرۇۋېتىلدى، شەيئىلەرنىڭ رەڭگارەڭ ئۆزـ
گىرىش ئەگرى - توقاي تەرەققىيات جەريانى مۇخـ
بىرلارنىڭ قەلىمىدىن ساقىت قىلىندى، مۇشتەـ
رىلارمۇ پەقەت شەيئىلەرنىڭ نەتىجىلەنگەن ئۇيۇتما
ھالىتىدىنلا ئۇچۇر ئىگەللىيەلەيدىغان بولۇپ قالـ
دى.

جەمئىيىتىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمى تەـ
بىئىي ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان تۇرغۇن جەمئىـ
يەت قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پۈتكۈل جەمـ
ئىيەتنىڭ تورسىمان ئالاقىسىنى ھەسسىلەپ ئاـ
شۇردى، جەمئىيىتىمىز يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى
يۈزلىنىش، يېڭى مۇناسىۋەت ۋە يېڭى تەرەققىياتلار
بىلەن تولدى. ئاخباراتىمىز شەيئىلەرنىڭ تاكامۇلـ
لاشقان نەتىجىسىنى كۈتۈپ تۇرالمايدىغان تەخىرـ
سىز ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. نەتىجىدە مۇخبىرلىـ

رىمىز تۇرغۇن ھالەتتىكى تەپەككۇردىن ھەرىكەت ھالىتىدىكى تەپەككۇرغا ئۆتتى. ھەرىكەت ھالىتىدىكى تەپەككۇر خەۋەر قىلىش مۇھىتى ۋە خەۋەر قىلىش ئوبيېكتىنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن مۇخبىرلار ئۆزىنىڭ تەپەككۇر تەرتىپى، تەپەككۇر يۆنىلىشى ۋە تەپەككۇر مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، زىيارەت ئوبيېكتىنى ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىش، تەڭشەش، تىزگىنلەش ئارقىلىق خەۋەر نىشانىنى ئۈزلۈكسىز تاللاپ بارىدىغان تەپەككۇر جەريانىدىن ئىبارەت. ھەرىكەت ھالىتىدىكى تەپەككۇر ئۆزگىرىش زامانىۋىلىشىش قەدىمى تېزلىشىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ مۇخبىرلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئىنكاسى بولدى. ئۇنىڭ قوللىنىشى بىلەن يەكۈن شەكلىدىكى خەۋەرچىلىك راۋاجلىنىپ خەۋەر شەكلىگە قاراپ يۈزلەندى، ھەرقانداق بىر يېڭى مەسىلە يېڭى شەيئى ئوتتۇرىغا چىقىشى ھامان مۇخبىرلىرىمىز دەرھال ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ، ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىشقا، ئۈزلۈكسىز خەۋەر بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى نامايان قىلىپ بېرىشكە، بىر پۈتۈن كارتىنىسىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. ياكى ئاق ياكى قارا، ياكى ياخشى ياكى يامان دەپلا مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئىككى قۇتۇپلۇق خەۋەر ئەندىزىسى، شەيئىلەرنىڭ مول، مۇرەككەپ جەريانلىق تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئوبيېكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ياندىشىدىغان بولدى.

ئۈچىنچى، ئوخشاشلىقنى قوغلىشىدىغان تەپەككۇردىن، ئۆزگىچىلىككە ئىنتىلىدىغان تەپەككۇرغا قاراپ يۈزلەندى. ئوخشاشلىقنى قوغلىشىدىغان تەپەككۇر ئىلىمىز مۇخبىرلىرى ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى قوللىنىپ كەلگەن ۋە ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر خىل خىزمەت بىلەن ئۇزاق ۋاقىت شۇغۇللىنىش، مەلۇم بىر تۈردىكى مەسىلىنى دائىم بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئادەت خاراكتېرلىك تەپەككۇرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئىپادىسى شۇ بولدىكى، مۇخبىرلىرىمىز ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغان ياكى يېقىن كېلىدىغان ئوبيېكتلارنى تاللاپ خەۋەر قىلىشقا، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئۆتمۈشتىكى ئەنئەنىۋى تەجرىبىسىدىن ئىزدەشكە، مۇقىملاشقان بىرلا خىل تەرتىپ بويىچە خىزمەت ئېلىپ بېرىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى، قىسقىسى، مۇخبىرلىرىمىزدا «تاپ»تىن چىقىپ، ئەركىن، ئىجادىي پىكىر يۈرگۈزۈش تولىمۇ كەمچىل بولۇپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئەسلىدىكى چۈشەنچە، ئۆلچەم ۋە ئەندىزىلەرگە گۇمان بىلەن قاراپ، خەۋەر ئوبيېكتلىرىنى خىلمۇ خىل تەرەپتىن يورۇتۇشقا، ئۆزگىچە، يېڭىچە تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان ھەم ئىنتىلىدىغان بولدى. مەسىلەن، «شىنجاڭ ئىشچىلىرى گېزىتى»گە بېسىلغان «چوقان سال، ئەي، بىپايان زېمىن» ناملىق ئاخبارات ئەسىرىدە مۇخبىر يۈسۈپجان ئەخمىدى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ تېخنىكا، مەبلەغ ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈشكە دائىر توققۇز ماددىلىق تەدبىرنى تۈزۈپ، سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغان تېخنىك، مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىنلەپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، تەپەككۇرنى دەرھال يەنە بىر نۇقتىغا يۆتكەپ، «سىلەر سىرتتىن كەلگەن (كۈيئوغۇل)، (كېلىن) لەرنى ئەتىۋارلايدىكەنسىلەر، ئۆز ئوغۇل-قىزىڭلارنىچۇ؟» دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

دېمەك، ئۆزگىچىلىككە ئىنتىلىدىغان تەپەككۇر مۇخبىرلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى جەريانىدا ئەسلىدىكى ئۆلچەملەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، پىكىرنى ئوخشاشمايدىغان يۆنىلىش بويىچە كېڭەيتىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل جاۋابقا ئېرىشىدىغان، تېخىمۇ مول ۋە يېڭى ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىجادىيلىققا ئىگە بىر خىل تەپەككۇردىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ① ئۇنىڭدا مۇخبىر بىر مەسىلە ئۈستىدە ئوخشاش بولمىغان يوللار ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزىدۇ، بىر خىل سەۋەبنىڭ خىلمۇ خىل نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، بىر خىل نەتىجىگە خىلمۇ خىل سەۋەبلەر ئاساس بولىدىغانلىقىنى، بىر خىل شەيئىنىڭ خىلمۇ خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولىدىغانلىقىنى، بىر مەسىلىنى خىلمۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆپ خىل سەۋەب، كۆپ خىل نەتىجە، كۆپ خىل شەكىل ۋە كۆپ خىل ئۇسۇل ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ② ئۇنىڭدا مۇخبىر شەيئىلەرنىڭ ھەق - ناھەقلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا تەييار ماتېرىيال ۋە ئۆلچەملەرگە قانائەتلىنىپ قالماستىن، ئەسلىدە بار بولغان تەپەككۇر نەتىجىسىگە شۈبھە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەمدە ماتېرىياللارنى قايتىدىن سېلىشتۇرۇپ يېڭى، ئۆزگىچە قاراش ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. ③ ئادەتكە ئايلانغان پىكىر يۈرگۈزۈش چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقىپ پەرەز، قىياس، باغلىما تەسەۋۋۇر قاتارلىق بىلىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئادەتتىكى كىشىلەر مەسىلە دەپ قارىمىغان شەيئىلەردىن مۇھىم مەسىلىلەرنى بايقاپ، يېڭى جاۋابلارنى ئىزدەشكە تىرىشىدۇ. دې-

مەك، ئۆزگىچىلىككە ئىنتىلىش تەپەككۇرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، مۇخبىرلارنىڭ ئىجادچانلىق روھى زور دەرىجىدە قوزغىتىلدى، سۇبيېكتىپ ئىگىنىڭ پائالىيەتچانلىقى بىر قەدەر ئەركىن زېمىنگە ئىگە بولدى، ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ رىقابەت فۇنكسىيىسى كۈچەيتىلدى.

تۆتىنچى، يەككە يۆنىلىشلىك تەپەككۇردىن قوش يۆنىلىشلىك تەپەككۇرغا قاراپ يۈزلەندى. يەككە يۆنىلىشلىك تەپەككۇر پەقەت تارقاتقۇچىنىڭ مەيدانى ۋە نۇقتىسىدىنلا چىقىش قىلىپ، مۇخبىر پەقەت قوبۇل قىلغۇچىلارغىلا ئۇچۇر سىڭدۈرۈشنى ئاساس قىلىدىغان، مۇشتەرىلارنىڭ قوبۇل قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقى بىلەن قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان بىر خىل تەپەككۇر تىپىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا تارقاتقۇچى بىلەن قوبۇل قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش بولمايدۇ، قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئۇچۇر تارقىتىش جەريانىدا ھېچقانداق رولى بولمايدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ خىل تەپەككۇر ئىلمىزنىڭ ئاخبارات خەۋەرچىلىكىگە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن بىر قىسىم ئاخبارات ئورگانلىرى ۋە مۇخبىرلار ئىچىدە ھېلىمۇ ئۇنىڭ بازىرى يوق دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ مىللىي ئاخباراتچىلىقىمىزدا 40 نەچچە يىلدىن بۇيان قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ رايىنى سىناپ، ئۇلارنىڭ ئاخبارات خەۋەرچىلىكىمىزگە قايتۇرغان ئىنكاسى ھەمدە تەلىپىنى ئىگىلەش ئارقىلىق تەشۋىقات ۋە تارقىتىشنى بىرەر قېتىممۇ تەڭشەش ئېلىپ بارمىغانلىقىمىز بۇنىڭ بىر دەلىلى. چۈنكى بىز، سەن قوبۇل قىلىشىڭلا بىل، مەن تارقىتىمەن، سەن ئوقۇشىڭلا بىل، مەن يازىمەن، سەن ئاڭلاشىڭلا بىل، مەن سۆزلەيمەن دەيدىغان بىر تەرەپلىمە سىڭدۈرۈش ۋە ئالىي ئورۇندا تۇرۇپ پەندى ـ نەسىھەت قىلىش ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدۇق، قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئاخبارات تەشۋىقاتىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ كۈچ ئىكەنلىكىنى، قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ قاتنىشىشى بولماي تۇرۇپ ئاخبارات تارقىتىش پائالىيىتىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى كۆپىنچە ھاللاردا نەزەرگە ئالمىدۇق. نەتىجىدە قوبۇل قىلغۇچىلىرىمىز بىلەن ئاخباراتچىلىقىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى زور ھاڭ شەكىللىنىپ قالغاندى.

ھازىر، مەملىكەت مىقياسىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇخبىرلىرىمىزنىڭ بۇ خىل يەككە يۆنىلىشلىك تەپەككۇرى ھەم تارقاتقۇچىنىڭ ھەم قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلىدىغان قوش يۆنىلىشلىك تەپەككۇرغا قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇ ئالدى بىلەن مۇخبىرلىرىمىز قوبۇل قىلغۇچىلار ئېڭىنى كۈچەيتتى. يەنى مۇخبىرلار خەۋەر ئىگىلەش ۋە تارقىتىشتا قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ تەلىپى ۋە مەنپەئىتىنىمۇ ئويلايدىغان، قوبۇل قىلغۇچىلارنى ئاخبارات تارقىتىش جەريانىدىكى باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان ھەمراھ دەپ ھېسابلايدىغان بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئاخبارات خەۋەرچىلىكى جەريانىدىكى مەسلىھەتلىشىش، سۆزلىشىش ئېڭىنى كۈچەيتتى. ئاخبارات خەۋەرچىلىكىمىزدە تەدرىجىي ھالدا تارقاتقۇچىلار بىلەن قوبۇل قىلغۇچىلار ئۆزئارا ھېسسىيات ۋە پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان، قوبۇل قىلغۇچىلارمۇ تارقىتىش پائالىيىتىگە بىۋاسىتە قاتنىشالايدىغان كەيپىيات شەكىللەندى. رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىلەردىكى قاتنىشىش خاراكتېرلىك پروگراممىلار بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. ئەلۋەتتە.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. چېن شىشۇ: «چوڭقۇرلاپ خەۋەر قىلىش توغرىسىدا» شىنخۇا نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.
2. يۈچۈنخۇا: «ئاخبارات مۇخبىرلىرىنىڭ سىرى» نۇر گېزىتى نەشرىياتى. 1992 ـ يىلى.
3. لى جۇاڭ: «ئاخبارات خەۋەرچىلىكىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر»، «ئاخبارات مۇخبىرلىرى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 4 ـ سان.
4. «مۇخبىرلارنىڭ كۆپ مەنبەلىك تەپەككۇرى» خەلق گېزىتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى.



(پوچتا نومۇرى: 830000)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھۇشۇر ئىدىقۇتى

# ماقالە يېزىقچىلىقى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پەرقى توغرىسىدا

ئابدۇسالام ئابلىز*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ماقالە يېزىقچىلىقى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پەرقلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

摘要:本文简要论述论文写作与文学创作的区别。

**Abstract**: In this article, the writer gave us a brief discription on the differences between the writing of thesis and the creation of literature

ماقالە يېزىقچىلىقى بىلەن ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيىتى كېلىش مەنبەسى، ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يېزىش ئۇسلۇبى، يېزىش ماھارىتى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىجادىي پائالىيەتتىن ئىبارەت.

ماقالە يېزىقچىلىقى بىلەن ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيىتى ئىجادىيەت پىسخىكىسى، ئۇسلۇبى ۋە يېزىلىشى جەھەتتە بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى يول. ماقالە يېزىقچىلىقى بايان، مۇھاكىمە، چۈشەندۈرۈش، تەسۋىرىي ماقالىلەر ۋە خەت - چەكلەردىن ئىبارەت ئادەتتىكى ماقالىلەرنى يېزىشنى، ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنى بايان قىلىپ، ھەقىقىي تەسىراتنى ئىپادىلەشنى كۆرسەتسە، ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيىتى توقۇلما ۋاستىسى ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنە ئۇ مەلۇم ئادەم، مەلۇم ئىش - ۋەقەنى ئاساس قىلىپ يېزىلسىمۇ، ئەمما مۇشۇ ئادەم، مۇشۇ ئىش- ۋەقەنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن: بەلكى تاللاش - ئىلغاش، قوشۇش - كۆپتۈرۈش، بىرلەشتۈرۈش - يۇغۇرۇش، ئۆزگەرتىش ۋە توقۇلما قىلىش ئارقىلىق پېرسوناژ ۋە ۋەقەلەرنى تېخىمۇ تىپىكلەشتۈرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ ۋە ئىش - ۋەقەلەرنىڭ تۇرمۇشتا پىروتوتىپى ۋە ئاساسى بولسىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنى خاتىرىلەپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن، بەلكى ماتېرىيال ئېلىش ۋە تاللاش - تاۋلاش جەھەتتە تېخىمۇ كەڭ تۇرمۇش دائىرىسىنى، تېخىمۇ يۈكسەك ئىدىيىۋى ئەھمىيىتىنى قېزىشنى ئاساس قىلىپ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ مەركەزلىك، تېخىمۇ تىپىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ماقالە يېزىقچىلىقى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تۈپكى پەرقى ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ئىش - ۋەقەنى قانداق يېزىش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئالايلۇق، يازغۇچى

* ئابدۇسالام ئابلىز: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

زوردۇن سابىرنىڭ «ياۋروپاغا ساياھەت» ناملىق ساياھەت خاتىرىسى ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ئىش - ۋەقە ئاساسىدا يېزىلغان، شۇڭا ئۇ ساياھەت ئەھۋالى بايان ماقالىسى بولسا؛ «ئىزدىنىش»، «تۇمان» ۋە «دولان ياشلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا توقۇلما قىلىپ يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماقالە يېزىقچىلىقى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بەزى ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىجادىيەت پىسخىكىسى، مەركىزىي ئىدىيىنى بەلگىلەش، ماتېرىيال تاللاش، قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە تىل ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. باش تېمىسىنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى ئوخشىمايدۇ. ماقالە يېزىقچىلىقىدا ئاپتور ۋەقە ۋە پاكىتنى تەسىرلىنىش ئاساسىدا ئۇنىڭ خاراكتېرى، ئەھمىيىتى توغرىسىدا قايتىدىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇلار نېمە مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ دېگەنلەرنى ئويلىشىپ، ئاندىن كېيىن ماس ھالدا بىر باش تېمىنى ياكى كۆز قاراشنى تاۋلاپ چىقىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ماقالە يېزىقچىلىقىدا باش تېما ئالدىن بېكىتىلمەيدۇ.

مەسىلەن، خەۋەر ماقالىسىدە باش تېما ئالدىن يۈرمەيدۇ، پاكىت مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، پاكىتنى قوبۇل قىلغان ئادەم نۇقتىئىنەزەرنى بىللە قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭدا تاللانغان ۋە بېكىتىلگەن ماتېرىياللاردىن باش تېما ياكى نۇقتىئىنەزەر تاۋلىنىپ چىقىدۇ. دېمەك، ماقالە يېزىقچىلىقىدا مەلۇم شەيئى ۋە ۋەقە - ھادىسىلەردىن تەسىرلىنىش ئاساسىدا ئالدىن باش تېمىنى بېكىتىۋېلىپ ئاندىن شۇ ئاساستا ماتېرىيال تاللىنىدۇ. دېمەك ماقالە يېزىقچىلىقىدا ئالدىن ماتېرىيال تاللىنىپ ئاندىن تېما بېكىتىلىدۇ، ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيىتىدە بولسا ئالدىن تېما بېكىتىلىپ، شۇ تېمىغا ئاساسەن ماتېرىيال تاللىنىدۇ. مەسىلەن، زۇنۇن قادىر فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى، ئېزىلىش ۋە زۇلۇم - كۈلپەتنىڭ ئېغىرلىقىنى، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ساپ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشىگە يول قويمىغانلىقىنى، باي - پومېشچىكلارنىڭ ۋەھشى ۋە ئۆچكۆزلۈكىنى ھېس قىلغانلىقتىن ئۇنىڭدا فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش ئىدىيىسى ۋە كىشىلەرنى ئويغىتىش ئارزۇسى پەيدىنپەي شەكىللەنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «غۇنچەم»، «ماغدۇر كەتكەندە» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. بۇ ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ يارىتىلىشى، ۋەقەلىكنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى شەك - شۈبھىسىزكى، ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىدە ئاۋۋال شەكىللەنگەن باش تېمىنىڭ قوماندانلىقى ئاساسىدا تاللىۋېلىنغان، ئەمما ئۇنىڭ «شەپقەت ھەمشىرىسى»، «ئەخمەتجان قاسىمى» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەلۇم ئادەم، ئىشلاردىن تەسىرلىنىش ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ باش تېمىسى قانداقتۇر ئاپتوردا ئاۋۋال شەكىللەنگەن ئىدىيە ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەمەس، شۇنداقلا ئاشۇ ئەسەرلەردىكى شەخسلەر ۋە ۋەقەلەرمۇ ئاپتوردا ئاۋۋال شەكىللەنگەن ئىدىيە ۋە باش تېمىغا ئاساسەن تاللانغانمۇ ئەمەس. دېمەك، زۇنۇن قادىرنىڭ ئالدىنقى ئەسەرلىرى ئەدەبىي ئەسەرگە، كېيىنكىسى ماقالە تۈرىگە كىرىدۇ.

### 1. يېزىش پىسخىكىسى ئوخشىمايدۇ

ماقالە يېزىقچىلىقىدا ئاپتور ئاساسلىقى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلارنى ياكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شەخسلەرنى، ئىش - ۋەقەلەرنى ۋە ئەمەلىي تەسىراتىنى دەل، توغرا ئىپادىلەشنى چىقىش قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاپتورغا تەسىر قىلغان، ئۇ نەزەر تاشلىغان نەرسە ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئوبيېكتىپ تەسىراتتىن ئىبارەت؛ ماقالىنىڭ ئەكس ئەتتۈرگىنىمۇ ئوبيېكتىپ ۋەقە - پاكىت ۋە تەسىراتتىن ئىبارەت. ماقالە يازغاندا ئاپتور يۇقىرىقى ئىككى تەرەپنى بىرلەشتۈرۈپ، تۇرمۇشنى ھەقىقىي تۈردە قايتا ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيىتىدە بولسا ئاپتور ھەمىشە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتى ۋە ۋاسىتىلىق ئېرىشكەن مۇناسىۋەتلىك پېرسوناژلار ۋە ۋەقەلەرنى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشنى، مەركەزلەشتۈرۈشنى ئويلايدۇ، يەنە دائىم ۋەقەنىڭ تەرەق-

قىياتى ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئاندىن بۇ ئىككىسىنى يۇغۇرۇپ ئىنكاس قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاپتورنىڭ نەزەر تاشلىغىنى، ئۇنىڭغا تەسىر قىلغىنى ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ تەسىراتى بىلەن سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ يازغان ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەكس ئەتتۇرگىنىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، ئۆزگەرتىلگەن، مەركەزلەشتۇرۇلگەن ۋە تىپىكلەشتۇرۇلگەن تۇرمۇش ۋە تەسىراتتىن ئىبارەت. ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئاپتور نىشانىنى بۇ خىل ئايرىلىشىپ - سىڭىشىپ كەتكەن رېئال تەسىراتى بىلەن سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۇرۇپ، ئۇنى بەدىئىي يول بىلەن قايتا ئىپادىلەشكە قارىتىدۇ. ئەگەر ماقالە يېزىشنى رەسىم سىزىشقا ئوخشاتقاندا، ماقالە يېزىش خۇددى تۇرمۇشنىڭ مەلۇم جانلىق مەنزىرىسىنى ئەينەن سىزىشقا ئوخشايدۇ. ئەمما ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيىتى بولسا خۇددى تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرىپىنى تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىجادىي سىزغانغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل پىسخىكا، شۇنداقلا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ماھارەتتىن ئىبارەت.

ماقالە يېزىقچىلىقى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانغانلار ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تازا كىرىشىپ كېتەلمەيدۇ، ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيىتى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانغانلار ماقالە يازغاندا ئەدەبىي ئىجادىيەت پىسخىكىسىنى ۋە ئۇسلۇبىنى پات - پات ماقالە يېزىقچىلىقى پىسخىكىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

يېزىشنى يېڭىدىن ئۆگەنگۈچىلەر، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل يول ۋە ئۇسلۇبنىڭ ئۆزىگە خاس ماھارىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى پىششىق ئىگىلىيەلمىگەچكە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەرنىڭ يازغىنى خەت - چەكلەر ياكى ئادەتتىكى ماقالىلەر بولسىمۇ، ئەمما قۇرۇلمىسى ئەگرى - توقاي، چۇۋالچاق بولۇپ قالىدۇ؛ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەدىئىيلىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ستىلىستىكىلىك ۋاستىلەرنى قوللانغان بولىدۇ؛ بەزىلىرى تىلنىڭ ھەشەمەتلىك، چىرايلىق، نەپىس بولۇشىنى بەكرەك قوغلاشقان بولىدۇ؛ بەزىلىرى ھەتتا ئۇنىڭغا توقۇلما تەركىبلەرنىمۇ قوشۇپ قويغان بولىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ يازغىنى ئەدەبىي ئەسەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنى ئىپادىلەشتىن نېرى كېتەلمەي، تۇرمۇشنى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرالماي قالىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى خىل يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىيالمىغانلىقىدىن بولغان.

## 2. ماتېرىيال ئېلىش مەنبەسى ئوخشىمايدۇ

ماقالە يېزىقچىلىقىدا ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىش - ۋەقە، ھەقىقىي ئەھۋالغا دائىر ماتېرىيال توپلىنىدۇ ۋە تاللىنىدۇ، ئۇنىڭدىكى تىپىك ماتېرىيالمۇ كۆڭۈل قويۇپ تاللاشنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا سۇبيېكتىپ پەرەز - قىياس بولسا بولمايدۇ، ھەقىقىي ئادەم ۋە ئىش - ۋەقەنى ئۆزگەرتىۋېلىپ توقۇلما قىلىشقا، كۆپتۈرۈشكە، مەۋجۇت بولمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى قوشۇشقا بولمايدۇ. ئەمما ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بولسا تۇرمۇش ئەمەلىيىتى، تۇرمۇش چىنلىقىغا خىلاپلىق قىلماسلىق پرىنسىپى ئاساسىدا پېرسوناژلارنى يارىتىپ، ۋەقەلەرنى توقۇپ چىقىشقا بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ماتېرىيالى تۇرمۇش چىنلىقىدىن ئەينەن، ھەقىقىي ئېلىنماستىن، بەلكى تۇرمۇش چىنلىقىغا ئاساسەن كۆڭۈل قويۇپ توقۇپ چىقىلىپ بەدىئىي چىنلىققا ئىگە قىلىنىدۇ.

## 3. ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ئوخشىمايدۇ

ماقالە يېزىقچىلىقىدىمۇ، ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيىتىدىمۇ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە تىل مۇھىم ۋاستە قىلىنىدۇ، ھەر ئىككىسىگىلا جانلىق ۋە مۇناسىپ ئىپادىلەش تەلىپى قويۇلىدۇ. ئەمما ئەدە-

بىي ئىجادىيەتتە ھەمىشە قوللىنىلىدىغىنى بەدىئىي-
لىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئىپادىلەش ئۇسۇل-
لىرى بولۇپ، ئۇلار ماقالىدە نىسبەتەن ئاز قوللى-
نىلىدۇ. مەسىلەن، ماقالە يېزىشتا بېزەش، مۇبا-
لىغە قىلىش ۋە گەۋدىلەندۈرۈشكە ئېتىبار بېرىل-
مەيدۇ. ئادەتتە ئىنچىكە، تەپسىلىي بايان قىلىش،
دولقۇنسىمان ئىپادىلەش دېگەنلەرمۇ كۆپ قوللى-
نىلمايدۇ، ئاڭ ئېقىمى دېگەندەك ئۇسۇللار تېخىمۇ
قوللىنىلمايدۇ. بەدىئىيلىكى ناھايىتى كۈچلۈك
بولغان ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئالايلۇق، جان-
لاندۇرۇش، مۇبالىغە قىلىش، خىتاب قىلىش،
مىتافورا، مىتانومىيىگە ئوخشاش ستىلىستىكىلىق
ۋاستىلەرنىڭ ماقالىلەردە قوللىنىلىشى خېلى زور
چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئىپا-
دىلەش ئۇسۇلى رەڭگا رەڭ ۋە كۆپ بولۇپلا قالماي،
بەلكى ئۇنىڭدا قوللىنىلغان ستىلىستىكىلىق ۋاسى-
تىلەرمۇ ھەم كۆپ ھەم رەڭگا رەڭ بولىدۇ. تىل
ئىشلىتىشكە كەلسەك، توغرا بولۇش، ئېنىق بو-
لۇش، جانلىق، تەسىرلىك بولۇش ماقالە يېزىقچى-
لىقىغىمۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكىمۇ ئوخشاش. ئەمما
ماقالە يېزىقچىلىقىدا تىلنىڭ توغرا بولۇشى، ئىخ-
چام بولۇشى، ئاددىي بولۇشى ۋە چىن - گۈزەل
بولۇشى تېخىمۇ تەكىتلىنىدۇ. بىراق ئەدەبىي ئە-
سەرلەرنىڭ تىلىنىڭ ئوبرازلىق، رەڭگا رەڭ، گۈ-
زەل، تەسىرلىك، ھېسسىياتقا باي بولۇشى تەلەپ
قىلىنىدۇ.

### 4. قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پرىن-سىپى ئوخشىمايدۇ

ماقالە يېزىقچىلىقى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت-
نىڭ قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئىك-
كىلىسىدە قۇرۇلمىنىڭ باش تېمىنى ئىپادىلەشكە،
مەزمۇننى ئېچىپ بېرىشكە پايدىلىق بولۇشى تەلەپ
قىلىنىدۇ. ئىككىلىسىدە تەسۋىرلەنگەن شەيئىنىڭ
ئوبيېكتىپ مەۋجۇت ئىچكى باغلىنىشى ياكى ئىچكى
قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۇيغۇن بولۇ-
شى، پۇختا، تەبىئىي بولۇش قاتارلىقلارغا كۆڭ
سەرپ قىلىنىدۇ. ئەمما ئوخشىمايدىغىنى ماقالى-
لەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەمەلىي ئىشلىتىلىشچانلىقى بىر
قەدەر كۈچلۈك ماقالىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئومۇمەن
ئېيتقاندا، دولقۇنسىمان، ئۆزگىرىشچان، ئەگرى -
توقاي، مۇرەككەپ ۋە قوش لىنىيىلىك بولماس-
تىن، بەلكى تۈز، تەكشى، ئاددىيراق، يىغىنچاق
بولىدۇ، چۈنكى ئۇ پېرسوناژ ۋە ئىش - ۋەقەنى
سەمىمىي - سادىقلىق بىلەن بايان قىلىدۇ ياكى
تەشەببۇس، كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەدە-
بىي ئىجادىيەتتە بولسا، كۆپ ھاللاردا قۇرۇلمىنىڭ
دولقۇنسىمان، ئەگرى - توقاي، ئۆزگىرىشچان بو-
لۇشى تەكىتلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشىلەر ئېستې-
تىك زوق ئالىدىغان بەدىئىي ئەسەر بولغاچقا، ئۇ-
نىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، تۈز - تەكشى بولۇپ
قالسا، كىشىلەرنى قىزىقتۇرالمايدۇ ۋە جەلپ قى-
لالمايدۇ، ئۇلارغا زوق - ھوزۇر بېغىشلىيالمايدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تۆت نۇقتىدىكى ئوخ-
شاشماسلىق ماقالە يېزىقچىلىقى بىلەن ئەدەبىي ئە-
سەر ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارىتا ئېي-
تىلغان. ھەركىمنىڭ كەچۈرمىشى، تەربىيىلىنى-
شى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئېستېتىك قىزىقى-
شى ئوخشىمىغاچقا، ماقالە ۋە ئەدەبىي ئەسەرمۇ
تەبىئىي ھالدا تۈرلۈك ئۇسلۇبتا بولىدۇ. ئەلۋەتتە.


## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. جاڭ شۇكاڭ: «ماقالە ئىلمىدىن ئومۇمىي چۈشەنچە»، شەندۇڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.
2. ليۇ جوڭخۇي: «يېزىقچىلىق»، شەندۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991 - يىلى نەشرى



(پوچتا نومۇرى: 830046)



**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

1998 - يىلى 3 - ئاي　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　19- يىللىق 1- سان
1998 年 3 月　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　第 19 卷第一期

# كونا ۋە يېڭى خامېلېئون ھەققىدە

ئابدۇللا مەتقۇربان*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياشىغان رۇس يازغۇچىسى چېخوۋنىڭ «خامېلېئون» ھېكايىسىدىكى ئوچۇمېلوپ ئوبرازى بىلەن بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «تۈندىكى چاقماق» رومانىدىكى ئابلىز قارى ئوبرازى خاراكتېر تەتقىقاتى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文将维吾尔族当代作家艾拜都拉·伊布拉音的长篇小说《黑夜的闪电》中的文学形象阿布力孜·喀里性格，与19世纪末俄罗斯作家契柯夫短篇小说《变色龙》中奥楚洛夫的性格，从比较文学的角度进行了对比分析。

**Abstract**: In this article the author makes a contrast in comparative literature approach between Ochomolov— the main character in story "Chameleaon" by Chekhov and Abliz Khari — the main character in the story "Lightening at Night" by contemporary Uighur writer Abaydulla Ibrahim.

چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا بەزى خاراكتېرلارنىڭ ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىش ھادىسىلىرى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئەنگلىيە دراماتۇرگى شېكسپىرنىڭ «ۋېنتسىيە سودىگىرى» كومېدىيىسىدىكى شارۇق، فرانسىيە دراماتۇرگى مولېرنىڭ «بېخىل» كومېدىيىسىدىكى ئاباگون، فرانسىيە يازغۇچىسى بالزاكنىڭ «يېۋگېنى گراندى» رومانىدىكى گراندى، روسىيە يازغۇچىسى گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» رومانىدىكى پىلىيۇشكىن گەرچە ئوخشىمىغان مىللەتكە ۋە ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەرگە تەۋە ئوبرازلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرى جازانىخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، بېخىللىق قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى روشەن ئورتاقلىقنى شەكىللەندۈرگەن. ئوخشاش بولمىغان مىللەتكە تەۋە، لېكىن ئوخشاش دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان خاملېت بىلەن دون كىخوتمۇ خاراكتېر جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە. بۇ ئىككى دۇنياۋى تىپنىڭ ئورتاقلىقى جاھاننى جىنايەت كۆچلىرى بىلەن، ئىنسانىيەتكە بالايىئاپەت كەلتۈرۈۋاتقان دېۋە - سېھرىگەرلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن

* ئابدۇللا مەتقۇربان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

دەپ پەرەز قىلىش، شەخسنىڭ كۈچىنى، ئەقىل - پاراستىنى ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغىلاشتۇرۇپ، يەككە - يىگانە كۈرەش يولىغا مېڭىش، جاھاندىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، مەڭگۈلۈك ئەدلى - ئادالەت ئورنىتىشقا ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە بۇ يولدا تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتكە دۇچ كېلىش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، رۇس يازغۇچىسى چىخوپنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى خامېلېئونچە شەخس ئوچۇمىلوپ بىلەن ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئابلىز قارىمۇ خاراكتېر جەھەتتىن خېلىلا روشەن ئورتاقلىق ھاسىل قىلىدىغان ئوبرازلار قاتارىغا كىرىدۇ.

ئانتون پاۋلوۋىچ چىخوپ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا خېلىلا تونۇشلۇق بولغان چەت ئەل يازغۇچىسى، ئۇ يازغان «خامېلېئون» ھېكايىسى ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئوبدان بىلىدىغان چەت ئەل ئەدەبىي ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھېكايىدە ئوبرازى يارىتىلغان خامېلېئون سۈپەت ئوچۇمىلوپ ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدىلا ئۇچرىشىدىغان تۇنجى تۈركۈمدىكى مەشھۇر ئەدەبىي تىپلارنىڭ بىرى. ئۇيغۇر كىتابخانلىرى يەنە يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنى ۋە ئۇنىڭ «تۈندىكى چاقماق» رومانىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. خاراكتېر جەھەتتىن ئوچۇمىلوپقا ئوخشايدىغان ئابلىز قارى ئوبرازى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئاشۇ «تۈندىكى چاقماق» رومانىدا يارىتىلغان.

ئوچۇمىلوپ فېئودال ھەربىي مۇستەبىتلىك تۈزۈم ھۆكۈمرانلىقىدىكى كونا روسىيىدە پەيدا بولغان، توقۇلما قىلىنغان تىپىك ئوبراز. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە زاۋاللىققا يۈزلەنگەن چارپادىشاھ مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ خەلققە قارشى ماھىيىتى ئاشكارىلىنىدۇ. ئابلىز قارى بولسا، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن مەزگىلدە چىرا تارىخىدا مۇھىم رول ئالغان شەخس. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا چىرىنىڭ ئاتا مىراس ھۆكۈمرانى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مەنچىڭ ئىستىبداتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ھەممە بەلگىلىرى تېپىلىدۇ. فېئوداللىق ناتورال ئىگىلىك ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولغان، يۇرت پۇقرالىرى ئېڭىدا بۇ خىل ئىگىلىكنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولغان ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى ئېڭى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئەينى ۋاقىتتىكى چىرىدا ئابلىز قارى بىر تەرەپتىن خەلقنى قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، قۇرغاقچىلىق، ئاغرىق - سىلاق قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن يىللارسېرى ھالى يامانلىشىۋاتقان خەلقنى قاقشىتىپ، ئۆزىنىڭ يەرلىك بەگلىك نوپۇزىنى دائىم پەش قىلىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك ئالامەتلەردىن مانجۇخاننىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن ئۆز بەگلىكىنىڭ يۆلەنچۈكسىز قېلىۋاتقانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ، قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەيۋاتقاندا، چارروسىيىدىن سودا ئاقساقىلى دېگەن يالغان نىقابقا ئورۇلۇپ چىرىغا كەلگەن سېيىت ھاجىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنىڭدىن «ئاقپاشا» نىڭ پۇقرالىق گۇۋاھنامىسىنى سېتىۋالىدۇ. بۇ، ئابلىز قارىدىكى خامېلېئونلۇقنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرىپى ھېسابلىنىدۇ.

خامېلېئونلۇق — پرىنسىپسىزلىققا، مەۋقەدىكى مۇقىمسىزلىققا، پىسخىك تۇراقسىزلىققا، ئۆزىنىڭلا مەنپەئىتىنى ئويلاش، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش، كۈچلۈكلەرگە خۇشامەت قىلىشتىن ئىبارەت غالچىلىق پىسخىكىسىغا قارىتىلغان. بۇ ھەم ئوچۇمىلوپ خاراكتېرىنىڭ ئاچقۇچى ھەم ئابلىز قارى خاراكتېرىنىڭمۇ ئاچقۇچى. چىخوپ «خامېلېئون» ھېكايىسىدە ساقچى ئەمەلدارى ئوچۇمىلوپنىڭ زەرگەر خريۇكىننىڭ قولىنى چىشلىۋالغان ئىتنىڭ ئىگىسىنى سۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا، بۇ ئىتنىڭ گېنېرال ژىگالوپقا تەۋە ياكى تەۋە ئەمەسلىكىنى مۇقىملاشتۇرالماي، قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئۆز مەۋقەسىنى بەش قېتىم ئۆزگەرتكەنلىكى، بەش قېتىمنىڭ ھەممىسىدە 180 گرادۇس بۇرۇلغانلىقىنى يازغان. ئوچۇمىلوپنىڭ نەزەرىدە، دېلوغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئىت ئەگەر گېنېرال ژىگالوپنىڭ ياكى ئۇنىڭ بىرەر تۇغقىنىنىڭ بولسا، ئۇنداقتا جازالانغۇچى ئىت بولماي، بەلكى خريۇكىن بولۇ-

شى كېرەك؛ ناۋادا بۇ ئىت گېنېرال ژگالوپقا ياكى ئۇنىڭ بىرەر تۇغقىنىغا تەۋە بولمىسا، ئاندىن بۇ ئىتنى جازالاش، يوقىتىش كېرەك. مەسىلەن: « ... ياخشى ... كىمنىڭ ئىتى؟ مەن بۇ ئىتنى مۇنداق قالدۇرمايمەن. مەن سىلەرگە ئىتلارنى بوش قويۇۋېتىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىمەن! قارارلارغا بويسۇنۇشنى خالىمايدىغان بۇنداق ئەپەندىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋاقىت يەتتى! ئۇ ئەبلەخلەرگە بىر جەرىمانە سالىدىغان بولسام، كوچىدا تېنەپ يۈرگەن ئىت ۋە باشقا هايۋانلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ! مەن ئۇنىڭغا كۆرسىتىدىغاننى كۆرسىتىمەن![1]» ... ئاردا بىرسى بۇ ئىتنىڭ گېنېرال ژگالوپنىڭ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئ.وچۇملوپ «... ئادەمنىڭ بارمىقىغا كۆچۈكنىڭ بويى قانداق يېتىدۇ؟ ئۇ كىچىككىنە، سەن بولساڭ قانداق زور ئادەمسەن! سەن بەلكى بارمىقىڭنى مىق بىلەن تېشىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن كۆچۈكنى باهانە قىلىۋاتقاندۇرسەن. سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭ ھەممىگە مەلۇم ...» (يۇقىرىقى كىتاب 35 ـ بەت) دەيدۇ. خريۇكىننىڭ ئىنىسىنىڭ ژاندارمىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى، يەنە بىر ساقچىدىن بۇ ئىتنىڭ گېنېرالنىڭ ئەمەسلىكىنى ئاڭلىغان ئوچۇملوپ: «— مەن ئۆزۈممۇ بىلىمەن، گېنېرالنىڭ ئىتلىرى قىممەت باهالىق ئېسىل ئىتلار. مۇشۇمۇ ئىتمۇ! ؟ يە يۈڭى يوق، يە تۇرى ... پەقەت بىر ئېپلاس نەرسە ... شۇنداق ئىتنىمۇ باقامدۇ؟! سىلەردە ئەقىل بارمۇ؟ مۇنداق ئىتنى پېتېربورگ ياكى موسكۋاغا ئاپىرىپ كۆرۈڭلار، نېمە بولىدىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتتا بىلىسىلەر، ئۇ يەردە مۇنداقلارنى قانۇنغا قاراپ تۇرماستىن، بىردىنلا ئۆجۈقتۇرغان بولار ئىدى! سەن، خريۇكىن، خېلى ئازاب چېكىپسەن، سەن بۇ ئىشنى ئېتىبارسىز قالدۇرما! ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك! ۋاقىت يەتتى ...» (يۇقىرىقى كىتاب 36 ـ بەت) دەيدۇ. ئەمدى بۇ دېلونىڭ ئۆردىكىنى ئۇيان، غېرىنى بۇيان قىلىۋېتىم دەپ ئويلىغان ئوچۇملوپ باشقا بىر ساقچىدىن بۇ ئىت «بەلكى گېنېرالنىڭكىدۇ ...» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا، هازىرلا قىلغان گېپىدىن تامامەن يېنىۋېلىپ، يەنە باشقىچە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: «سەن ئىتنى گېنېرالنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ سورا. ئىتنى مېنىڭ تېپىپ ئەۋەتكىنىمنى ئېيتقىن ... ئۇنى كوچىغا چىقارمىسۇن، شۇنىمۇ ئېيت. بەلكى ئۇ قىممەت باهالىق ئىتتۇر، ئەگەر ھەربىر توڭگۇز ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا تاماكىنىڭ چوغىنى يېقىۋېرىدىغان بولسا، ئىت چاپسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئىت دېگەن ئۇ نازۇك هايۋان ... (خريۇكىنغا) سەن ئەخمەق ...... ئۆزۈڭ ئەيىبلىكسەن ...» (يۇقىرىقى كىتاب 37 ـ بەت).

چېخوپنىڭ بۇ ھېكايىسىدە كونا روسىيىدىكى فېئودال ھەربىي مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ خەلققە قاراتقان دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى بىۋاستە تىلغا ئېلىنمىغان ۋە پاش قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن كومېدىيە خاراكتېرىنى ئالغان كىچىككىنە كوچا كۆرۈنۈشى ئارقىلىق ھېچبىر تۇتامى يوق، تۆۋەنگە بېسىم ئىشلىتىپ يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىدىغان ئوچۇملوپنىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان، چارپادىشاھ قولچوماقچىلىرىنىڭ يالاقچىلىق ماھىيىتى ئېچىپ تاشلانغان. ئوچۇملوپ ئادەملىك تەبىئىتىدىن مەھرۇم بولغان، تۆرغان - پۈتكىنى خريۇكىننىڭ قولىنى چىشلىگەن ئىتقىلا ئوخشايدىغان شەخس. ئۇ بىر تەرەپتىن ئەملى ۋە ھەيۋىسىگە تايىنىپ خەلقنى ئەزسە، يەنە بىر تەرەپتىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا خۇشامەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ خامېلېئونلۇق خاراكتېرىنى قەدەممۇ قەدەم ئاشكارىلايدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىدىغان غالچىلىق، كۈچلۈكلەردىن قورقىدىغان قۇلچىلىق بىلەن ئاجىزلارنى قورقۇتۇپ بوزەك قىلىدىغان زومىگەرلىك پسىخىكىسى بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ زەرگەر خريۇكىن ئالدىدا شالىسىنى چېچرىتىپ ھەيۋە قىلغان بىلەن، گېنېرال ژگالوپنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ھامان قورقۇنچتىن بەدەنلىرى سوغۇق تەرگە چۆمىلىدۇ. ئۇ، ھېكايىدە باشتىن ئاياغ ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغان، لېكىن ھەيۋىسى ھېكايىنىڭ ھەممىلا يېرىدە نامايان بولىدىغان گېنېرالنىڭ نامى ئالدىدا

① چېخوپ: «غىلاپ بەندىسى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە 1992 ـ يىلى نەشرى 34 ـ، 35 ـ بەتلەر.

بارغانسېرى كىچىكلەپ غايىپ بولۇپ كېتىۋاتقان-
دەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئەگەر، ئۇچۇمىلوپىنىڭ خامىلىئونلۇق خاراك-
تېرى ئىتنىڭ ئىگىسىنى سۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا
نامايان بولىدۇ دېسەك، ئۇنداقتا، ئابلىز قارىنىڭ
خامىلىئونلۇق خاراكتېرى سېيىت هاجى ئويناپ
چىققان «چېرىك تەكلىپ قىلىش» ئويۇنى ۋە «تۇن-
دىكى چاقماق» رومانىدا ئابلىز قارىغا مۇناسىۋەت-
لىك «مانجۇچە تون» ھېكايىسىدە گەۋدىلىك ھالدا
ئىپادىلىنىدۇ.

ئابلىز قارى قاتمۇ قات تەشۋىش ئىچىدە قې-
لىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەيۋاتقاندا، سېيىت ھا-
جى چىرا زېمىنىدا — ئابلىز قارىنىڭ ھوزۇرىدا
«خۇدايى مېھمان» سۈپىتىدە پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى
«باشپاناھسىز قالغان بۇ يۇرت» ۋە ئابلىز قارىنىڭ
قۇتقازغۇچىسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئابلىز
قارىنى بىر مۇستەقىل قورغان دېسەك، ئۇنداقتا
ئۇ قورغاننىڭ مۇداپىيە سېپىللىرى تامامەن تۇغما
نادانلىق، دىنىي چالا ساۋاتلىق ۋە ئاچكۆزلۈكتىن
پۈتكەن بولۇپ، سېيىت ھاجى بۇ مۇداپىيە سېپىل-
لىرىنى ھېچبىر كۈچىمەيلا بۇزۇپ تاشلايدۇ ۋە
ناھايىتى تېزلا ئابلىز قارىنىڭ مەنىۋى ھۆكۈمرانىغا
ئايلىنىدۇ. ئابلىز قارىنى ئىندەككە كەلتۈرۈش
سېيىت ھاجى سۇيقەستلىك پىلانىنىڭ پەقەت بىر
مۇقەددىمىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساس-
لىق مۇددىئاسى چارپادىشاھنىڭ مۇستەملىكىچىلىك
ئىرادىسى بويىچە چىرىنى مۇقەددەس ۋەتىنىمىزدىن
ئايرىۋېلىپ، ئۇنى چارپادىشاھقا قارام قىلىش ئى-
دى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، سېيىت ھاجى ئاب-
لىز قارىنى ئىندەككە كەلتۈرۈش بىلەنلا قانائەتلەن-
مەيدۇ. سېيىت ھاجى بۇ يۇرتتا كۆپچىلىك پۇقرا-
نىڭ ئابلىز قارىغا ئەمەس، بەلكى مىراب بېگى
سۇپۇرگە ئاخۇنغا ئەگىشىدىغانلىقىنى ھېس قى-
لىپ، سۇپۇرگە ئاخۇن قورغىنىنى پارچىلاش، ۋە-
ھىمە پەيدا قىلىپ، ئۆز «كارامىتى»نى ئىشقا سې-
لىش، شۇ ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ مايىللىقىنى قول-
غا كەلتۈرۈش، بۆلگۈنچىلىك قىلىپ مەقسىتىگە
يېتىش غەرىزىدە كېرىيە ئامبىلغا پارە بېرىپ،
چىرىغا چېرىك ئەۋەتكۈزىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئىنتا-
يىن كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان «ئاقپاشا»نىڭ پۇق-
رالىق گۇۋاھنامىسىنى سېتىش ھىيلىسىنى ئىشقا
سالىدۇ. ئابلىز قارى چېرىك كېلىدىكەن دېگەن
خەۋەردىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ، يېڭى خوجا-
يىنى ئالدىدا تىزلىنىپ يالۋۇرىدۇ: « —
مۆرۈۋۋەتلىك ھاجىم، بىر ئاللاھ ۋە ئۆزلىرىدىن
ئۆزگە يۆلەنچۈكىم يوق، رەھىم قىلىپ، كەمىنىلە-
رىنى باشپاناھلىققا ئالسىلا، ئاتا - بوۋامدىن قال-
غان، ھوشۇقۇمغا چالما تىزىپ يىققان دەپئى -
دۇنيارىم تۈگىشىدىغان بولدى. خۇدا ھەققى، ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ ھەققى، باش - كۆزلىرىنىڭ سەدىقى-
سى ئورنىدا پېقىرغابىريول كۆرسەتسىلە[1] ...».

......

«— قۇل دېسىلە، قۇللىرى بولاي، ماڭغان
يوللىرىنى كۆز يېشىم بىلەن نەمدەپ، ساقىلىم
بىلەن سۈپۈرەي، قادىر ئاللا گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپ-
تۇ، 30 پارە قۇرئان ئالدىدا قىلغان سۆزۈمدىن
تېنىۋالسام، قىيامەت كۈنى گۆرۈمدىن قارا يۈز
بولۇپ تۇراي...» (يۇقىرىقى كىتاب 225- بەت).

يۇقىرىقىلار، چىرا زېمىنىدا نىياز ھېكىمبەگ
زامانىدىن تارتىپ ئاتا مىراس قانلىق قامچىسىنى
ئوينىتىپ كەلگەن زومىگەر ئابلىز قارىنىڭ چايان
تەبىئەتلىك سېيىت ھاجى ئالدىدا ئاشكارىلىغان غال-
چىلىق تەبىئىتى. بۇنداق نومۇسسىز غالچىلىق تۇ-
پەيلىدىن ئابلىز قارى سېيىت ھاجىنىڭ مىللىي
بۆلگۈنچىلىك غەرىزىنىڭ ۋاستىچىسىغا، خەلقنىڭ
دۈشمىنى ۋە مىللەتنىڭ خائىنىغا ئايلىنىپ كېتى-
دۇ. بۇ، ئابلىز قارىدىكى خامىلىئونلۇق كەلتۈ-
رۈپ چىقارغان مۇقەررەر ئاقىۋەت.

يەنە قاراپ باقايلى:

ئابلىز قارى مېڭىبىر يالۋۇرۇشلار بەدىلىگە
سېيىت ھاجىدىن «ئاقپاشا»نىڭ پۇقرالىق گۇۋاھ-
نامىسىنى سېتىۋېلىپ، ئىشەنچلىك ۋە مەڭگۈلۈك
يۆلەنچۈككە ئېرىشتىم دەپ تېرىسىگە سىغمايۋاتقان
ۋاقىتتا

«— كېرىيىنىڭ ئالتىنچى جەرىكىلىك چې-
رىكچى ئامبىلى جۇدارىن كەلدى!

---

[1] ئەبەيدۇللا ئىبراھىم: «تۇندىكى چاقماق»، شىنجاڭ
ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى 224- بەت

— ھەم، جۇدارىن كەپتۇمۇ؟ — دېدى ئابلىز قارى رەسمىيەت ئۈچۈن كۆرۈشۈپ قويماقچى بولۇپ، چىرىك باشلىقىنىڭ ئالدىغا كەلدى، — ھە، نېمە خىزمەت دارىن جانابلىرى؟

......

ئابلىز قارى چىرىكچى ئامبالنىڭ ئالدىدا قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتتىگەنكى ھالىدىن (سېيىت ھاجى ئالدىدا تىزلىنىپ يالۋۇرۇشلىرىدىن) ئەسەرمۇ قالمىغان، خۇددى رەھمەتكە سۆزلىگەندەك، دىمىغىدىلا گەپ قىلاتتى.

— كەمىنە چىرىكچى ئامبال، كىرىيە ئامبىلىنىڭ يارلىقى بىلەن يېتىپ كەلدىم.

— قېنى، يارلىقنى ئوقۇڭ!» (يۇقىرىقى كىتاب 231 - بەت).

......

«يارلىقنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان تۆت بۇرجەك يوغان مۆھۈرنى كۆرگەن ئابلىز قارىنىڭ چىرايى يەنە قانسىرتىلغان ئۆپكىدەك ئۆڭدى، ئۇ بىردەم چىرىكچى ئامبالغا، بىردەم ھاپىز مەخسۇمغا قاراپ ئالاقزادە بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. بايامقى تولۇق مۇئامىلىسى ئەمدى قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك، چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئىگىسىگە ئەركىلىگەن مۈشۈكتەك سۈۋۈنغىلى تۇردى:

— جۇدارىن، جۇدارىن ...» (يۇقىرىقى كىتاب 232 - بەت).

بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭغا سېيىت ھاجىنىڭ ئارىلىششى بىلەن ئابلىز قارىغا قايتىدىن جان كىردى، ئۇ «سەللىسىنىڭ قېتىدىن سىياسى ئەمدىلا قۇرۇغان گۇۋاھنامىنى چىقاردى ۋە بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، چىرىكچى ئامبالغا ھۆركىرىدى:

— مانا بۇ ئىسپات، پېقىر تۇغۇلما ئاقپاشا پۇقراسى، ماڭا خاقانى چىننىڭ ئەمرىنى تۇتماق جايىز ئەمەس، شۇنداقمۇ جۇدارىن!» (يۇقىرىقى كىتاب 234 - بەت).

يۇقىرىقى قۇرلاردا ئابلىز قارى ئۆز مەۋقەسىنى قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم ئۆزگەرتىشكە ئۈلگۈرىدۇ. قىسقا ۋاقىتتا ئۆز مەۋقەسىنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەت بىلەن بۇنداق تېز ئۆزگەرتىش، پەقەت نومۇس دېگەننى بىلمەيدىغان ئابلىز قارىدەك ئۇتامى يوق، غالچا تەبىئەتلىك ئادەملەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. بۇ، ئابلىز قارى خاراكتېرىگە ماس بولغان، ئۇنىڭدىكى چېچىلاڭغۇلۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان خامىلىئونلۇقتىن ئىبارەت.

«تۇندىكى چاقماق» رومانىدىكى قويۇق رىۋايەت ۋە قىسمەن ئەپسانىۋى تۈس بېرىلگەن «ھاسا تېرەك ھېكايىسى» سوپۇرگە ئاخۇننىڭ، «قارچۇغا ھەققىدىكى ھېكايە» سېيىت ھاجىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىكى «مانجۇچە تون» ھېكايىسى ئابلىز قارىنىڭ خاراكتېرىنى روشەنلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، «مانجۇچە تون» ھېكايىسى ناھايىتى قويۇق كومېدىيە تۈسىگە ئىگە بولۇپ، ئەسەرگە ئۆزگىچە كەيپىيات بەخش ئېتىدۇ.

ئابلىز قارىنىڭ چىرىغا بەگ بولغان ۋاقتى تەخمىنەن خوتەندە نىياز ھېكىمبەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە ۋە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن مانجۇلار قايتا كەلگەن دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. ياقۇپبەگ خوتەنگە كېلىشتىن ئىلگىرىلا مانجۇلارنىڭ يالىقىنى يالىغان ئابلىز قارى ۋە ئۇنىڭ دادىسى نىياز ھېكىمبەگ زاماندا ھېلىقى يالاقنى چىقىۋېتىپ، «مانجۇلار ئۇنداقچى، مانجۇلار مۇنداقچى» دەپ ۋايسىغان. مانجۇلار خوتەنگە قايتا كەلگەندە بولسا، يەنە بىر دومىلاپلا يېڭى كەلگەن مانجۇلارغا بېقىنغان، ئۇلارغا يالاقچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، يەتتىنچى جەرىكدىلىك بەگ مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. «مانجۇلار ھەدىيە قىلغان دۈردۈن پەرىجە بىلەن پەيلىك تەقىينى كىيىپ، ساقال - بۇرۇتىنى تامامەن قىرىپ تاشلاپ، مەرتىۋە مۆھرىنى كاتتا زىننەتلەنگەن تەختىراۋانغا ئېلىپ، يۇرتمۇ - يۇرت كۆز - كۆز قىلىپ يۈرگەندە، ئۆزىنى ھەقىقەتەن ئامەتلىك، تەڭدىشى يوق زات دەپ ھېسابلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، مانجۇلارغا ۋاپا يۈزىسىدىن ساداقەت كۆرسىتىپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان. يۈز بېشىدىن مىڭبېشىغىچە بولغان ئەمەلدارلارغا مانجۇچە پەرىجە كىيىشنى، ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەندە بىر يۈتى بى-

لەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇشنى بۇيرىغان...» (يۇقىرىدىقى كىتاب 96-، 97-بەتلەر) ئەمدىلىكتە سېيىت هاجىنى كۆرۈپلا ئۇ مانجۇچە تونىنى ۋاقىتىنچە سېلىپ تاشلىغان. مانا هازىر ئابلىز قارى سېيىت هاجىنىڭ كارامىتى — ئۇ سېتىپ بەرگەن «ئاقپاشا»نىڭ پۇقرالىق گۇۋاهنامىسىنىڭ خاسىيىتى تۈپەيلىدىن ئامان قالغاندا، كاتتا چاي راسلاپ، سېيىت هاجىنىڭ «شاپائىتى»گە مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكچى بولىدۇ.

«جاپپار موللا چىقىپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز بىر ئىشنى يادىغا ئالغاندەك كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئابلىز قارىدىن سورىدى:

— قارىم، مېهمانلارنىڭ ئالدىغا مانجۇچە پەرىجە، تەقىي كىيىپ چىقامدىلا ياكى—... يوق يېمە! ئابلىز قارى هەرە چېقىۋالغاندەك سەكرەپ كەتتى ۋە بىگىزدەك ئىنچىكە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى غوجىدارنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىغا تاقاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى. — قايسى زاماننىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن دۆت؟! ئاشۇنداق سەت بىر نېمىلەرنى كىيگىلى مېنى ئېلىشىپ قالدى دەپ ئويلاۋاتامسەن-يا؟

بېشىدىن بىر قاپاق سۇنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتكەندەك چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ ئۈلگۈرگەن غوجىدار دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— خاپا بولمىسىلا بېگىم، بىلمەسلىكىم، ئۇنى هەزرەتلىرى كىيىپ قالسا تەقلەپ قوياي دېۋىدىم، ئۇنداقتا بۇ سەت نېمىنى مالايلارغا تاشلاپ بېرەيلى، بوزۇپ خوتۇنلىرىغا ئىشتان تىكىپ بەرسۇن، — دېدى ئابلىز قارىغا يېلىنغان قىياپەتتە.

يېرىلىپ كەتكۈدەك چىڭقالغان ئابلىز قارى باياتىنقىدىنمۇ بەكرەك تېرىكىپ ۋارقىرىدى:

— نېمە دەپ جۆيلۈيسەن نانقېپى!؟ بەگلەر كىيىدىغان ئۈستىباشتا مالايلار ئىشتان تىكىپ كىيسۇن دەمسىنا؟

— بەربىر سىلى كىيمىگەندىن كېيىن دەيمىنا...

— كىم ساڭا كىيمەيمەن دەپتۇ سارالڭ، تولا ئۇستاتلىق قىلماي، ئۇنى ئوبدان قاتلاپ ساندۇققا سېلىپ قوي، چىرىكلەر دەرۋازامنىڭ ئالدىدىن كەتكىنى بىلەن ئىلچىدىن كەتتىمۇ-يا؟

— كەتمىدى، بېگىم، كەتمىدى ...

ئابلىز قارى تورۇسقا سەپسېلىپ، شالاڭ ساقىلىنى سىيلاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە تۇيۇقسىز:

— هە، بىلدىم، دۈردۈن ئەڭلىمنى مالايلارغا ئىشتان قىلىپ كىيگۈزۈپ قويۇپ، مانجۇلارغا مېنى شۇنداق قىلدى دەپ چاقماقچى بوپسەن-دە تۇزكور! بىلىپ قوي، مانجۇلارغا گەپ توشۇيدىكەنسەن، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، بازارمۇ بازار سازايى قىلىمەن ... — دېدى» (يۇقىرىقى كىتاب 254-، 255-بەتلەر).

يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئابلىز قارىنىڭ خاراكتېرى پۇرسەتپەرەسلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك، غالچىلىق ۋە زومىگەرلىك پەلسەپىسىنى مەزمۇن قىلغان تۈتامى يوق-چېچىلاڭغۇ خاراكتېردىن ئىبارەت.

ئوچۇملوپنىڭ خامېلىئونلۇقى، ئۇنىڭدىكى نادانلىق ۋە «كاتتا ئەربابلار»دىن قورقۇش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. ئوچۇملوپ گەرچە زەرگەر خىريۇكىن ئالدىدا هەيۋە قىلغىنى بىلەن، هوقۇق ۋە نوپۇزنىڭ كۈچى هەممىگە قادىر بولغان فېئودال كونا روسىيەدە گېنېرال ژگالوپتەك «كاتتا ئەرباب»لار ئالدىدا يەنە هېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىچارە چۈپرەندى ئىدى. كونا روسىيەدە «كاتتا ئەرباب»لارنىڭ ئىرادىسى قانۇن بولۇپ، ئوچۇملوپ ئاشۇلارنىڭ ئىرادىسى بويىچىلا ئىش قىلالايتتىكى، هەتتا ئۇلارنىڭ قوتۇر ئىتلىرىنىڭ بىرەر تال مويىغىمۇ تېگەلمەيتتى، بەلكى هەممىلا يەردە «كاتتا ئەرباب»لارغا ۋە ئۇلارنىڭ نوپۇزىغا باش ئۇرۇپ، خۇشامەت قىلىشقىلا هوقۇقلۇق ئىدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ئوچۇملوپ هەممە نېمىسىدىن — مۇهىمى كىچىككىنە ئەمەلىدىن مەهرۇم بولاتتى، ئوچۇملوپ ئۈچۈن ئەمەلىدىن مەهرۇم قېلىش، جاندىن مەهرۇم قېلىش بىلەن باراۋەر ئىدى. «كاتتا ئەرباب»لارنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى بوزەك قىلىشى ئومۇميۈزلۈك هادىسىگە ئايلانغان بۇنداق نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي كەيپىيات ئوچۇملوپنىڭ قەلبىدىن بارلىق ئادالەت تۇيغۇلىرىنى تامامەن سۇ-

پۈرۈپ تاشلىغانىدى. دېمەك، ئوچۇملوپتىكى خامىلىئونلۇق تەسادىپىي شەكىللەنگەن ئەمەس، ئۇنىڭغا دەۋرنىڭ ۋە ئوچۇملوپ تەۋە بولغان ئەزگۈچى سىنىپنىڭ تامغىسى ناھايىتى روشەن بېسىلغان.

ئابلىز قارى خوتەن تەۋەسىدە سىياسىي ھاكىمىيەت مانجۇلار بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ئوتتۇرىسىدا ئويۇنچۇقتەك ئالمىشىپ تۇرغان، كېيىنچە چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغان مۇھىم بىر پەيتتە چىرىغا بەگ بولغان، سىياسىي ھاكىمىيەتتىكى تۇراقسىزلىق سىياسىي ۋەزىيەتتىكى تۇراقسىزلىقنى پەيدا قىلغان، سىياسىي ۋەزىيەتتىكى تۇراقسىزلىق بولسا، بەگلىك مەرتىۋىسىنى پۇقرالارغا زومىگەرلىك قىلىش، ئۆزىنى سەمرىتىشنىڭلا ۋاستىسى دەپ قارايدىغان ئابلىز قارىدا ئۆزىنىڭ بەگلىك مەرتىۋىسىگە نىسبەتەن ئەنسىرەش قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن. ئابلىز قارىنىڭ ئۆز مەرتىۋىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەندىشىسىدە بولۇشى يوللۇق ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بەگلىك مەرتىۋىسى ۋە نوپۇزى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە تامامەن قارشى بولغاچقا، خەلق بۇ بەگنى ھىمايە قىلمايتتى. خەلق ھىمايە قىلمىغان ھەرقانداق نوپۇزنىڭ ئۆمرى ھامان قىسقا بولاتتى. بۇ بىر تارىخىي قانۇنىيەت ۋە تالاي قېتىم ئىسپاتلانغان تارىخىي ھەقىقەت. ئابلىز قارى ئۆزىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايە قىلمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنالمىغىنى بىلەن، بەگلىك مەرتىۋىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەندىشىسىدىن قۇتۇلالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا كۆچلۈكلەرگە بېقىنىپ جان باقىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئابلىز قارىدا ئۆزى بەگلىك قىلىۋاتقان يۇرت پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، خالىغىنىنى قىلىدىغان، زومىگەرلىك بىلەن كۈچلۈكلەر ئالدىدا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، ئۇلارنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان غالچىلىق بىر خىل پىسخىك ئامىل سۈپىتىدە ئۇنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن. نەتىجىدە ئابلىز قارىمۇ ئوچۇملوپقا ئوخشاش ئېنىق مەيدانى ياكى تۇتامى يوق، شامالغا قاراپ ئارا ئاتىدىغان كەمكۈتىسىز خامىلىئونغا ئايلانغان. خۇددى ئوچۇملوپقا ئوخشاش، ئابلىز قارىمۇ يۇرت پۇقرالىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ بەگلىك مەرتىۋىسىنى پەش قىلىپ ھۆركىرىگىنى بىلەن، سېپىت ھاجىدەكلەرنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا ئۇ سېپىت ھاجىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا دەسلەپتە ئەينى ۋاقىتتا چىرىدا خېلىلا چوڭ مەرتىۋە ھېسابلانغان ئاقمەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى، كېيىنچە قېرى قىزى بۇۋىمەرىيەم خېنىمنى سوۋغا قىلىدۇ. دېمەك، ئابلىز قارىمۇ ئاجىزنى بوزەك قىلىپ، يامانغا يانتاياق بولىدىغان خامېلىئون، ئۇنىڭ بۇنداق خامېلىئونلۇقى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى يۇرت خەلقىنىڭ دۈشمىنىگە، ۋەتەن خائىنىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر ئوچۇملوپتىكى خامېلىئونلۇق زومىگەرلىك ۋە غالچىلىقتىلا توختاپ قالغان دېسەك، ئابلىز قارىدىكى خامېلىئونلۇق زومىگەرلىك ۋە غالچىلىقتىنمۇ ھالقىپ، ئابلىز قارىنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولمايدىغان خەتەرلىك ھاڭغا تاشلايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن، ئىككى خىل مىللەتكە تەۋە بولغان ئوچۇملوپ بىلەن ئابلىز قارى خامېلىئونلۇقتىن ئىبارەت بىر خىل خاراكتېر ئورتاقلىقىغا ئىگە. ئۇلاردىكى بۇنداق ئورتاقلىقنىڭ مەيلى كونا روسىيىدە، ياكى كونا جۇڭگودا بولسۇن چوڭقۇر تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى بار. ئوچۇملوپ بىلەن ئابلىز قارى خامېلىئونلۇقىنىڭ ئومۇرتقىسى شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس شەخسىيىتىنىلا كۆزلىگەنلىكتىن ئاينىپ، ئىنسانلىقتىن تامامەن مەھرۇم بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن بىرى چار پادىشاھنىڭ سادىق ئىتىغا، يەنە بىرى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ۋە ۋەتەننىڭ خائىنىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئوچۇملوپنىڭ ۋۇجۇدىدىن كونا روسىيىدىكى مۇستەبىتلىك تۈزۈمنىڭ ئادەمنى ھايۋانغا ئۆزگەرتىۋەتكەن رەزىللىكىنى، ئابلىز قارىنىڭ ۋۇجۇدىدىن كونا جۇڭگودىكى چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئادەمنى ئىنسان قېلىپىدىن چىقىرىۋەتكەن جىنايىتىنى تونۇۋې-

ـلشقا بولـدۇ. ئوچۇمـلوپ بـلـەن ئابلـز قارى
هامان ئىشەنچسىز كىشىلەر بولۇپ، ئۇلاردىن بىـ
ـرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى تەلەپ قىلىش
قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار نورمال ئىجتىمائىي
كەيپىياتنى بۇزۇپ جىنايەت پەيدا قىلىدىغان يامان
سۇپەتلىك ئۇسسىلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنداقـ
ـلارغا ھەرگىز رەھىم قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ، ئوـ
چۇمىلوپ ۋە ئابلىز قارى ئوبرازلىرى ئىپادىلىگەن
مەزمۇن.

مەيلى ئوچۇمىلوپ ياكى ئابلىز قارى ئوبرازى
بولسۇن ھەر ئىككىسى يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتـ
ـكە ئىگە. ئوچۇمىلوپ خرېۇكىننىڭ قولىنى چىشـ
ـلىگەن ئىتنىڭ ئىگىسىنى سۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا
بىر ھەجۋىي كومېدىيىنىڭ باش رولىنى ئېلىپ،
ئەسەردە باشتىن ئاخىرى كىتابخانلارنىڭ مەسخىرە
ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىتنىڭ ئىگىسىنى
سۈرۈشتۈرۈش جەريانى ئىنتايىن قىسقا بولسىمۇ،
ئوچۇمىلوپ ئاشۇ قىسقا ۋاقىتتا ئۆز مەۋقەسىنى
بەش قېتىم ئۆزگەرتىدۇ، ھەربىر قېتىمقى ئۆزگىـ
ـرىش ئىلگىرىكىسىنىڭ تامامەن ئەكسى بولغان،
ئىنتايىن قېنىق ھالەتتىكى رەڭ ئۆزگىرىشىدە ئىـ
ـپادىلىنىدۇ، ھەم ناھايىتى قاتتىق كۈلكە پەيدا قىـ
ـلىدۇ. چېخوپ كىتابخانلاردا پەيدا بولغان ئاشۇنداق
قاتتىق كۈلكە سادالىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ بۇ ئوبـ
ـرازغا قاراتقان ئاچچىق مەسخىرە ۋە كۈچلۈك تەنقىد
مەقسىتىنگە يېتىدۇ. «تۇندىكى چاقماق» رومانىدىـ
ـمۇ ئابلىز قارى پەيدا بولغانلىكى جايدا قويۇق كوـ
ـمېدىيىلىك كەيپىيات ھاسىل بولىدۇ، بۇنداق چاغـ
ـدا ئابلىز قارى ئۆزىدىكى نادانلىق، خاراكتېرىدىكى
تۇراقسىزلىق ئارقىلىق ھامان ھەجۋىي ئوبيېكتقا
ئايلىنىپ، قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. يازغۇچى
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بۇ شەخستىكى زومىگەرلىك
تەبىئىتى، نادانلىق ۋە خاراكتېرىدىكى چېچىلاڭغۇـ
ـلۇقنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلاش ئارقىلىق ئۇنى
ھەجۋىي قامچىسى بىلەن قاتتىق قامچىلايدۇ. ئوچۇـ
ـمىلوپ بىلەن ئابلىز قارى خاراكتېرىدىكى كىشىنى
ھەيران قالدۇرىدىغان بۇنداق ئوخشاشلىق —
خامېلېئونلۇق، رۇس يازغۇچىسى چېخوپ بىلەن
ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ھاياتـ
ـنى، ئادەملەرنىڭ مىجەز - خۇلقى ۋە پسىخىكىسىـ
ـنى كۆزىتىش نۇقتىلىرىنىڭ ئوخشاپ كەتكەنلىكىـ
ـنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ ھال كىتابخاننى چوڭـ
ـقۇر ئويغا سالىدۇ ۋە خېلىلا قايىل قىلىدۇ. ئىككى
ئوبراز خاراكتېرىدىكى بۇنداق ئوخشاشلىق يەنە ئۆز
نۆۋىتىدە ئىنسان تەبىئىتىدىكى نۇرغۇن روھىي ۋە
پسىخىك ئامىللارنىڭ ھەممە مىللەتكە ئورتاق ئىـ
ـكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


① چېخوپ: «غىلاپ بەندىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② ئەبەيدۇللا ئىبراھىم: «تۇندىكى چاقماق»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى.

③ ئابدۇللا مەنقۇربان: «زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 - يىلى نەشرى.

④ 王中祥等:《外国文学教程》(中)湖南教育出版社长沙 1985 年出版。

⑤ 《俄苏文学名家》黑龙江人民出版社哈尔滨 1984 年出版



(پوچتا نومۇرى: 830046)



تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

1998 - يىلى 3 - ئاي　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　19- يىللىق 1- سان
1998 年 3 月　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　第 19 卷第一期

# «4 - ماي» ھەرىكىتى ۋە ئاياللار ئازادلىقى

ئابدۇشۈكۈر مۇللەك*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسى ۋە بۇ يېڭى تارىخىي يۈزلىنىشنىڭ شۇ دەۋر ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：** 本文论述在“五. 四运动”提出的妇女解放问题以及这个新的历史趋势在当时文学创作中的表达特点。

**Abstract:** This article is about the women's liberation activities and some related matters during this special period — “May 4” Movement. It also discusses the features of this new historical trend expressed in literary works at that time.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرى پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە قىلىنغۇچى خەلقلەر ئۈچۈن مەدەنىيەت - ئىقتىساد ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتلەردە يېڭى بىر بۇرۇلۇش دەۋرى بولدى. ئېزىلىش ۋە خورلۇققا ئۇچرىغان نۇرغۇنلىغان ئەل خەلقلىرى مەدەنىيەت، ئەدەبىيات- سەنئەت ساھەسىدە ئۆز مىللىي تىلى ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى جەڭگىۋار كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇشۇ باسقۇچتىكى ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە جۇڭخۇا مىللەتلىرىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئۆزىنىڭ يېڭى تەرەققىيات دەۋرىنى ئېچىپ، نەچچە مىڭ يىل داۋام قىلىپ كەلگەن فېئوداللىق مەدەنىيەت، ئەخلاق، ئەدەبىيات ۋە دىنىي كۆز قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى. «4- ماي» نى بەلگە قىلغان يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتى دەل بۇ خىل تارىخىي يۈزلىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى.

مەلۇمكى، «4 - ماي» مەدەنىيەت ھەرىكىتى جۇڭگونىڭ يېقىنقى يۈز يىللىق تارىخىدا بارلىققا كەلگەن كەڭ دائىرىلىك ئىدىيە ئازادلىق ھەرىكىتى بولۇپ، ماھىيەتتە شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تولۇقلىمىسى بولۇش سۈپى-

* ئابدۇشۈكۈر مۇللەك: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

تى بىلەن دېموكراتىيە ۋە ئىلىم - پەننى بايراق
قىلىپ، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى
تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى سۈپىتىدە تونۇپ،
ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى
ئەدەبىيات ھەرىكىتىگە يېڭىچە مەزمۇن ۋە يېڭىچە
تېما ئاتا قىلدى. يولداش ماۋزېدۇڭ «4 - ماي»
ھەرىكىتىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توخ-
تىلىپ: « ‹4 - ماي› ھەرىكىتى جاھانگىرلىككە
قارشى ھەرىكەت، شۇنىڭدەك فېئودالىزمغا قارشى
ھەرىكەت. ‹4 - ماي› ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدە تارى-
خىي ئەھمىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، ئۇ
شىنخەي ئىنقىلابىدا بولۇپ باقمىغان قىياپەتكە ئىگە
ئىدى. ئۇنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئىزچىل ۋە
مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلغانلىقى ئەنە شۇنى كۆر-
سىتىدۇ»① دېگەنىدى. فېئودالىزمغا ۋە جاھانگىر-
لىككە قارشى تۇرۇش ئەمەلىيەتتە ماكان ۋە زامان
جەھەتتىن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ۋە دائىرنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما «4 - ماي» ھەرى-
كىتىلا ئۇزۇن مۇددەت فېئودالىق ئاسارەتنىڭ ئې-
غىر بېسىمى ئاستىدا ياشاپ كېلىۋاتقان كەڭ مېھ-
نەتكەشلەرنى ئىدىيە جەھەتتىن ئويغىتىپ، ئۇلار-
نىڭ روھىي قىياپىتىنى كۆتۈرۈشتە باشتىن - ئاياغ
ئۇزۇل - كېسىللىكنى نامايان قىلدى. مانا بۇ «4
- ماي» ھەرىكىتىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھەرقانداق
ھەرىكەتتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى.
«4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئەدەبى-
يات ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ،
ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسى ئۇنىڭ مۇھىم مەز-
مۇنلىرىدىن بىرى بولدى. چۈنكى، جۇڭگو خەلقى
فېئودالىق ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ مۇھىم تۈۋرىكى
بولغان فېئودالىق ئەخلاقىنىڭ ئىسكەنجىسىدە ناھا-
يىتى ئۇزۇن مەزگىل ياشىغاچقا، ئىلاھىي ھاكىمى-
يەت ۋە خانلىق ھاكىمىيەتكە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش
ئۇلارنىڭ ئىلىكىگىچە سىڭىپ كېتىپ، ماددىي ۋە
مەنىۋى جەھەتتىن زەيىپلىشىپ، نادانلىق پاتقىقىغا
پېتىپ كەتكەنىدى. بۇ خىل بەختسىز قىسمەتكە
ئەڭ ئاۋۋال ۋە ئەڭ چوڭقۇر ئۇچرىغۇچىلار ئاياللار
بولۇپ كەلدى. «تارىختا دۆلەتنىڭ ھالاكىتىگە، ئا-
ئىلىنىڭ خارابلىققا ئۇچرىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ھە-
مىشە خوتۇن - قىزلارغا يۈكلەپ قويۇلغان»②
لىقتىن «جاھان ئەھلىنىڭ جىنايەتلىرىنى خوتۇن-
قىزلارنىڭ نادانلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ۋەكالىتەن
ئېلىپ كېلىۋاتقىنىغا ئۈچ مىڭ يىلدىن ئېشىپ كەت-
تى» .③ ئاياللار ھايات چېغىدا ئۇرۇقداشلىق ھا-
كىمىيىتى ۋە ئەرلەر ھاكىمىيىتىنىڭ خورلىشىغا
ۋە دەپسەندە قىلىنىشىغا ئۇچرىغان بولسا، بىر ئۆمۈر
مەھكۇملۇقتا ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئى-
لاھىي ھاكىمىيەت ئۇلارنى يەنە «چىدىغۇسىز دەرى-
جىدە قىيىن قىستاققا» ئالدى. مانا بۇ خىل كاللا
كېسەر فېئودالىق ئەخلاق مىزانلىرى ئۇزاق تا-
رىختىن بۇيان كۆپ قېتىم ئىنكار قىلىنغان بولسى-
مۇ، ئەمما ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى
چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن ھەقىقىي تۈردە يېڭى بىر
پىكىر ئېقىمىغا ئايلىنىپ ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇنىڭ
بىلەن ئەرلەر ئېزىز، ئاياللار خار دەپ قارايدىغان
ئەنئەنىۋى قاراش يەنىلا ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قې-
لىۋەردى. تارىخ تەرەققىياتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20
- يىللىرىغا كەلگەندە ئاندىن بۇ خىل ھالەتكە ھەقى-
قىي تۈردە جەڭ ئېلان قىلىپ، بۇ خىل سۈكۈت
ۋە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى.
مۇئەييەن مەدەنىيەت — مۇئەييەن جەمئىيەت
سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتى-
كى ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ يەنە مۇئەييەن جەمئىيەت-
نىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادى ئۈچۈن خىزمەت قى-
لىدۇ. سىياسىي ساھەدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر مە-
دەنىيەت ساھەسىدە يېڭى زور ئۆزگىرىشلەرنى بار-
لىققا كەلتۈرىدۇ. يېڭى سىياسىي ئىنقىلاب يېڭى
مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئۆزىگە ئىدىيە جەھەتتىن
يول ئېچىپ بېرىشكە مۇھتاج بولىدۇ. مەلۇم مەنى-
دىن ئېيتقاندا، يېڭى مەدەنىيەت ئىنقىلابى بولماي
تۇرۇپ، يېڭى سىياسىي ئىنقىلابنىڭ بولۇشى مۇم-
كىن ئەمەس. «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرى-
كىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان ئەدەبىيات
- سەنئەت ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ خىل يې-
ڭىلىققا ئەڭ بۇرۇن ماسلىشىپ، مۇرەسسەسىز
كۈرەش ئېلىپ بارغان بىر مۇھىم ئىدىيىۋى ئىنقى-
لاب بولدى. بىر قىسىم يېڭى دېموكراتىك ئىدىيى-
گە ئىگە يازغۇچىلار فېئودالىق مەدەنىيەتنى، ئەخ-

لاقنى پاش قىلىش بىلەن بىرگە ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسىنى كونكرېت ئوبراز ۋە سىياسىي مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەڭ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ، كىشىلەرنى ئويغىتىش ۋە يېتەكلەش ئارقىلىق ئاياللار ئازادلىقىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى يورۇتۇپ بېرىپ، ئاياللار ئازادلىقىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشتا قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر قەدەر روشەن كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ، بولۇپمۇ ئەرلەر ھاكىمىيىتىنىڭ ئاياللارنى مەنىۋى جەھەتتىن دەھشەتلىك ئېزىپ، ئۇلارنى ئىنتائەتمەن قۇلغا ئايلاندۇرغانلىق جىنايەتلىرىنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق پۈتكۈل فېئوداللىق تۈزۈمىنى ئىنكار قىلىش «4 ـ ماي» مەزگىلىدىكى ئاياللار ئازادلىقى ئۇسىتىدە ئېزىدەنگەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن بىر مۇھىم مەزمۇن بولدى. جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئەدەبىي ئەسەرلەردە خېلى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ خىل يېڭىلىق ئاياللار ئازادلىقىنىڭ «4 ـ ماي» دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھەقىقىي تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشكە باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ بەزىلىرى ھەتتا «4 ـ ماي» دىن بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ 1918 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «يېڭى ياشلار» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ جىلد 2 ـ سانىغا «تاڭسى» دېگەن ئىمزا بىلەن بېسىلغان «ئەقىدە ۋە پىداكارلىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» دېگەن فېلىيەتونى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. «ئەقىدىلىك، پىداكارلىق دېگەن سۆزلەر بۇرۇنلاردا ئەرلەرنىڭمۇ گۈزەل پەزىلىتى دەپ قارىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ‹ئەقىدىلىك زات›، ‹شەھىت› دېگەن ناملارمۇ چىققان. لېكىن ھازىر ‹ئەقىدىلىك، پىداكارلىقنى تەقدىرلەش› دېگەنلەردە ئەرلەرنى ئۇ قاتارغا كىرگۈزمەي، مەخسۇسلا خوتۇن ـ قىزلارنى كۆزدە تۇتۇشماقتا. زامانىمىزدىكى ئەخلاقشۇناسلارنىڭ پىكرى بويىچە تەبىر بەرگەندە، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار ھەرگىز ئەرگە تەگمىسە، نامەھرەم ئىشلارنى قىلمىسا، ئەقىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن؛ ئېرى قانچە بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، روزىغارى قانچىكى كەمبەغەل بولسا، ئۇ شۇنچە ئەقىدىلىك مەستۇرە بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. پىداكارلىق بولسا ئىككى خىل بولىدىكەن: بىر خىلى — مەيلى ياتلىق بولغان ياكى بولمىغان بولسۇن، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئېرى بىلەن تەڭلا جېنىنى پىدا قىلغانلار؛ يەنە بىر خىلى — باسقۇنچىلار ئىپپىتىگە تېگىشكە ئۇرۇنغاندا، بىر ئىلاج قىلىپ ئۆزىنى ـ ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەر، بۇلار قانچىكى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلسە شۇنچە پىداكار بولىدىكەن، ئەگەر قارشىلىق كۆرسىتەلمەي، ئىپپىتىنى بۇلغانغاندىن كېيىن ئۆزىنى ـ ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان بولسا سۆز ـ چۆچەككە قېلىشتىن خالىي بولالمايدىكەن». ④ لۇشۈن تىلى ئۆتكۈر مەزمۇنى مول بولغان بۇ فېلىيەتوندا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ چىرىك ساختا ئەخلاقىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەقىدە ۋە پىداكارلىق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان ھەمدە فېئوداللىق ئەقىدە ۋە پىداكارلىق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارنىڭ مەنبىيى «ئەرلەر ھاكىمىيىتى» ھۆكۈمرانلىقىدىكى فېئوداللىق تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ئاياللارنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ۋە ئەر ـ ئاياللارنى ھوقۇقتا باراۋەر قىلىش ئۈچۈن بۇ تۈزۈمنى پاچاقلاپ تاشلاش كېرەك دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ ئارقىلىق «ئەخلاق دېگەن نەرسە ئومۇمىي بولۇشى، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم رىئايە قىلىشى، ھەممە ئادەم ئەمەل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك، شۇنىڭدەك ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ مەنپەئەتلىك بولۇشى لازىم، ئەنە شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ مەۋجۇت تۇرۇش قىممىتى بولىدۇ»⑤ دېگەن كىشىنى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە خۇلاسىنى چىقارغان. يولداش ماۋزېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە: «كىمكى خەلقنى جاھانگىرلىك ۋە فېئودال كۈچلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا باشلاپ بارالىسا، ئۇ خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قازىنالايدۇ، چۈنكى خەلقنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى جاھانگىرلىك ۋە فېئودال كۈچلەردۇر» ⑥ دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا لۇشۈننىڭ بۇ فېلىيەتونىنى «جاھانگىرلىك ۋە فېئودال كۈچلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش» تىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار چاقىرىقنى ئۆزىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، لۇشۈننىڭ 1924 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يازغان «بەخت تىلەش» ناملىق ھېكايىسىدە تەسۋىرلەنگەن شاڭلىن ھەدە ئوبرازىمۇ كونا جۇڭگودا سىياسىي ھاكىمىيەت، ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى، ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە ئەرلەر ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت «تۆت چوڭ سىرتماق» نىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان سان ـ ساناقسىز ئېزىلگۈچى ئاياللارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بو-

لۇش سوۋېتى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈز-
گەن پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرىمۇ بىزنىڭ يۇقىرى-
قى پىكرىمىزنى ئېنىق پاكىت بىلەن دەلىللەپ بې-
رىدۇ.

ھەرقانداق بىر يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئىجادى-
يەت بىلەن شۇغۇللانغاندا ئالدى بىلەن ئويلايدىغىنى
ئۆزى ياشىغان دەۋر ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىگە بولغان
ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ خىل ئىجتى-
مائىي ۋە تەبىئىي مۇھىتتىن ئايرىلىپ ئىجادىيەت
بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ياز-
غۇچى - سەنئەتكارلارمۇ ئەينى دەۋردىكى بىر پۈتۈن
ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ئايرىلماس بىر ئەزا-
سى. «4 - ماي» دىن ئىبارەت بۇ تارىخىي بۇرۇ-
لۇش دەۋرى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە، بولۇپمۇ ئە-
دەبىيات - سەنئەتنىڭ مەزمۇن ھەم شەكىل ئامىللى-
رىغىچە بولغان ھەرقايسى تەرەپلىرىگە يېغىچە تارى-
خىي ۋەزىپىنى يۈكلىدى. شۇڭلاشقا «4- ماي»
دەۋرىدىكى كۆپ سانلىق يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ
ئىزدىنىش باسقۇچىدا يازغان ئەسەرلىرىدە دەۋر رو-
ھى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

تارىختا ئۆتكەن قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا
ئىگە قەھرىمان ئاياللارنىڭ ئوبرازىنى ئەدەبىي ئە-
سەرلەردە قايتا گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاياللارنى ئۆزىگە
ئىشىنىش ۋە ئالغا ئىنتىلىشكە ئۈندەش بۇ دەۋردى-
كى ئىجادىيەتنىڭ مەزمۇنىدا كۆرۈلگەن يەنە بىر
ئالاھىدىلىك. ئۇزۇن مەزگىل ھۆكۈمرانلىق ئو-
رۇندا تۇرغان فېئوداللىق ئەخلاق مىزانلىرىدا «ئا-
ياللار بىلەن تېگى پەسلەرنى باقماق قىيىندۇر؛
يېقىنچىلىق قىلساڭ ئەدەپسىزلىك قىلىدۇ، يىراق-
لاشساڭ تاپا - تەنە قىلىدۇ»⑦ دەپ قاراپ، ئۇلار
كەمسىتىلىپ «تېگى پەسلەر» قاتارىغا چىقىرىۋې-
تىلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ
ھەربىر تەرەققىيات باسقۇچىدا ھەقىقىي خوجايىن-
لىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۆتمۈش-
تىكى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئانىلارنىڭ سى-
ماسى تەدرىجىي سۇسلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن.
«4 - ماي» دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بۇ خىل
خاتا كۆز قاراش ۋە پىكىر ئېقىمىغا قارشى سادالار
ئارلىقتا كېلىپ، كىتابخانلارنىڭ دىققەت ئېتىبارى-
نى جەلپ قىلدى. مەسىلەن، يېڭى مەدەنىيەت ۋە
ئەدەبىياتقا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان گومورونى ئال-
ساق، ئۇ بىر تەرەپتىن چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار
ئەدەبىي ئەسەرلىرى — گېيوتېنىڭ «فائۇست»،
«ياش ۋېرتېرنىڭ قايغۇسى»، ئۆمەرھەييامنىڭ
«رۇبائىيات»، تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچ-
لىق» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان دۇنياۋى شۆھرەتكە
ئىگە داڭلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇ-
رۇپ، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى يېڭى دېموكراتىيىنىڭ
خائىشلار ئارقىلىق دەۋر تەلىپىنى كۈچلۈك ئىپادى-
لەپ، ئادەمنى ئادەم ئېزىدىغان زۇلمەتلىك جەمئى-
يەت تۈزۈمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. يەنە بىر
تەرەپتىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق
دراماتۇرگ بولۇش سۈپىتى بىلەن 20 - يىللاردا
ئاياللار ئازادلىقىغا بېغىشلانغان «جاۋۋېجۈن»،
«ۋاڭ جاۋجۈن»، «نيې يىڭ» قاتارلىق ئۈچ تارى-
خىي درامىنى يېزىپ چىقىپ، تارىخىي تېمىلاردا
دراما يېزىشنىڭ داغدام يولىنى ئېچىپ بەردى. بۇ
ئۈچ تارىخىي درامىنىڭ ۋەقەلىكى پۈتۈنلەي تارىختا
ئۆتكەن باتۇر، قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە
«ئۈچ ئىسيانكار ئايال»نى ئاساس قىلغاچقا، «4-
ماي» دەۋرىدىكى ئاياللار ئازادلىقى نۇقتىسىدىن
كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ۋە ئىج-
تىمائىي رولى ئىنتايىن زور ئىدى. بىز1925-
يىلى گومورو تەرىپىدىن «ئۈچ ئىسيانكار ئايال»
دېگەن نام بىلەن توپلام قىلىپ نەشر قىلىنغان بۇ
ئۈچ تارىخىي درامىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى
ھەرقانداق بىر نۇقتىدىن كۆزەتسەك، ئۇنىڭدا ئاپ-
تورنىڭ ئەرلەرنى مەركەز قىلغان كونا ئەدەپ -
ئەخلاقنىڭ چىرىكلىكىنى پاش قىلىپ، كونا تۈزۈم
ۋە كونا ئەخلاققا قارشى تۇرغان ئىسيانكار روھنى
مەدھىيىلەپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ ئا-
ياللارنىڭ ئازادلىق ۋە ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن
مۇشۇنداق ئىسيانكار روھنى جارى قىلدۇرۇش
لازىم دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەنلىكىنى كۆرۈ-
ۋالالايمىز.

«4 - ماي» دەۋرىدە ئاياللار ھەقىقىي ئازاد-
لىققا ۋە باراۋەرلىككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىقتىسا-
دىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈش ۋە تەڭ بەھرىمەن بو-
لۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك دېگەننى تەشەببۇس
قىلغان ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. ھەممىگە مە-
لۇمكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك ماھى-
يەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى-
نىڭ يادروسى. بۇ ھازىرقى دەۋردە پۈتكۈل جەمئى-
يەت ئەزالىرى ئېتىراپ قىلغان بىر ئوبيېكتىپ
ئەھۋال . ئەمما بىز نەزەرىمىزنى 2 مىڭ يىللىق
تارىخقا ئىگە فېئوداللىزملىق جەمئىيەتكە ئاغدۇر-
ساق، ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇقتىن پۈتۈنلەي
مەھرۇم قېلىپ، ئەركىسىز ۋە بېقىندى ئورۇنغا
چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. مانا بۇ خىل
رېئاللىققا نىسبەتەن بىر قىسىم يازغۇچىلار قاتتىق
ئۆكۈنۈش بىلەن قاراپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن با-
راۋەرلىككە ئېرىشىش ئاياللار ئازادلىقىدا ھازىر-
لاشقا تېگىشلىك ئالدىنقى شەرت دەپ قارىدى. مە-
سىلەن، لۇشۈن «تاغدىن - باغدىن» ناملىق فېلىيە-

تونلار توپلىمىغا كىرگۈزگەن «ئاياللارنىڭ ئازادلىقى توغرىسىدا» دېگەن فېلىيەتونىدا ئېنىق قىلىپ: «بارلىق ئاياللار مۇبادا ئەرلەر بىلەن تەڭ باراۋەر ئىقتىسادىي ھوقۇققا ئىگە بولمىغىچە، ھەرقانداق چىرايلىق نامغا ئىگە بولسىمۇ، بىر قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. ئەر - ئاياللار ئەلۋەتتە ئاناتومىيە ۋە پسىخولوگىيە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ؛ جىنىسداشلار ئىچىدىمۇ ئۆزئارا بەزى پەرقلەرنىڭ بولۇشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئورنى باراۋەر بولۇشى كېرەك. باراۋەر ئورۇن بولغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئاياللار بىلەن ھەقىقىي ئەرلەر بولىدۇ⑧ دەپ قاراپ ئاياللار ئىقتىساد قاتارلىقلار ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىشى كېرەك، جەمئىيەت ئازاد بولسا ئۆزىمۇ ئازاد بولىدۇ، ئەمما تەبىئىكى ھازىر ساقلىنىۋاتقان، ئاياللارغا قارىتىلغان ئاسارەتنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمۇ زۆرۈر»⑨ دېگەن قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدىيىسىدىكى ئىلغار پىكىرنى ئىلگىرى سۈردى. يۇقىرىقىدەك مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسەرلەرنى بىر خىل ئىجادكارلىقنىڭ مۇقەددىمىسى دېيىشكە بولىدۇ. شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، «ئەركىنلىكنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، ئەمما پۇل ئۈچۈن سېتىۋەتكىلى بولىدۇ»⑩ شۇنىڭ ئۈچۈن «بىرىنچىدىن ئائىلىدە ئالدى بىلەن تەقسىمات ئەر - ئاياللارغا ئوخشاش بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، جەمئىيەتتە ئەر - ئايال باراۋەر بولۇشى كېرەك».⑪ مانا بۇ ئاياللار ئازادلىقىنى تەشەببۇس قىلىش جەھەتتە تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىلىق شۇنداقلا بىر خىل چاقىرىق.

دېمەك، «4 - ماي» ھەرىكىتىگە 80 يىل بولاي دېدى. بۇ جەرياندا ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى ۋە ئاياللار ئازادلىقى جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. بىز بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى مۇئايىيەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، بۇ خىل نەتىجىلەرنىڭ مەنبەسى بولغان «4 - ماي» دەۋرىدىكى يۇقىرىقى ئەسەرلەرنى ۋە ئۇلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. ئەمما شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، بىز تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇشۇ باسقۇچىدىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلىرىنى يەنىمۇ ئىنچىكە كۆزەتسەك، «4 - ماي» دەۋرىدە باشلانغان ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش كۆزلىگەن مەقسەتتىن تېخى خېلىلا يىراق. يەنى ئاياللارنىڭ پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن بولۇشى، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر يەنىلا ساقلانماقتا. شۇڭلاشقا «4-ماي» دەۋرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىخىي ۋەزىپىلەر بىزنىڭ يەنىمۇ ئىزدىنىشىمىزنى ۋە ئۇنى تىرىشىپ ئورۇنلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئىزاھلار:

①ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى 2 - توم، «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1504 - بەت.
② ③ لۇشۈن: «قەۋرە» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 193 - بەت.
④ لۇشۈن: «قەۋرە» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 180 - بەت.
⑤ لۇشۈن: «قەۋرە» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 184 - بەت.
⑥ ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى 2 - توم، «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» ، ئۇيغۇرچە نەشرى 1504- بەت.
⑦ لۇشۈن: «تاغدىن - باغدىن» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 268 - بەتتىكى ئىستاتقا قارالسۇن.
⑧ ⑨ لۇشۈن «تاغدىن - باغدىن» ، ئۇيغۇرچە نەشرى 270 - بەت.
⑩لۇشۈن: «تاغتىن باغتىن» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 270 - بەت.
⑪لۇشۈن: «قەۋرە» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 226 - بەت.

(پوچتا نومۇرى: 830046)
**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

1998 - يىلى 3 - ئاي    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    19- يىللىق 1- سان
1998 年 3 月    新疆大学学报(哲学社会科学维文版)    第 19 卷第一期

# ژۇرناللارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئۆمەر نىياز*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ژۇرناللارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر مەسىلىلەر تەھلىل قىلىنىدۇ.

**摘要：** 本文着重探讨了在社会主义市场经济条件下，期刊经济效益和社会效益的统一问题，并举实例分析了正确处理这两种效益之间矛盾的基本方法。

**Abstract:** This article mainly probes into the unity relationship of the economic benefit and social benefit of the periodical, and analyses the basic method of how to accurately deal with the contradictory between these two benefits under the circumstances of the socialist market economy.

دۆلىتىمىز ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان، سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈۋاتقان ھازىرقى دەۋردە، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ژۇرنال باشقۇرۇش توپ مەقسىتىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى توغرا ئىگىلەش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە قەرەللىك ژۇرناللارنى باشقۇرۇش جەريانىدا مەۋقەنى توغرىلاپ، ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ژۇرنالنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ژۇرنال نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە «قوش ئۈنۈم» يارىتىش دېگەندە، ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش؛ ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە بويسۇندۇرۇش، ھەمدە ئۇنى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەكلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىراق، بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە نەزەرىيە جەھەتتىن قالايمىقانلاشتۇرۇپ قويۇش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدىكى قايمۇقۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئوتتۇ-

* ئۆمەر نىياز: «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، تەرجىمان

رىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى يېشىش ۋە ئورۇنلۇق تەدبىر قوللىنىش، شۇ ئارقىلىق ژۇرناللارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ھەقىقىي تۈردە يۇقىرى كۆتۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

1. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تايىنىدىغان ئوبيېكتلىرى ئوخشىمايدۇ. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئەمەلىيەتتە دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي ئۈنۈم پۈتكۈل دۆلەتكە، ھەرقايسى مىللەتلەرگە ۋە بىر پۈتۈن جەمئىيەتكە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، بىر تۈرلۈك ماكرولۇق ئۇقۇمدىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي ئۈنۈم ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرى ياكى ژۇرنال چىقارغان ئورۇنغا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ بىر خىل مىكرولۇق ئۇقۇمدىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تايىنىدىغان ئوبيېكتلىرى ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بەزى زىددىيەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى تەبىئىي ئەھۋال. مەسىلەن، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئىنتايىن ناچار بولغان بىر ژۇرنال يەنى، سېرىق، شەھۋانىي مەزمۇندىكى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ شۇ ژۇرنالنى ناھايىتى زور ئىقتىسادىي پايدىغا ئىگە قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بىر ژۇرنال يەنى، ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىپ شۇ ژۇرنالنى تەھرىر بۆلۈمى سىستېمىسى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈك بولۇپ قېلىشى ھەمدە شۇ سەۋەبتىن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچار ژۇرنال دەپ قارىلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز تەكىتلەۋاتقان ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم بەزى ھاللاردا بىردەكلىككە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ھاللاردا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى زىددىيەت ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتى بىلەن ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. دېمەك، «قوش ئۈنۈم» يارىتىشنى تەكىتلەش ئەمەلىيەتتە دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن ژۇرنال بۆلۈمىنىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت.

2. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئوخشاش بولمىغان قاتلاملارغا مەنسۇپ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئىبارەت بۇ تار دائىرىدىن كۆزەتمەي، بەلكى ئومۇمىي خەلق مەنپەئەتىدىن ئىبارەت مۇشۇ ماكرو نۇقتىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغانلىكى نەرسىنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغانلىكى نەرسىنىڭ ئۆزىمۇ بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، يەنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

ئالايلۇق، مەلۇم بىر ژۇرنال تەھرىراتى نەشر قىلغان ئىلمىي ژۇرنال ئۆز چىقىمىنى ئۆزى قامدىيالمايدۇ، بىراق، ئوقۇرمەنلەر بىلەن پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرى مەزكۇر ژۇرنالدىكى بىلىم ۋە پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز بىلىمى ۋە تېخنىكىسىنى يېڭىلايدۇ ياكى مەلۇم بىر خىل مەھسۇلاتنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن زور بايلىق يارىتىدۇ.

دېمەك، ماكرو جەھەتتىن كۆزەتكەندە، بۇ ژۇرنالنىڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ناھايىتى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەلۇم بىر قەرەللىك ژۇرنال تەھرىراتى نەشر قىلغان ژۇرنال سېرىق مەزمۇندىكى، پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرنى تەشۋىق قىلىدىغان ژۇرنال بولسا، ئۇ چاغدا شۇ ژۇرنال تەھرى-

راتى كۆپ پۇل تاپالىشى مۇمكىن. بىراق شۇنىڭغا
ئەگىشىپ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ سەلبىي تەسىرگە
ئۇچرىغان بىر قىسىم ياش - ئۆسمۈرلەر جىنايەت
سادىر قىلىش يولىغا قاراپ مېڭىشى مۇمكىن. ئۇ-
لارنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرى بىۋاستە ئىقتىسادىي
زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن تاشقىرى، دۆلەت
يەنە شۇ دېلونى پاش قىلىش، سوت قىلىش، جىنا-
يەتچىنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىشلىرى ئۇ-
چۈنمۇ زور خىراجەت ئاجرىتىدۇ. دېمەك، ماكرو
جەھەتتىن كۆزەتكەندە، بۇنداق ژۇرناللار ياراتقان
ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر مىنۇس سان
ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر مى-
سال ئالايلى، مەلۇم بىر نەشرىيات كۆڭۈل ئېچىش
خاراكتېرلىك كىتابتىن بىرنى نەشر قىلىش ئار-
قىلىق زور تىراج توپلاپ، نەشرىياتنىڭ مەبلىغىنى
ئاشۇرسا ھەمدە شۇ مەبلەغنى دەسمايە قىلىپ، باشقا
بىر يۇرۇش ئىلمىي قىممىتى بار ياخشى كىتابنى
نەشر قىلسا، ئۇ چاغدا ھېلىقى كىتابتىن ئىقتىسا-
دىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى بۇ خىل ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئۆزىمۇ بىر
تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ
نۇقتىدىن ئالغاندا، قوش ئۈنۈم تېگى - تەكتىدىن
ئالغاندا پەقەت بىرلا خىل ئۈنۈم، يەنى ئىجتىمائىي
ئۈنۈمدىن ئىبارەت.

سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى جەم-
ئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى
قامداشنى مەقسەت قىلىدۇ. جۈملىدىن سوتسىيا-
لىستىك مەتبۇئات بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىرىشمۇ
شۇنداق. ئەلۋەتتە ساختا دورا ئىشلەپچىقىرىشقا ئوخ-
شاش قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلار بۇنىڭ سىر-
تىدا. نەشرىياتچىلىقتا ئۈچ ئادەمنىڭ تەھرىرلىشى-
دىن ئۆتكەن ھەمدە ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى تەرىپى-
دىن رەسمىي نەشر قىلىنغان ژۇرناللا بولىدى-
كەن، ئومۇمەن ئالغاندا مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئۈ-
نۈمگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئەلۋەتتە قىسمەن قا-
نۇنسىز نەشر قىلىنغان ژۇرناللار بۇنىڭ سىرتى-
دا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاددىي ھالدا، مەلۇم ژۇرنالنى
ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بار، مەلۇم ژۇرنالنى ئىجتىما-
ئىي ئۈنۈمى يوق، دەپ قاراش بىر تەرەپلىمىلىك-
تىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈ-
نۈمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى پەرقلىنىدۇ. مۇبادا
پەقەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بار ژۇرناللارنىلا نەشر
قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارالسا، بۇ تامامەن خاتا
كۆز قاراش ھېسابلىنىدۇ. ئوخشاشلا، مۇئەييەن
ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە ژۇرنال بولسىلا، ئۇنى
نەشر قىلىش كېرەك، دەيدىغان قاراشمۇ ھازىرقى
بازار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلۇۋاتقان دەۋردە خاتا كۆز
قاراش ھېسابلىنىدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ژۇرناللارنىڭ ئىجتى-
مائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئوتتۇرى-
سىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ
مۇھىملىقى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا تېخىمۇ
گەۋدىلىك بولماقتا. بىز ھەم بۇ ئىككى خىل ئۈنۈم
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ تەخىر-
سىزلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز، ھەم بۇ زىددىيەت-
نىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى كۆ-
رۈشىمىز كېرەك. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتى-
سادىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ
قىلىشتىكى ئەڭ توپ مىزان شۇنىڭدىن ئىبارەتكى،
ژۇرنال باشقۇرغۇچى ۋە مەسئۇل مۇھەررىرلىك
قىلغۇچى ھەربىر ئورۇن ۋە خادىم «ئىجتىمائىي
ئۈنۈم سىياسىيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش دېمەك-
تۇر» دەيدىغان قاراشنى تۇرغۇزۇشى كېرەك.

سوتسىيالىستىك تۈزۈم ۋە سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىجتىمائىي ئۈنۈم بى-
لەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى
ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن. بىراق بۇنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇش ژۇرنال خادىملىرىنىڭ پائال تىرىشچانلىق
كۆرسىتىشىنى، جاپاغا چىداپ ئىشلىشىنى تەلەپ
قىلىدۇ. شۇڭا بىز پارتىيە سىياسىتىنىڭ توغرا
يۈرگۈزۈلۈشىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئال-
دىنقى شەرت ئاستىدا، بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت
بۇ ئۈنۈملۈك مېخانىزمدىن ئەڭ زور دەرىجىدە پاي-
دىلىنىپ، نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە ھەم ئىقتىسا-
دىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، ھەم ئىجتىما-
ئىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئورگانىك
ھالدىكى بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.
ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ دى-
ئالېكتىك مۇناسىۋىتى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى
بەلگىلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قول-
غا كەلتۈرۈشنىڭ مۇستەھكەم ئاساسى ھېسابلىنى-
دۇ.


## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. شۇبورۇڭ: « 期刊编辑学概论 » لياۋنىڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1995 - يىل 8 - ئاي نەشرى.
2. جاڭ بوخەي: « 期刊工作手册 » ، تيەنجىن خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل 7 - ئاي نەشرى.


(پوچتا نومۇرى: 830001)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى شىنجاڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇھىت ئاسراش تەدبىرلىرى ھەققىدە

قاھارجان ئىبراھىم*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇھىت بۇلغىنىش ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. بۇ ھال شەھەرلەرنىڭ سانائەت بىلەن بۇلغىنىشىدىن كېيىن پەيدا بولغان يەنە بىر يوشۇرۇن بۇلغىنىش مەنبەسى بولۇپ قالدى. بۇ ماقالىدە، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى چارە - تەدبىرلەر ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدۇ.

**摘要**：近年来，随着乡镇企业的迅速发展，环境污染和生态遭到破坏的问题突出，继城市工业污染后形成又一个潜在而又严重的污染。本文论述上述问题产生的原因及预防的措施与对策。

**Abstract**: With recent rapid development of county enterprise, the problems of environmental pollution. and ecological imbalance have arisen. These problems have become a hidden origin of pollution in addition to industrial pollution in cities. This article discusses the causes and development of these problems and preventative measures.

## 1. شىنجاڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مۇھىتنى بۇلغاش ئەھۋالى

ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. ئەمما يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇھىت بۇلغىنىش ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش مەسىلىسى بارغانسېرى زورىيىپ يېزىلار تەدرىجىي ھالدا شەھەرلەرنىڭ سانائەت بىلەن بۇلغىنىشىدىن قالسا يەنە بىر ئېغىر ھەم يوشۇرۇن بۇلغىنىش مەنبەسى بولۇپ قالدى.

1991 - يىلنىڭ دەسلېپىدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار شىنجاڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ بۇل-

* قاھارجان ئىبراھىم: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

غاش مەنبەلىرىنى تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش دائى-
رىسى 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 83 ناھىيە
ۋە 79 بازاردىكى 808 كارخانىنى ئۆز ئىچىگە ئال-
غان. بۇنىڭ ئىچىدە 317 كارخانا ئىنچىكە تەكشۈ-
رۈلگەن. بۇ كارخانىلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىچىدىكى تايانچ كارخانى-
لار بولۇپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەنتتىن يۇقىرى سانائەت
ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 82.8% نى ئى-
گىلىگەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاندىكى،
كارخانىلارنىڭ مەخسۇس مۇھىت ئاسراشنى باشقۇ-
رۇش ئورۇنلىرى بولمىغان، مۇھىت ئاسراش نەتى-
جىسىنى باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويغانلار ئاران
14% نى ئىگىلىگەن، «ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا يولغا
قويۇش» (بىرلا ۋاقىتتا پىلانلاش، بىرلا ۋاقىتتا
لايىھىلەش، بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلۇش قىلىش) نىس-
بىتى ئاران 4.9% بولغان، شىنجاڭدىكى يېزا-
بازار كارخانىلىرىنىڭ بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ چى-
قىرىدىغان كەسىپلىرى ئاساسەن كىچىك تېپتىكى
كۆمۈر كان، كىچىك تىپتىكى قەغەزچىلىك، بو-
ياش، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش، توقۇمىچىلىق،
خىمىيە سانائىتى، رەڭلىك مېتال قېزىش، رودا
تاۋلاش، يەرلىك ئۇسۇلدا كاۋچۇك ئىشلەش،
خىش، سېمونت ئىشلەش ۋە يېمەكلىك پىششىقلاپ
ئىشلەش قاتارلىق كەسىپلەردىن ئىبارەت. بۇلغى-
نىشنىڭ تارقىلىش رايونىدىن قارىغاندا شىمالىي
شىنجاڭدا ئۈرۈمچى، شىخەنزە، سانجى خۇيزۇ ئاپ-
تونوم ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى، بۆرتالا موڭغۇل
ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە كۈيتۇن شەھىرى قاتارلىق
توققۇز شەھەر، ۋىلايەت ۋە ئوبلاستنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. تارىخىي، جۇغراپىيىلىك مۇھىت شۇنداقلا
شەھەر ئىقتىسادىنىڭ يۇكسىلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ
رايونلارنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققى-
ياتى تېز بولغان. بۇ رايونلاردىكى يېزا - بازار
كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى پۈتۈن شىنجاڭدىكى
يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 41%
نى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىشچىلىرىنىڭ سا-
نى پۈتۈن شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى
ئىشچىلىرى سانىنىڭ 46% نى ئىگىلەيدۇ. ئىش-
لەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پۈتۈن شىنجاڭدى-
كى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئو-
مۇمىي قىممىتىنىڭ 64% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ رايون-
لارنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى بىر قەدەر تەرەق-
قىي قىلغان بولغاچقا، شۇنىڭغا ماس ھالدا بۇلغى-
نىش ئەھۋالىمۇ بىر قەدەر ئېغىر، بولۇپمۇ «ئۈچ
كېرەكسىز» (كېرەكسىز گاز، كېرەكسىز سۇ،
كېرەكسىز ماددىدىن) بولىدىغان بۇلغىنىش ھادى-
سىسى تېخىمۇ گەۋدىلىك. بولۇپمۇ ئۈرۈمچىنى
مەركەز قىلغان بىر قىسىم شەھەرلەردە سانائەتتىن
بولىدىغان بۇلغىنىش ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، بۇل-
غىنىش شەھەرلەردىن يېزىلارغا تېز سۈرئەتتە تار-
ىلىپ، بىر تۇتاش بۇلغىنىش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ
چىقارغان. ۋەھالەنكى، شەرقىي شىنجاڭ ۋە جەنۇ-
بىي شىنجاڭدىكى تۇرپان ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايى-
تى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى،
قەشقەر ۋىلايىتى ۋە خوتەن ۋىلايىتى قاتارلىق يەتتە
ئوبلاست، ۋىلايەتتە كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى شىمالىي
شىنجاڭ رايونلىرىنىڭكىدىن ئارقىدا قالغان بولۇپ،
بۇ رايونلاردا گەرچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ
ئومۇمىي سانى پۈتۈن شىنجاڭدىكى يېزا - بازار
كارخانىلىرىنىڭ 59% نى، يېزا - بازار كارخانىلى-
رى ئىشچىلىرى پۈتۈن شىنجاڭدىكى يېزا- بازار
كارخانىلىرى ئىشچىلىرى سانىنىڭ 54% نى ئىگى-
لىسىمۇ، ئەمما، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇ-
مىي مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن شىنجاڭدىكى يېزا
- بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى-
نىڭ ئاران 36% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ
تەبىئىي بايلىق مەنبەسى مول بولغاچقا، يېزا- بازار
كارخانىلىرى كۆپرەك ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي بايلىق
ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا تەرەققىي قى-
لىپ، كان قېزىش، رودا تاۋلاش، توقۇمىچىلىق،
بوياقچىلىق، كۆنچىلىك، خىش قۇيۇش، سېمونت
ئىشلەش ۋە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش قاتار-
لىق كەسىپلەرنى يولغا قويغان. ئەمما يېزا - بازار
كارخانىلىرىنىڭ ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى كونا، ھۈ-
نەر - سەنئەت تېخنىكىسى قالاق، ئېنېرگىيە ۋە
خام ئەشيا سەرپىياتى يۇقىرى، يېزا ئاساسىي ئەس-
لىھەلەر شارائىتى ناچار، يېزا - بازار كارخانىلىرى-
نىڭ تەرەققىياتىغا بولغان بىر تۇتاش باشقۇرۇش
ۋە پىلانلاش يېتەرسىز بولغان، بولۇپمۇ يېقىنقى
بىرقانچە يىللاردىن بۇيان، ھەرقايسى ۋىلايەت، نا-
ھىيە، يېزا، كەنت ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرى
تېزلىكتە نامراتلىقنى تۈگىتىپ، بېيىش يولىغا
مېڭىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بى-
لەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا
يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كان بايلىقلىرىنى
قالايمىقان قېزىش، ياخشى كاننى قېزىش، ناچار
كاننى تاشلىۋېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. بۇنىڭ بى-
لەن كۆمۈر كان بايلىقلىرىنىڭ كۆيۈپ كېتىش،
تۇپراقنىڭ قۇملىشىش ۋە شورلىشىپ كېتىش ئەھ-
ۋاللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بولۇپمۇ بىر قى-
سىم خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى بىرلىشىپ تىجارەت
قىلىدىغان كارخانىلار ۋە بەزى يېزا باشقۇرغان كار-

خانىلار يەرلەرنى ۋە ئېتىزلارنى خالىغانچە ئىگىلە-
ۋېلىپ، زاۋۇت بىناسى قۇرىدىغان ياكى ئۆي -
مۈلۈك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تېرىلغۇ
يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىۋېتىدىغان ئەھۋاللار ئەۋج
ئالدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قىسىم دېھقان-
چىلىق رايونلىرىدىكى بايلىق مەنبەسىنىڭ يوقىلى-
شى ۋە ئىسراپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ،
مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭ-
لۇق بۇزۇلۇشىنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىشىغا سە-
ۋەبچى بولىۋاتىدۇ. دېمەك، شىنجاڭدىكى يېزا -
بازار كارخانىلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋا-
لىدىن قارىغاندا، يېزا - كەنتلەرنىڭ مۇھىتى ۋە
ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرىشى بەك ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن مۇشۇ
پېتى كېتىۋەرسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئېغىر بو-
لۇش ئېھتىماللىقى زور. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تارىخ-
قا مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى
بىلەن قارىشىمىز، يېزىلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك
مۇھىتنى قوغداش مەسىلىسىنى چوقۇم ھەرقايسى
مىللەتلەرنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى-
نىڭ تۈپ ئاساسىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تو-
رۇپ تونۇشىمىز كېرەك.

## 2. شىنجاڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مۇھىت بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر

شىنجاڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ بۇلغى-
نىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر كۆپ تە-
رەپلىمىلىك بولۇپ، ئومۇملاشتۇرغاندا تۆۋەندىكى-
دەك بىرقانچە جەھەتتىكى سەۋەبلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ.

1) 80 - يىللاردا، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش سىستېمىسىدا يېزا - بازار
كارخانىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە
قۇرۇلمىسىنى بىر تۇتاش پىلانلاشتا ماكرو جەھەتتە
خاتالىق كۆرۈلگەن. يېزا - بازار كارخانىلىرىغا
قارىتا بىر تۇتاش پىلانلاش ۋە ماكرو جەھەتتە باش-
قۇرۇش كەمچىل بولغان. داۋاملىق تەرەققىي قىل-
دۇرۇش نۇقتىئىنەزەرىنى چىقىش قىلىپ يېزا- با-
زار كارخانىلىرى بىلەن نوپۇس، بايلىق، جەمئى-
يەت ۋە مۇھىتنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. ھەرقايسى رايونلار
ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسىدەيېزا- بازار
كارخانىلىرىنى يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشتا رىقابەتلىشىپ، پەقەت تەرەققىيات جەريانى-
دىكى مىقدارىنى تەشەببۇس قىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ
قىممىتىنى قوغلىشىپ، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت-
كىلا ئېتىبار بېرىپ كەلگۈسى مەنپەئەتكە سەل قا-
رىغان. كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگىلا ئېتى-
بار بېرىپ، ئىجتىمائىي ۋە مۇھىت ئۈنۈمىگە ئې-
تىبار بەرمىگەن.

2) شىنجاڭدىكى كۆپ ساندىكى يېزا - بازار
كارخانىلىرىنىڭ ئىشلىتىۋاتقىنى شەھەر سانائىتى-
دىن قېلىپ قالغان 40 — 50 - يىللاردىكى كونا
ئۈسكۈنىلەر بولۇپ، بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ تېخنىكا
سەۋىيىسى، خام ئەشيادىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆ-
ۋەن، ئېنېرگىيە سەرپىياتى، «ئۈچ كېرەكسىز»
نى چىقىرىش نىسبىتى يۇقىرى. ستاتىستىكىغا ئا-
ساسلانغاندا، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يەرلىك
ئۇسۇلدا كوكۇس تاۋلاپ، كوكۇس ئېلىش نىسبىتى
ئاران %52 (مۇنتىزىم تاۋلاش ئارقىلىق ئېلىنىدىغا-
نى %70—%80) ، يەرلىك ئۇسۇلدا گۈڭگۇرت-
نىڭ قىزىتىۋېلىنىپ تاۋلانغانغاقەدەر يىغىۋېلىنىدىغا-
نى پەقەت %30— %20 بولغان. شۇڭلاشقا زور
مىقداردىكى بايلىق كېرەكسىز ماددا قاتارىدا تاشلى-
نىپ مۇھىت بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇندىن بېرى شىنجاڭنىڭ مۇ-
ھىت ئاسراشتىكى مۇھىت نۇقتىسى ئۈرۈمچىنى
مەركەز قىلغان بىرنەچچە سانائەت شەھىرى بىلەنلا
چەكلىنىپ، كەڭ يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنىڭ مۇ-
ھىت ئاسراشتىكى ستراتېگىيىلىك ئورنى تۆۋەن
بولغان. شۇڭا شەھەر سانائىتىدىكى نۇرغۇنلىغان
بۇلغاش خاراكتېرىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى
كارخانىلار بولۇپمۇ، بۇلغاش نىسبىتى يۇقىرى
بولغان كىچىك تىپتىكى كارخانىلار مۇھىت ئاس-
راش قانۇن نىزاملىرىنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇ-
لۇش، مۇھىت بۇلغاشنى باشقۇرۇش ھەققىدىن قې-
چىش ئۈچۈن يۇقىرى ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدى-
غان، بۇلغاش نىسبىتى يۇقىرى بولغان كارخانا ۋە
ئىش تەرتىپىنى يېزىغا يۆتكىگەن. شۇنىڭ بىلەن
مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى شەھەردىن يېزىغا قاراپ كې-
ڭەيگەن.

3) شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىدا
ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل، ئىگىلىك باشقۇ-
رۇش سەۋىيىسى تۆۋەن. ستاتىستىكىغا ئاساسلان-
غاندا 1993 - يىلى مەخسۇس كورستىن يۇقىرى

ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئىشچى - خىزمەتچىلەر پۈتۈن يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ پەقەت %1.8 ئىگىلىگەن. كۆپ ساندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تولۇقسىز ۋە باشلانغۇچ سەۋىيىسىدە بولۇپ، ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بولۇپمۇ كارخانا رەھبەرلىرى ۋە تېخنىكا باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، مۇھىت ئاسراش ئېڭى ئاجىز، كارخانىلارغا نىسبەتەن قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق باشقۇرۇش كەمچىل، خىزمەتتىكى قارىغۇلۇق ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مۇھىتنى بۇلغاش نىسبىتى يۇقىرى بولغان.

4) يېزىلارنىڭ مۇھىت ئاسراش سېلىنمىسى ئىنتايىن ئاز. 1995 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مالىيىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى پەقەت %55.7 بولغان. مالىيە كۈچى چەكلىك بولغانلىقتىن 1991 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ يەرلىك مالىيىسىدىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم قىلىش چىقىمىنىڭ ئومۇمىي يەرلىك مالىيە چىقىمى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا %5.4، %5.2، %4.7، %4.4، %3.6 بولۇپ، يىلدىن يىلغا كېمىيىپ ماڭغان، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنىڭ ئاز بولۇشى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلىمايلا قالماستىن، بەلكى تۈرلۈك يېزا مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى رايونلاردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئۆزىگە بولىدىغان مەبلىغى كەمچىل بولغانلىقتىن، كۆپ ساندىكى كارخانىلار قەرز ئارقىلىق ئايلانماقتا. كارخانىلارنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى يۇقىرى، ئۆزىنى جۇغلاش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېتەرلىك مۇھىت ئاسراش مەخسۇس راسخوتى بولمىغانلىقتىن، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى نورمال قانات يايدۇرۇشقا ئامالسىز.

5) يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇن بەلگىلىمىسى مۇكەممەل ئەمەس. يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتى يۈرۈشلەشتۈرۈلمىگەن. مۇھىت باشقۇرۇش ۋە مۇھىت نازارەت قىلىش ئۆلچەم ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل ئەمەس. مۇھىت ئاسراش خىزمىتى دائىم مۇۋاپىق بولمىغان مەمۇرىي جەھەتتىن ئارىلىشىشقا ئۇچرايدۇ. بۇ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزام ۋە مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ ھوقۇقىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، بيۇروكراتلىق ۋە چىرىكلىك ھەرىكەتلىرىگە نىسبەتەن قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنىشتەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## 3. «9 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى شىنجاڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئ[illegible]لدىنى ئېلىشتىكى تەدبىرلىرى

بۇندىن كېيىنكى ئۇزۇن مەزگىلدە، پۈتۈن مەملىكەت، جۈملىدىن شىنجاڭ مىقياسىدا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى يېزا ئىگىلىكنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشتا دۇچ كېلىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلە. دۆلىتىمىزنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىللىق ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشانغا ئاساسەن مۇھىتنى كونترول قىلىشتىكى يېقىنقى مەزگىللىك نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: 2000 - يىلى ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كېرەكسىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتىنى %83 گە، كېرەكسىز گازنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتىنى %86 گە، قاتتىق كېرەكسىز ماددىلاردىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش نىسبىتىنى %50 گە يەتكۈزۈش، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ بۇلغىنىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئومۇمىي نىشانغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيە مۇھىت ئاسراشتىكى «9- بەش يىللىق» نىشانىنى، يەنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سانائەت كېرەكسىز گازىنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتىنى %75 گە، سانائەت كېرەكسىز سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتىنى %70 گە يەتكۈزۈپ، بىر قىسىم نۇقتى-

لىق شەھەر ۋە قىسمەن رايونلارنىڭ مۇھىت سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپ، ئېكولوگىيە ۋە مۇھىتنىڭ يامانلىشىش ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى روشەن پەسەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىغا نىسبەتەن، تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

1) يېزا - بازار كارخانىلىرى داۋاملىق تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىشى كېرەك. شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا مەبلەغ، تېخنىك ھەم ئىقتىساد ئىگىلىرى كەمچىل بولغان، قىسقا مۇددەت ئىچىدە مۇھىت بۇلغىنىشنى باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش سېلىنمىسىنى زور مىقداردا ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىغان شارائىتتا، قانداق قىلغاندا ئەڭ تۆۋەن مۇھىت بەدىلى بىلەن يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. بۇنىڭ بىردىن - بىر چىقىش يولى داۋاملىق تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىشتىن ئىبارەت. داۋاملىق تەرەققىي قىلىش يولى مەزكۇر دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش بىلەن بىللە كېيىنكى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا خەۋپ يەتكۈزمەسلىك، بىر رايون ياكى بىر دۆلەت كىشىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش بىلەن بىللە باشقا رايون ياكى باشقا دۆلەت كىشىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا خەۋپ يەتكۈزمەسلىكتەك تەرەققىيات يولىدىن ئىبارەت بولۇپ ئۇنىڭ يادروسى نوپۇس بىلەن بايلىق، ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە مۇھىتنى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

مۇناسىۋەتلىك تارماقلار پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەرقايسى تەرەپ كۈچلىرىنى تەشكىللەپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى تەتقىق قىلىشى ۋە بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشى كېرەك. داۋاملىق تەرەققىي قىلىشنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى، بايلىق سەرپىياتى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ۋە مۇھىت ئاسراش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا تونۇش ھەم توغرا ھەل قىلىش لازىم. يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە ۋە قىسمەن مەنپەئەتكىلا ئېتىبار بېرىپ ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە ئومۇمىي مەنپەئەتكە ئېتىبار بەرمەيدىغان، ئىشلەپچىقىرىشتا سان بىلەن سۈرئەتنىلا قوغلىشىپ سۈپەت ۋە ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەھۋاللىرىنى ئىمكانقەدەر ئۆزگەرتىش كېرەك. ئۆز جايىنىڭ ئەۋزەللىكىگە قاراپ ئىش كۆرۈش، كۆپ تەرەپ ھەرىكەتكە كېلىش، ئەۋزەللىكنى ئۆزئارا تولۇقلاش، ماس تەرەققىي قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، كىچىك شەھەر - بازار سودا - سانائىتىنى، كىچىك رايون قۇرۇلۇشىنى تايانچ قىلىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ بىرىكىشىنى سەرخىللاشتۇرۇش، كارخانا كۆلىمىنى تەدرىجىي كېڭەيتىش، ئۈلگىلىك ئېكولوگىيىلىك يېزا (بازارلىق) كەنت سىناق نۇقتا قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر يۈرۈش ئېكولوگىيە جەھەتتىكى تىپىك يېزا - بازار كارخانا سانائەت رايونىنى بەرپا قىلىش كېرەك. تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا خۇلاسىلاپ ھەم كېڭەيتىپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەرتىپلىك يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى 1000 نۇقتىلىق يېزا - بازار كارخانىسىنىڭ «داۋاملىق تەرەققىي قىلىش يولىدا» مېڭىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

2) يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ھالقىسى ھازىرقى يېزا - بازار كارخانىلىرىغا نىسبەتەن تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى ئىلگىرىلىشىنى تېزلىتىش كېرەك. «9 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە يېزا- بازارلاردىكى ئاساسلىق كارخانىلارنىڭ يېنىك ئىگىلىك باشقۇرۇشتىن تۈجۈپىلەپ ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ئۆتۈشىنى نۇقتىلىق تۇتۇش كېرەك. يېزا - بازار كارخانىلىرى ئۆز يېرىنىڭ بايلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان سانائەت ۋە ئاساسىي سانائەتنى كۈچەيتىشى كېرەك. كان بايلىقى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۈنىۋېرسال پايدىلىنىشتا، تەدرىجىي كۆلەملىك ئىگىلىكنى بەرپا قىلىش كېرەك. يېقىن مەزگىل ئىچىدە كۆپ ساندىكى «كىچىك، كەمبەغەل، زىيان تارتىۋاتقان» ھەم مۇھىتنى بۇلغاش نىسبىتى يۇقىرى بولۇۋاتقان كارخانىلارغا نىسبەتەن، كارخانا كۆلىمى مۇۋاپىق بولۇش، كەسىپلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشقا قولايلىق بولۇش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قولايلىق بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن ھەسسىدارلىق، ھەمكارلىق تۈزۈمى ۋە بىرلىشىش، قوشۇۋېتىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئىجارىگە بېرىش، تالاشتۇرۇپ سېتىش، باشقۇرۇشقا ھاۋالە قىلىش، چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللى-

نىپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە تەڭشەش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىر قىسىم ئۇزۇن مۇددەت زىيان تارتىپ كەلگەن ۋە مۇھىتنى بۇلغاش نىسبىتى يۇقىرى بولغان يېزا - بازار كارخانىلىرىغا نىسبەتەن تاقاش ياكى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشنى يولغا قويۇش كېرەك. مۇشۇ ئاساستا چەكلىك مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشتە سەرخىللىرىنى تاللاپ كارخانىلارنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇش، ئومۇمىي ساپاسىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

3) يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مۇھىت ئاسراش تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. يەنى، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇھىت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بازار ئىگىلىكى ۋە كارخانىلارنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا ماسلىشالايدىغان، نىسبەتەن يۇقىرى ئوقۇش تارىخى ۋە پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە بىر يۈرۈش مۇنەۋۋەر كارخانىچىلارنى تەربىيىلەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك. بۇ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇھىت ئاسراش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇنىڭدا ئاساسلىقى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مۇھىت ئاسراش لاھىيىسى ۋە پىلانىنى، بۇلغانغان نەرسىلەرنىڭ چىقىرىلىشى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۆلچىمىنى بېكىتىش، بۇلغانغان نەرسىلەرنى نازارەت قىلىش، ئۆلچەش ۋە مۇھىت سۈپىتىنى باھالاش، تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش، ئاسراش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، مۇھىت ئاسراش قانۇن - قائىدىلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، مۇھىت ئىلمىي تەتقىقاتى ۋە مۇھىت ئاسراش تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. بولۇپمۇ ناھىيە، يېزا، كەنت كادىرلىرى ۋە كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى مۇھىت ئاسراش بىلەن ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىشىغا ئاساس سېلىش كېرەك.

4) مۇھىت ئاسراش قانۇن - قائىدىلىرى ۋە سىياسەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ تەدرىجىي ھالدا مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى قانۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇش كېرەك. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق، بايلىق ۋە مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى قانۇن - قائىدىلەرنى تۇرغۇزۇش، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئېلىمىز ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى بىر يۈرۈش قانۇن - تۈزۈم ۋە ئۆلچەملەرنى ئېلان قىلدى. ئەمما مۇناسىۋەتلىك قانۇن - قائىدىلەر مۇكەممەل بولماسلىق، ماسلاشماسلىق، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشتەك ھادىسىلەر يەنىلا مەۋجۇت بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇن - قائىدىلەرنى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇپ، قانۇن ۋە ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، شەھەر سانائىتىنىڭ قالاق، سەرپىياتى يۇقىرى بولغان ھۈنەر- سەنئەت ئۇسكۈنىلىرى ۋە بۇلغىنىش كەسپلىرىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىغا يۆتكىلىشى ۋە كېڭىيىشىنى چەكلەش ۋە كونترول قىلىش لازىم.

5) يېزا كەنتلەرگە مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئاكتىپ ۋە مۇۋاپىق ھالدا سىرتنىڭ مەبلىغىنى جەلپ قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا، «9 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە «يېزا ئىگىلىك قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئىجرالاشتۇرۇپ، «يېزا ئىگىلىك قانۇنى»غا ئاساسەن يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسىنى، يەنى مالىيە خامچوت ئىچىدىكى مەبلەغ ۋە كىرىدىت مەبلىغىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىش نىسبىتىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. يېقىن مەزگىل ئىچىدە يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتا قىلىش، بىر تەرەپتىن يېزىلارنىڭ يول، سۇ، توك بىلەن تەمىنلەش، يېزا ئېنېرگىيە، پوچتا ئالاقە، ئىسكىلاتتا ساقلاش، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، سەھىيە، كۆڭۈل ئېچىش ۋە كۆكەرتىش قاتارلىق ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئېكولوگىيىلىك بازار كەنتلەرنى قۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن چەتكە چېتىشلىق (مۇناسىۋەتلىك) قانۇن قائىدىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ يېزىلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان مۇلازىمەتلىرىنى ياخشىلاش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، چەت ئەل سودىگەرلىرىگە نىسبەتەن ئېتىبار بېرىش سىياستىنى يولغا قويۇپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، چەت ئەل مەبلىغىنى تەستىقلاش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىقتىساد تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇپ ئىلغار تېخنىكا ۋە ئەسلىھەلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن كىرگۈزۈش، خەلقئارا پۇل - مۇئامىلە تەشكىلاتلىرى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەر

تەمىن ئېتكەن ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك، تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇللارنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش، چەت ئەل بانكىلىرىنىڭ ئىمكانقەدەر بۇرۇنراق شىنجاڭدا تارماق ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى ئورتاق مەبلەغ چىقىرىپ بانكا ئېچىش، تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە سودا كارخانىلىرىنى پۇل، مەبلەغ، تېخنىكىلارنى شىنجاڭنىڭ جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان مۇھىت ئاسراش كەسپىگە سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئېلىمىز مۇھىت ئاسراش بانكىسى قۇرۇشنى ئويلىشىپ كىرىدىت مۇلازىمىتىنى يولغا قويسا بولىدۇ.

6) شىنجاڭنىڭ مۇھىت ئاسراش كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئېلىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش كەسپى خەلق ئىگىدىلىكى قۇرۇلمىسىدا مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى مۇھىت ئاسراش ماشىنىلىرىنى ياساش، تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداش، ئېچىش ۋە باشقۇرۇش، مۇھىت قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيادىكى سانائىتى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان، مەبلىغى يېتەرلىك بولغانلىقتىن مۇھىت ئاسراش كەسپى تەرەققىي قىلغان. 1992 - يىلى مۇھىت ئاسراش تېخنىكا خەلقئارا بازىرىنىڭ تىجارەت سوممىسى 295 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ مۇھىت ئاسراش كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 134 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 1991 - يىلى ئېلىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش كەسپىنىڭ مەھسۇلات ئېكسپورت سوممىسى 28 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ سانائىتى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن تولىمۇ ئارقىدا. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىمىزنىڭ 95% مۇھىت ئاسراش كارخانىلىرى يېزا-بازار كارخانىلىرىدۇر. يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك، تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىشلەپچىقارغان مۇھىت ئاسراش مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، سۈپىتى ناچار، دەرىجىسى تۆۋەن، زىيانلىق نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز. ھالبۇكى، ئېلىمىز نوپۇسىنىڭ ئېشىشى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مۇھىت ئاسراش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شىنجاڭنىڭ مۇھىت ئاسراش كەسپىلىرىنىڭ تەرەققىياتى نۆۋەتتە يەنىلا دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن «9- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىز مۇھىت ئاسراش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم كەسىپ قاتارىدا تۇتۇپ مەبلەغ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن قوللاش ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، كارخانىلارنىڭ مۇھىت بۇلغاش ئەھۋالىنى تېزدىن ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «جۇڭگو مۇھىت ستاتىستىكا يىللىق توپلىمى» 1994 .

2. «شىنجاڭ ستاتىستىكا يىللىق توپلىمى» 1996 .

3. جاڭ كۇنمىن: «داۋاملىق تەرەققىي قىلىش نەزەرىيىسى ھەققىدە» ، جۇڭگو مۇھىت پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 1996 - يىل نەشرى.

4. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانى توغرىسىدىكى تەكلىپ» .

5. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىلغىچەبولغان كەلگۈسى نىشانى توغرىسىدىكى تەكلىپ» .

6. ئاپتورنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىت بۇلغىنىش ئەھۋالى، سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرى ھەققىدە» ، (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1997 - يىللىق 3 - سان) ناملىق ماقالىسى.


(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

1998 - يىلى 3 - ئاي　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　19 - يىللىق 1 - سان
1998 年 3 月　　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　　第 19 卷第一期

# ئىقتىسادىي قانۇننىڭ تەڭشەش ئوبيېكتى توغرىسىدا

رىشات مۆمىن*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئىقتىسادىي قانۇننىڭ تەڭشەش ئوبيېكتى، ئىقتىسادىي قانۇننىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جۈملىدىن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىش جەريانى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要:** 本文联系经济法的产生、发展以及国家对经济活动的干预过程分析经济法的调整对象。

**Abstract:** In this article, the writer analysed the object of adjustment in the law of economy by contact with the forming. developing and the course of intervening from the country.

ئىقتىسادىي قانۇننىڭ تەڭشەش ئوبيېكتى مەسىلىسى ئىقتىسادىي قانۇن نەزەرىيىسىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدە تالاش - تارتىش ئەڭ ئۇزۇن داۋاملاشقان، ئىقتىسادىي قانۇننىڭ نۇرغۇن مەسىلىلىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ھالقىلىق مەسىلە. گەرچە ئىقتىسادىي قانۇنشۇناسلىقنىڭ مۇستەقىل بىر پەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققىنىغا 70 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن قانۇنشۇناسلارنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قىزىقىشى ھازىرغىچە سۇسلاشقىنى يوق، ئەكسىچە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي قانۇننىڭ تەڭشەش ئوبيېكتى مەسىلىسى ئىقتىسادىي قانۇننىڭ باشقا مەسىلىلىرىگە قارىغاندا يەنىلا ئەڭ قىزغىن مۇلاھىزە نۇقتىسى بولماقتا.

ئىقتىسادىي قانۇننىڭ تەڭشەش ئوبيېكتىغا قارىتا ئىقتىسادىي قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە مەمۇرىي قانۇن ساھەسىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىلا پىكىر ئىختىلاپى بولۇپ قالماستىن، شۇ ساھەدىكىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان قاراشلار مەۋجۇت. گەرچە ئىقتىسادىي قانۇننىڭ تەڭشەش ئوبيېكتى مۇئەييەن دائىرىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئىكەنلىكى قانۇنشۇناسلار تەرىپىدىن ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن پىكىر بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت زادى قانداق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، ئۇنىڭ دائىرىسى قانچىلىك دېگەن مەسىلە يەنىلا تالاش - تارتىش ئۈستىدە تۇرماقتا. بۇ مەسىلىگە بىر قەدەر توغرا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن مەسىلىنى ئىقتىسادىي قانۇننىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش نۇقتىسىدىن كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

* رىشات مۆمىن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئىقتىساد بىلەن قانۇن ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن تارىخ، شۇنداقلا ئىقتىساد بىلەن قانۇننىڭ مۇۋاپىق باغلىنىش - باغلانماسلىقىدىن جەمئىيەت تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ياكى ئارقىغا چېكىنگەن تارىخ. تارىختا ھەرقانداق بىر خىل تۈزۈم، ھەرقانداق بىر دۆلەت ياكى رايون ئۆز ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا قانداق قىلغاندا ئىجتىمائىي بايلىقلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى ئەڭ ياخشى ھالەتتە بىرلەشتۈرگىلى ۋە شۇ ئارقىلىق ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىگە دۇچ كەلمەي قالمىغان. ئىقتىسادىي قانۇن دەل شۇ خىل ئېھتىياج تۈپەيلىدىن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان.

ئىقتىسادىي قانۇننىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى — دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قانۇندىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشىدىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي قانۇن دۆلەت ۋە قانۇننىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ھەم دۆلەت ۋە قانۇننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان. دەرۋەقە قەدىمكى زاماندا «ئىقتىسادىي قانۇن» دېگەن ئۇقۇم بولمىغان، لېكىن دۆلەت بولغانىكەن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشى تەبىئىي. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ قۇللۇق جەمئىيىتىدىكى شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى پادىشاھقا مەنسۇپ بولۇپ، يەر ئېلىش - سېتىشقا يول قويۇلمىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى X Ⅷ ئەسىردىكى بابىل قۇللۇق تۈزۈمىدىكى پادىشاھلىقنىڭ «خامورابى قانۇن كودېكسىنىسى» دىمۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بىراق ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈملەر بىر قەدەر ئاددىي ۋە ئاجىز، قانۇنلارمۇ نۇرغۇن قانۇنلارنىڭ بىرلەشمىسى بولغانلىقتىن، «ئىقتىسادىي قانۇن» دېگەن مۇستەقىل نام بولمىغان، ھەمدە ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئىقتىسادىي قانۇنمۇ بارلىققا كەلمىگەن. ئەگەر ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي قانۇنى بارلىققا كېلىشتىن ئاۋۋالقى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشىنى بەلگە قىلغان قانۇن - تۈزۈملەرنى قەدىمكى زامان ئىقتىسادىي قانۇنى دەپ ئاتىساق، ئۇنداقتا ئەركىن كاپىتالىزمدىن كېيىنكى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مونوپول كاپىتالىزمدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي قانۇننى ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي قانۇنى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئىنسانلار جەمئىيىتى كاپىتالىزم دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى، خۇددى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دا كۆرسىتىلگەندەك: «بۇرژۇئازىيىنىڭ يۈز يىلغا يەتمىگەن سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىلگىرى بارلىق دەۋرلەردە يارىتىلغان ھەممە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە قارىغاندا يەنىمۇ كۆپ، يەنىمۇ زور بولدى ··· ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ئۆزىگە شۇنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ئۆتكەن ئەسىرلەرنىڭ قايسى بىرى ئويلاپ يېتەلىگەن؟ » .① كاپىتالىزم دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ياراتقان بۇ خىل سېھىرلىك كۈچ — بازار مېخانىزمىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىدۇر. پۈتكۈل كاپىتالىزمنىڭ ئەركىن رىقابەت مەزگىلىدە كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئاساسلىقى ئادام سىمىتنىڭ «ئەركىن مەيلىگە قويۇپ بېرىش» ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشىنى ئاجىزلاشتۇردى، ئەينى ۋاقىتتىكى قانۇنلاردىمۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلاشماسلىقى، ئەركىن رىقابەت ۋە ئەركىن سودىنى قوغدىشى ئالاھىدە گەۋدىلەندى، كاپىتالىزم ئەركىن رىقابەت باسقۇچىدىن مونوپول باسقۇچقا تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى ئىنتايىن ئۆتكۈرلەشتى، ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي كىرىزىسلار بۇرژۇئا ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سېلىپ، كاپىتالىزمنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئاساسىنى تەۋرىتىۋەتتى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بۇرژۇئا ھۆكۈمەتلىرى «ئەركىن مەيلىگە قويۇپ بېرىش» ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، روزۋېلتنىڭ «يېڭى سىياسىتى» ھېسابلانغان ئىقتىسادىي تەلىماتنى، ئەنگلىيىلىك كېينىسنىڭ «دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىش» نەزەرىيىسىنى قوبۇل قىلدى. شۇڭا بۇ مەزگىللەردە ھەرقايسى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشى ئاساسىي بەلگە قىلىنغان ئىقتىسادىي قانۇنلار ئارقا - ئارقىدىن تۈزۈلدى ۋە ئېلان قىلىندى. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ «پۈتۈن مەملىكەت سانائىتىنى قايتا گۈللەندۈرۈش قانۇنى»، «جىددىي بانكا قانۇنى»، «يېزا ئىگىلىكىنى تەڭشەش قانۇنى» قاتارلىقلار؛

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى 1 - توم 256 - بەت.

ياپونىيىنىڭ «يۇقىرى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش-
نى مۇكاپاتلاش قائىدىسى» ، «ئېكسپورت مەھسۇ-
لاتلىرىغا تۆلەم بېرىش قانۇنى» ، «مونوپولىيىنى
مەنئى قىلىش قانۇنى» ، «ئىسپمالچىلارنى قوغ-
داشنىڭ نېگىزلىك قانۇنى» قاتارلىقلار؛ فرانسى-
يىنىڭ «شىركەت قانۇنى» ، «ۋەيران بولۇش قانۇ-
نى» ، «تاشقى سودا قانۇنى» قاتارلىقلار. گېرمان-
يىنىڭ «تۇراقلاشتۇرۇش قانۇنى» ، «كارتېل قانۇ-
نى» ، «كۆمۈرچىلىك ئىقتىسادىي قانۇنى» قاتار-
لىقلار. بۇ مەزگىللەردە، ئىقتىسادىي قانۇن مىسلى
كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، نەتىجىدە
مۇستەقىل بىر تارماق قانۇن سۈپىتىدىكى ئىقتىسا-
دىي قانۇن يەنى ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئىقتى-
سادىي قانۇن بارلىققا كەلدى.

ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي قانۇنىنىڭ بارلىققا
كېلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى چوڭ
ۋەقە، شۇنداقلا قانۇنچىلىق تەرەققىياتىدىكى يېڭى
بىر سەھىپە. شۇندىن ئېتىبارەن ئىقتىساد بىلەن
قانۇننىڭ باغلىنىشى تارىختىكى ھەرقانداق بىر
مەزگىلدىكىدىن زىچ بولدى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي
پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشمۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا
تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇر-
مۇشقا ئارىلىشىشىدىكى بىر يۈرۈش سىستېما شە-
كىللەندى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەر مالىيە، باج،
پۇل، كىرېدىت، باھا، پايدا نىسبىتى ۋە پېرۋوت
نىسبىتى قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭلاردىن كەڭ
كۆلەمدە پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە
ئارىلاشتى ۋە ئۇنى تەڭشىدى، بۇ مەزگىللەردە دۆ-
لەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشىنىڭ
دائىرىسىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ، ئىقتىسادىي
پائالىيەتلەرنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ساھەسىنى قاپ-
لىدى، ھەتتا خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر-
گىچە بېرىپ يەتتى. نەتىجىدە غەرب ئىقتىسادىي
قانۇنشۇناسلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قانۇننىڭ تەڭشەش
ئوبيېكتىغا بولغان قاراشلىرىمۇ بارغانسېرى يېقىن-
لىشىپ، دۆلەتنىڭ قولىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسا-
دىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش نۇقتىسىغا مەركەز-
لەشتى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا
دۆلەتلىرىدە، ئىقتىسادىي قانۇننىڭ بارلىققا كېلى-
شى غەرب دۆلەتلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە
جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قا-
نۇنلىرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئورنىتىلىشى،
پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ
ئىگىلىك باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىگە ماسلاشقان
ھالدا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئىز-
چىل ئارىلىشىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى ۋە تە-
رەققىي قىلدى. بۇ دۆلەتلەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش-
نىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھا-
تىنىڭ تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ،
ئىلگىرى - كېيىن نۇرغۇن ئىقتىسادىي قانۇن -
نىزاملارنى تۈزدى ۋە ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە
چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنى ئۆزگىچە
بولۇپ، 1964 - يىلى دۇنيا بويىچە تۇنجى شۇنداقلا
بىردىنبىر ئىقتىسادىي قانۇن كودېكسى —
«چېخوسلوۋاكىيە سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى-
نىڭ ئىقتىسادىي قانۇن كودېكسى» ئېلان قىلىن-
دى. گەرچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي
ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنى سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىما-
ئىي تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بىكار قى-
لىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قا-
نۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن تەرەققىياتىدا ۋە دۆ-
لەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشى
جەريانىدا ئوينىغان رولىنى ھەرگىز يوققا چىقى-
رىشقا بولمايدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي قا-
نۇنى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى ئىقتى-
سادىي قانۇنلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا بار-
لىققا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى، ھەمدە دۆلەتنىڭ
ئىگىلىك باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنىڭ كۈچىيىشى-
گە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ تېزلىتى-
لىشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ تاكامۇللاشتى. سوتسى-
يالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن
تاماملاش جەريانىدىكى يەتتە يىلدا دۆلىتىمىزنىڭ
ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتى زور نەتىجى-
گە ئېرىشتى. ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىزم قۇرۇش
باشلانغان 10 يىلدا دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قا-
نۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلىشى بىر قە-
دەر ئاستا بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»
مەزگىلىدە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتى-
سادىي قۇرۇلۇشى ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئېغىر
بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇ مەزگىللەردە دۆلەت-
نىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشى زىيادە
ئارتۇق بولدى. نوقۇل مەمۇرىي بۇيرۇققا تايىنىش
ئاساس قىلىندى. 1976 - يىلىدىن كېيىن، بو-
لۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى-
نىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن «ئىسلاھات
قىلىش، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش» فاڭجېنى-
نىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلى-
تىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتى
زور دەرىجىدە كۈچەيتىلدى. 1984 - يىلى ماقۇللان-
غان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغ-

رىسىدىكى قارارى»دا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش دېگەن باش تەلەپكە بىنائەن ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى يەنىمۇ ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش چاقىرىق قىلىندى ھەمدە ئىقتىسادىي قانۇنچىلىق خىزمىتى ھەققىدە ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ قەدىمى يەنىمۇ تېزلىتىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان قانۇن سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش تەكىتلەندى، ھەمدە 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى» دە «دۆلەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويىدۇ»، «دۆلەت ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەشنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ» دەپ بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شۇنىدىن ئېتىبارەن دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىركەت قانۇنى»، «ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى»، «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى»، «جۇڭگو خەلق بانكىسى قانۇنى»، «سودا بانكىسى قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلار تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىندى، ھەمدە «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»، «پاتېنت قانۇنى»، «تاۋار ماركىسى قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. نۆۋەتتە يەنە بىر قىسىم ئىقتىسادىي قانۇنلار ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قانۇن ئارقىلىق ئارىلىشىشى كۈنسايىن كۈچەيتىلىدۇ ھەم مۇۋاپىقلىشىدۇ. نەتىجىدە ئىقتىسادىي قانۇنمۇ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىدۇ ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. ئىقتىسادىي قانۇننىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن ۋە بۇ خىل تەرەققىيات جەريانىدا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىش ئەھۋالىدىن ئىقتىسادىي قانۇننىڭ تەڭشەش ئوبيېكتىنى كۆزەتكەندە، ئىقتىسادىي قانۇن تەڭشەيدىغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش تەس ئەمەس. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدۇ. بۇ خىل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. بازار سۇبيېكتلىرىنى باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى. بازار سۇبيېكتلىرى دېگەندە، بازاردىكى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتىگە قاتناشقۇچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جۈملىدىن ئۇ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بازار سۇبيېكتلىرى سىستېمىسىدا كارخانىلار ئەڭ ئاساسلىق سۇبيېكت ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۆزگەرتىلىشى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلىشى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىنى، شۇنداقلا باشقا بازار پائالىيىتىگە قاتناشقۇچىلارنى بەك كۆپ، بەك قاتتىق باشقۇرۇۋەتسە بولمايدۇ، ئەمما، باشقۇرماي قويۇۋەتسىمۇ بولمايدۇ. بەلكى ئۇنى مۇۋاپىق دەرىجىدە باشقۇرۇشى كېرەك. بازار سۇبيېكتلىرىنى باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئىقتىسادىي قانۇن تەڭشىشى كېرەك. مۇنداق قىلغاندا بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئورنىنى قانۇنىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق مۇستەقىل تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

2. بازار تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇناسىۋىتى. بازار تەرتىپى بازار ھەرىكىتىنىڭ ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. بازار ھالىتى نورمال ھالەت ۋە نورمالسىز ھالەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. نورمال بازار ھالىتىدە بازار مېخانىزمىنىڭ ئايلىنىشى ياخشى، بازار سودىسى مۇقىم، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى ئۈنۈملۈك قوغدالغان بولىدۇ؛ نورمالسىز بازار ھالىتىدە بازار تەرتىپى قالايمىقان، مونوپولىيە ۋە ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرى ئەۋج ئالغان، بازارنىڭ بايلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك رولى ئۆز كۈچىنى يوقاتقان بولىدۇ. ھالبۇكى، بازارنىڭ ئۆزىدە مونوپولىيە ۋە ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرىنى يوقاتقۇدەك كۈچ بولمايدۇ، مانا بۇ ھال دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىغا، بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بازار تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا مۇھتاج

بولىدۇ. بازار تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇنا-
سىۋىتىنى ئىقتىسادىي قانۇن تەڭشىشى كېرەك.
مۇنداق قىلغاندا، بازارغا دائىر قائىدە - نىزاملارنى
مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مونوپولىيە ۋە ناتوغرا رىقا-
بەت قىلمىشلىرىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، بازار تەرتى-
پىنى قوغداپ، بازارنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا
ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

3. ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىن-
لەش مۇناسىۋىتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلى-
كىنى يولغا قويۇشتا، جەزمەن ۋاستىلىق ئۇسۇل-
نى ئاساس قىلغان ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش -
تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.
بازار بايلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈم-
لۈك، ئەڭ ياخشى ۋاستىسى، بىراق ئۇ ھەممىگە
قادىر ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆزىدىمۇ نۇرغۇن نۇقسان
بار، يەنى، ئۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىما-
ئىي ئۈنۈمنى پۈتۈنلەي بىرلەشتۈرۈپ كېتەلمەيدۇ،
ناتوغرا رىقابەت ۋە مونوپولىيە قىلمىشلىرىنى ئۆز-
لۈكىدىن يوقىتالمايدۇ، ئىجتىمائىي كىرىمنىڭ ئا-
دىل تەقسىملىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. شۇڭا،
دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ۋە كەلگۈسى مەنپە-
ئەتىنى چىقىش قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۆز-
لۈكسىز، مۇقىم، ماس ھالدا ئېشىشىغا كاپالەتلىك
قىلىش ئۈچۈن پىلان، مەبلەغ سېلىش، مالىيە،
باج، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلى-
نىپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى ئومۇمىي جەھەت-
تىن تەڭشەپ تىزگىنلەش ئىنتايىن زۆرۈر. ئومۇ-
مىي جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەش مۇناسىۋىتى-
نى ئىقتىسادىي قانۇن تەڭشىشى كېرەك. مۇنداق
قىلغاندا، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش، تىزگىن-
لەشنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازار-
نىڭ ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، باي-
لىقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى سەرخىللاشتۇ-
رۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام، پۇختا قەدەم
بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بو-
لىدۇ.

4. ئىجتىمائىي كاپالەت مۇناسىۋىتى. سوت-
سىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، جەزمەن
كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى
بەرپا قىلىش كېرەك. بازار ئىگىلىكى بولىدىكەن
رىقابەت بولىدۇ، رىقابەت جەريانىدا خەۋپ - خەتەر
بولىدۇ. بازارنىڭ ئۆزى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلال-
مايدۇ، شۇڭا ئەمگەكچىلەر خەۋپ - خەتەرگە ئۇچ-
رىسا، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك
قىلىش ئۈچۈن دۆلەت ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىشى-
شى، مەجبۇرىي يولغا قويۇلىدىغان، ئۆزئارا قۇتقۇ-
زۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش خاراكتېرىنى ئالغان
ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشى كې-
رەك. ئىجتىمائىي كاپالەت مۇناسىۋىتىنى ئىقتىسا-
دىي قانۇن تەڭشىشى كېرەك. مۇنداق قىلىش ئەم-
گەك كۈچى بايلىقىنى تولۇق ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن
مۇۋاپىق پايدىلىنىش، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاساسىي
تۇرمۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، جەمئىيەت-
نىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، ئىگىلىك تەرەققىياتى-
نى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

5. چەتكە چېتىشلىق ئىقتىسادىي مۇناسى-
ۋەت. سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېلى-
مىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك توپ دۆلەت سىياسىتى،
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى
تېزلىتىشنىڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك تەدبىرى.
بۇنىڭ ئۈچۈن چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىساد،
تېخنىكا ئالاقىسىنى ۋە ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىش
كېرەك. چەتكە چېتىشلىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت-
لەرنى ئىقتىسادىي قانۇن تەڭشىشى كېرەك. مۇن-
داق قىلىش چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودىنى
راۋاجلاندۇرۇپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنى جۇڭ-
گوغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىپ، باي-
لىقلارنى ئورتاق ئېچىش، ئىلغار تېخنىكا كىرگۈ-
زۈش، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇ-
رۇشتا ئىنتايىن پايدىلىق.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. گوئوۋېي باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئىقتىسادىي قانۇن ئاساسىي نەزەرىيىسى»، مەركىزىي رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1993 - يىلى 2 - ئاي نەشرى.

2. ياڭ زىخېڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئىقتىسادىي قانۇنشۇناسلىق»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسى-تېتى نەشرىياتى، 1994 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

3. پەن جىڭچېڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئىقتىسادىي قانۇن ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، جۇڭگو مالىيە - ئىقتىساد نەشرىياتى، 1996 - يىلى 3 - ئاي نەشرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

1998 - يىلى 3 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 19- يىللىق 1- سان
1998 年 3 月 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 第 19 卷第一期

# زەھەرلىك چېكىملىك جىنايىتىنىڭ رايونىمىزدىكى ھازىرقى ئەھۋالى، پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرى ھەققىدە

ئالىم قادىر*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، زەھەرلىك چېكىملىك (خېروئىن) جىنايىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھازىرقى ھالىتى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، تېز سۈرئەتتە يامراپ كېتىشى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئىگىلىك ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كەلتۈرگەن ئېغىر زىيىنى ۋە بۇ خىل جىنايەتنى چەكلەش، ئالدىنى ئېلىشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەر قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文简要论述毒品犯罪在新疆的现状、成因，迅速泛滥给社会、经济和人民生活带来的严重危害以及限制、预防此类犯罪的必要措施。

**Abstract**: The author discusses briefly the present situation of drug crimes in Xinjiang, its cause and spread, its danger to society, economy, life and preventative measures.

ئىنسانلار 21 - ئەسىرگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان، مەنىۋى ئەخلاق، گۈزەللىك، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى كىشىلەرنىڭ ھايات مىزانىغا ئايلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىر قىسىم ناچار تۇرمۇش ئادىتى ۋە بۇيۇملار كىشىلەر تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ زور سەلبىي تەسىر پەيدا قىلدى. ئەپيۇن، خېروئىن، مورفىن، كوكايىن ۋە نەشىدىن ئىبارەت زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئەنە شۇ چىرىتكۈچى ئامىللار ئىچىدىكى تەسىرى ئەڭ چوڭ، كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئەڭ ئېغىر بولغان، تۇرمۇشقا خاتىرجەمسىزلىك، سالامەتلىككە ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى چىرىتكۈچىدۇر.

خېروئىن ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان بىر خىل زەھەرلىك چېكىملىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئىنتايىن زور.

خېروئىن ئەڭ دەسلەپ 1874 - يىلى ئەنگلىيىدىكى خىمىيە ئالىمى س . ر لەيتېرنىڭ كېسلاتا ئانھىدرىد بىلەن مورفىننى خىمىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق بىرىكتۈرۈپ، بىر خىل ئاق كرىستال ماددىنى ھاسىل قىلىشى بىلەن پەيدا بولغان. گېرمانىيىنىڭ بىر شىركىتى ئۇنى ئۆتكۈر مەس قىلىش دورىسى سۈپىتىدە ئىشلەپچىقىرىپ 1898-

* ئالىم قادىر: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

يىلى ئۇنىڭغا خېروئىن (heroin) دەپ ماركا بېكىتىپ ساتقان. خېروئىن ئىنتايىن ئۆتكۈر تورمۇزلىغۇچى دورا بولۇپ، ئۆتكۈر زەھەرلىك چېكىملىكلەر تۈرىگە كىرىدۇ. خېروئىننى بەزىلەر يەپ ئىستېمال قىلسا، بەزىلەر بۇرنى ئارقىلىق سۈمۈرۈپ ئىستېمال قىلىدۇ، بەزىلەر تاماكا قىلىپ چېكىپ ئىستېمال قىلسا، يەنە بەزىلەر شپرىس ئارقىلىق ئوكۇل قىلىپ ئىستېمال قىلىدۇ.

## 1. زەھەرلىك چېكىملىك جىنايىتىنىڭ رايونىمىزدىكى ھازىرقى ئەھۋالى

خېروئىن ئاپتونوم رايونىمىزغا 1980 -يىللارنىڭ ئاخىرىدا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يامراش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولدى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا خېروئىن چېكىدىغانلارنىڭ سانى 13 مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ %70 تى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر بولۇپ، ئۇلار 60 تىن كۆپرەك ناھىيە ۋە شەھەرگە تارقالغان.

ئاپتونوم رايونىمىز سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىداش بولۇپ، 16 چېگرا ئېغىزى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن. رايونىمىزنىڭ قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەر، جۇملىدىن ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسى بار. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئايرىم كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى ئازراق مەنپەئەتنى دەپ مىللەتنى ۋەيران قىلىدىغان قانۇنسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، زەھەرلىك چېكىملىكنى رايونىمىزغا ئېلىپ كىرگەن، يەنى زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى شىنجاڭنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تۈرلۈك يوللار بىلەن شىنجاڭغا كىرگۈزگەن. مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن ئىگىلىنىشچە، ھازىر رايونىمىزغا زەھەرلىك چېكىملىك ئاساسلىقى گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ سەنيۈەنلى، كۇاڭچۈەن دېگەن يەرلىرىدىن توشۇپ كېلىنىدىكەن. 1991 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە يۇقىرىقى جايلاردا خېروئىن سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇتۇلغان شىنجاڭلىقلارنىڭ سانى 500 دىن ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى %70 كە يەتكەن.①

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى 1993 - يىلىدىن تارتىپ تەھقىقلەپ پاش قىلغان خېروئىن سېتىش چوڭ دېلولىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ جاۋابكارلىرى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇڭشاڭ، لىڭشيا، گۇاڭخې ناھىيىلىرىدىن كەلگەن خېروئىن سودىگەرلىرى بولۇپ چىققان. چەت ئەللىك خېروئىن ئەتكەسچىلىرى قونجىراپ قاتارلىق چېگرا ئېغىزلىرى ئارقىلىق خېروئىننى باشقا ماللار ئارىسىغا يوشۇرۇپ، چېگرىدىن ئېلىپ كىرگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇتۇلغان بولسىمۇ، بەزىلىرى تۇتۇلماي كېلىۋاتىدۇ. تۇتۇلغانلار ئارىسىدا پاكىستان، گوللاندىيە، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەت ئەتكەسچىلىرى بار.

تۆۋەنتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورۇنلىرى «زەھەرلىك چېكىملىك بايقالسا كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، خېروئىن ئەتكەسچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەسىلەن، خېروئىن ئەتكەسچىلىك دېلوسىدىن 1989 - يىلى ئالتە پارچە، 1990 - يىلى 18 پارچە، 1991 - يىل 58 پارچە، 1992 - يىلى 84 پارچە، 1993 - يىلى 540 پارچە پاش قىلىنغان. بۇنىڭدىن خېروئىن دېلوسىنىڭ يىلدىن - يىلغا ھەسسىلەپ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. پەقەت ئۈرۈمچى شەھىرىنىلا مىسالغا ئالساق، 1993 - يىلى پۈتۈن شەھەر بويىچە خېروئىن چېكىدىغانلارنىڭ سانى 6000 ئادەمدىن ئاشقان.② خېروئىن سودىسى قىلىدىغان ئورۇنلار 1989 - يىلىدىكى جەنۇبىي پويىز ئىستانسىسى، جەنۇبىي ئازاتلىق يولى، دۆڭكۆرۈك قاتارلىق ئاز ساندىكى مۇرەككەپ رايونلاردىن ھازىرقى شىخابا، نەنگۈەن، باخۇلياڭ، غالىبىيەت يولى، نەنزىگو، چاڭجياڭ يولى، خېيجاسەن تاغلىق رايونى، ياماللىق تېغى قاتارلىق ئورۇنلارغىچە كېڭەيگەن.

## 2. خېروئىننىڭ ئادەم ئورگانىزمىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

---

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1995 - يىل 22 - ماي، 5 - ئىيۇل سانى.

② «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1995 - يىل 23 - نويابىر سانى.

خېروئىن ئادەمنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىنى نابۇت قىلىدۇ. ئەۋلادلارغا ئاپەت خاراكتېرلىك زور زىيان يەتكۈزىدۇ. خېروئىن چەككۈچىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش، كۆرۈش، ئاڭلاش ھەتتا مېڭىش - تۇرۇش ئىقتىدارى بارغانسېرى ئاجىزلايدۇ. نەپەسلىنىش سىستېمىسىغا تەسىر قىلىپ ئۆپكە سۇلۇق ئىششىقى، گازلىق ئىششىقى، ئۆپكە ياللۇغى، ئۆپكە راكى، كۆكرەك يىرىڭلاش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئادەم بەدىنىنىڭ ئىممونىتلىق ئىقتىدارىنى بۇزۇپ، ھەر خىل كېسەللەرگە بولغان قارشىلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ - دە راك، ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئادەتتە بىر قېتىملا چەككەندىن كېيىن، ئادەم بەدىنىدە خېروئىنغا بېقىندىلىق ئادىتى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. چېكىدىغان خېروئىنىنىڭ مىقدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ ماڭمىسا، خۇمارى قانمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى ۋە ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا خېروئىن چېكىپ يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانى ئاز ئەمەس.

خېروئىن چېكىش يەنە ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇنى چەككۈچىلەرنىڭ ئىرادىسى بوشىشىدۇ، چۈشكۈنلىشىدۇ، تەپەككۇرى قالايمىقانلىشىدۇ، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، مېھرى - شەپقەتسىز، تاش يۈرەك بولۇپ قالىدۇ. ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن كارى بولمايدۇ. جەمئىيەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى ۋە مەسئۇلىيەتلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ. قىسقىسى ئۈچ «يالماۋۇز» نىڭ ئەڭ ئەشەددىيسى بولغان زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارى مىليونېرنى تىلەمچىگە، ئاق كۆڭۈل - مېھرىبان ئادەمنى ۋەھشى قاتىلغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ.

گىتارچى ئەخمەتجان ئاپتونوم رايونىمىزدا داڭق چىقارغان ياش ئىستىقباللىق ئارتىس ئىدى. ئۇ ساز چالالايتتى، ناخشا ئېيتالايتتى. ئەگەر ئۇ خېروئىنغا باغلىنىپ قالمىغان بولسا، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشىدا، كەسىپتە نەتىجە يارىتىپ تېخىمۇ زور شۆھرەت قازىنىشىدا گەپ يوق ئىدى. ئەمما ئۇ خېروئىن بىلەن ئىستىقبالىنى يوقاتتى، ھەممىنى نابۇت قىلدى، ھەتتا ئۆزىمۇ بۇ دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز ۋىدالاشتى.

دولقۇن ×× خېلىلا باي تىجارەتچى ئىدى، بەختلىك ئائىلىسى بار ئىدى. ئۇمۇ ئەشەددىي «يالماۋۇز — ئاق تاماكا» نىڭ ئىچىگە باشچىلاپ كىرىپ كېتىپ، ئاخىرى خۇمارى بېسىلماس دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. ئايالى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى خېروئىندىن توسىيالمىغان. خېروئىندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلار ساياھەتكە چىققان. ئىككى ئايدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇ يەنىلا «يالماۋۇز» نىڭ چاڭگىلىغا كىرىپ قالغان. ئۇ خېروئىنغا ئېرىشىش ئۈچۈن خوتۇنىنىڭ زىبۇ - زىننەت، كىيىم - كېچەكلىرىنى ساتقان. قىسقىغىنە ئالتە ئاي ئىچىدە ئۇ ئاخىرى پۈتۈن بىساتىدىن، ھەشەمەتلىك پىكابىدىن، نەچچە ئون تۈمەن پۇلىدىن ئايرىلغان. دۇكانلىرىمۇ قولىدىن كەتكەن. ئايالى ئاخىر تاقەت قىلالماي نىكاھدىن ئاجراشماقچى بولغان، خوتۇنىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان دولقۇن ×× قەتئىي نىيەتكە كەلگەن. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى تۆمۈردىن ئورناتقۇزۇپ ئۆزىنى ئۆي ئىچىگە سولاتقان. ئەمما 15 كۈندىن كېيىن ئۇ تالاغا چىقىپلا يەنە ھېچنەرسىگە قارىماي، ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە خېروئىن ئەكىلىشكە چاپقان. ئۇ ئاخىرى ج خ تارماقلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا ئەۋەتىلدى. خوتۇنى نىكاھدىن ئاجراشتى، شۇنداق بەختلىك باياشات بىر ئائىلە ئاخىرى ئەشەددىي «ئاق تاماكا» تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى.

جەمئىيەتتە خېروئىن تەرىپىدىن ئۆز كەسپىدىن، پارلاق ئىستىقبالىدىن، ئىللىق ئائىلىسىدىن، روناق تېپىۋاتقان سودا - تىجارىتىدىن ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغانلار ۋە ئاتا - ئانا، بالا - چاقىسىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلەر ئاز ئەمەس. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، «يالماۋۇز» تەرىپىدىن سېھىرلەنگەن قىز - چوكانلار بىر چېكىم خېروئىن ئۈچۈن تېنىنى ساتقان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مەيدان، سورۇن تاللىمايدىغان ئادىمىي ھاي-

ۋانغا ئايلانغان ... ...

خېروئىن چېكىش كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ئىنتايىن چوڭ زىيان سالىدۇ. خېروئىننىڭ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئەسلى جايىدىكى باھاسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، دۆلىتىمىز تەۋەسىگە ئوغرىلىقچە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ باھاسى يەنە بىر - ئىككى ھەسسە ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇ يەرلەردىن شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن باھاسى يەنە بىر- ئىككى ھەسسە ئۆستۈرۈلىدۇ. نۆۋەتتە ھەر يىلى خېروئىن چېكىشكە سەرپ بولىۋاتقان پۇل دۇنيا بويىچە 300 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدىكەن. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خېروئىن چېكىدىغانلارنىڭ ياش قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئالغاندا 36 ياشتىن تۆۋەن 14 ياشتىن يۇقىرى كىشىلەر كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. كەسىپ قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئالغاندا، يەككە تىجارەتچىلەر، كەسپى يوق كىشىلەر كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى، دۆلەت، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت - كانلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگەللەيدۇ. خېروئىن چەككۈچىلەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسىدىن ئالغاندا، چوڭ ۋە ئوتتۇرا شەھەرلەردە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر كۆپ نىسبەتنى ئىگەلەيدۇ.

## 3. زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش كۈرىشىدە تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىكى خىرمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ:

(1) زەھەرلىك چېكىملىكلەر ۋە زەھەرلىك بويۇملارنى مەنئى قىلىش تەشۋىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى جايلار ھەر يىلى بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان «26 - ئىيۇن خەلقئارا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش كۈنى» تەشۋىقات پائالىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، قىسمەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. تەربىيە ئالغانلار يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. لېكىن ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، كۆپ قىسىم جايلارنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى ئادەتتىكى چاقىرىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان، داغدۇغىسى چوڭ بولمىغان، ئۇسۇل - چارىلىرى كۆپ خىل بولمىغان. يەنە كۆپلىگەن تەشۋىقاتتا «ئالا قالغان ئورۇن» لارمۇ مەۋجۇت، بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش بويىچە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىشتا، يالغۇز ئاخبارات ئورۇنلىرىغا ياكى بەزى تارماقلارغا تايىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، پۈتۈن جەمئىيەتنى سەپەرۋەر قىلىش، ھەر مىللەت ئاممىسىنى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بارىدىغان قوشۇنغا ئايلاندۇرۇپ، كۈچلۈك جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى داغدۇغىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

(2) زەھەرلىك چېكىملىك جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش لازىم. جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى ۋە ئەدلىيە قاتارلىق قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش توغرىسىدىكى قارارى» نىڭ ۋە يېڭى «جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ زەھەرلىك چېكىملىك جىنايەتچىلىرىنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان جىنايەتچىلەرنىڭ قولىدىكى زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك.

(3) زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرگە داۋالاش ئۆتكۈلىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. زەھەرلىك چېكىشنى تاشلاتقۇزۇشتا ياخشى مۇھىت بەرپا قىلىپ، زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغانلارنى خۇماردىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى زەھەر-

لىك چېكىملىك بىلەن زەھەرلەنگەنلەرنى داۋالاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىشنى مەجبۇرىي تاشلاتقۇزۇش ئورنى قۇرۇشقا مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەھىيە تارماقلىرىمۇ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى تاشلاتقۇزۇش كېسەلخانىسى، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىدىن توققۇزنى كېڭەيتىپ قۇردى ۋە قۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇپ، تەن ساغلاملىقى ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە، داۋالىنىش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىراجىتىنى تۆلەشكە قۇربى يەتمەيۋاتىدۇ ياكى سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئىشەنچ قىلالمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى تاشلاتقۇزۇشتا «زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلاتقۇزۇشقا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ ئۈنۈمى يوق» دەيدىغان خاتا تونۇشنى ئۆزگەرتىش كېرەك. زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنى داۋالاپ، چېكىشنى تاشلاتقۇزغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ قايتا چېكىش نىسبىتىنىڭ يەنىلا يۇقىرى بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن، ئۇلار روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىگە بارمىغان ياكى ئۇ يەردە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق داۋالانمىغان. داۋالاش ئورنىدا ئون نەچچە كۈن داۋالىنىپ چىققاندىن كېيىن، يەنە زەھەرلىك چېكىملىك ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلار بىلەن ئۇچراشقان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش خۇمارى قايتا قوزغالغان. زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى مەجبۇرىي تاشلاتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلارنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشمىگەن. ئىككىنچىدىن، كۆپ ساندىكى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر كەمسىتىشكە ئۇچرىغان. زەھەرلىك چېكىملىككە ئادەتلىنىپ قالغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قوغلىنىپ، ئۇلارغا چىقىش يولى بېرىلمىگەن.

قىسقىسى، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش خىزمىتى ئۇزۇن مۇددەتلىك، جاپا-مۇشەققەتلىك خىزمەت، ئۇ خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىك فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، داۋاملىق تىرىشىپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى «خەلق ئۇرۇشى»نى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا قانۇن بويىچە قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئازغان ئاممىنى زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى يەنىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشىمىز كېرەك.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 - يىللىق 4 - سان.
2. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ (ئۇيغۇرچە) 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈندىكى سانى.
3. ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى جياڭ ياگەننىڭ 1994 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈندىكى «ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش» توغرىسىدىكى دوكلاتى (خەنزۇچە، ئىچكى ماتېرىيال).
4. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1995 - يىل 23 - نويابىر سانى.
5. «ئاسىياكىندىكى» گېزىتى 1995 - يىل 23 - نويابىر سانى.
6. «سىياسىي قانۇن تەتقىقاتى ژۇرنىلى» (خەنزۇچە) 1996 - يىللىق 2 - سانى.
7. «زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى» (ئۇيغۇرچە).
8. «يېرىم ئايلىق سۆھبەت ژۇرنىلى»نىڭ 1997 - يىللىق 9 - سانى.


(پوچتا نومۇرى: 830046)

**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاي　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　19ـ يىللىق 1ـ سان
1998 年 3 月　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　第 19 卷第--期

# ئالىي مەكتەپلەردىكى كىتاب ـ ماتېرىيال خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ماتېرىيال بۆلۈملىرىنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدا

ئادالەت نۇرىيوپ*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئالىي مەكتەپلەر ماتېرىيال
بۆلۈم خادىملىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى، ماتېرىيال بۆلۈملىرىنىڭ ئالا-
ھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقاتنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتىكى مۇھىم رولى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要：**本文论述高等学校资料室人员的业务水平资料室的特点、资料室在高等学校教学科研工作中的重要作用。

**Abstract:** This article is about the books and reference materials in libaries at universities. It expounds their function. the professional qualification of the library staffs and their importance in expanding teaching and scientific research deeply.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مەسئۇلى-
يىتى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ
ئاساسىي ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئىجاد-
چانلىق روھىغا ئىگە ئىختىساسلىق خادىملارنى يې-
تىشتۈرۈش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز
بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، يېڭى پەنلەرنى ئې-
چىش ۋە يېڭى ساھەلەرنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبا-
رەت. بۇ خىل ئىلمىي تەتقىقات كىتاب ـ ماتېرىيال
ۋە تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش خىزمى-
تىدىن ئايرىلالمايدۇ، شۇڭا مەكتەپلەردىكى كىتاب
ـ ماتېرىيال بۆلۈملىرى ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقى-
قات خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئارقا تىرىكى ھېسابلىنى-
دۇ.

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ۋە
ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى،
ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى ۋە تەتقىقات ئۇچۇر ئاخبا-
راتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى ئالىي
مەكتەپ ماتېرىيال ـ ئاخبارات خىزمىتىگە يېڭى
تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، كىتاب ـ ماتېرىيال بۆ-
لۈملىرى بۇ تەلەپكە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئالدى
بىلەن ئۆز خىزمىتىنى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات خىز-
مىتىگە زىچ ماسلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز
خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولىنى چوڭقۇر تو-
نۇپ، مۇلازىمەت ئېڭىنى تىكلەپ، ماتېرىيال ـ
ئاخبارات خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە نىشانىنى ئې-
نىق بېكىتىپ، ماتېرىيال بۆلۈم قۇرۇلۇشى ۋە
ئۇنىڭ مۇلازىمەت مېخانىزمىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت
بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات
خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىتابخانىلارنىڭ
ئېھتىياجى ۋە تەلىپىنى چۈشىنىش،ھەم ئۇلارنىڭ
ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش خېلى جاپالىق ۋە
مۇرەككەپ جەريان. چۈنكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇت-
قۇچىلار قوشۇنى كۆلىمى زور، تەتقىقات دائىرىسى
كەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىزىقىشى، ئارزۇ تەلەپلى-
رى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، تەتقىقات قاتلىمى،
سەۋىيىسى، قابىلىيىتى، خاراكتېرى، مىللىتى ۋە
كەسپى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشى-
مايدىغان دىنامىكىلىق ھالەتتىكى كوللېكتىپتۇر،
لېكىن يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئالىي مەكتەپ
ئوقۇتقۇچىلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتنىڭ خا-
راكتېرى، تۇرۇۋاتقان ئورنىنىڭ مۇھىتى، ئىجتى-
مائىي ئورنى ۋە ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى ئاسا-
سەن ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ھالدا
ئىلمىيلىكى يۇقىرى، كەسپچانلىقى كۈچلۈك،
مەزمۇنى ئىخچام، نۇقتىئىنەزەرى ئېنىق، مەزمۇ-
نى مول ئۇچۇر ئاخباراتلارغا ئېرىشىشكە ئىنتىلى-
دۇ، بۇ ماتېرىيال ـ ئۇچۇرلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ

* ئادالەت نۇرىيوپ : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ
خادىمى.

دەرس مەزمۇننى تېخىمۇ بېيىتالايدۇ ياكى ئۆز
تەتقىقاتىدا ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنالايدۇ، ھەر
خىل گېزىت - ژۇرناللارنىڭ خاراكتېرى، سەھى-
پىلىرى، نەشىردىن چىقىش ۋاقتى قاتارلىقلارنى
ئېسىدە ناھايىتى ئوبدان ساقلاپ، ئۆز تەتقىقاتىغا
مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇچۇر - ئاخباراتلاردىن تېز
خەۋەردار بولۇشقا تىرىشىدۇ.
ئالىي مەكتەپ كىتاب - ماتېرىيال خىزمىتى-
نىڭ خاراكتېرى ۋە كۆپ يىللىق خىزمەت ئەمەلى-
يىتىمگە قارىغاندا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى-
نىڭ كىتاب - ماتېرىيال خىزمىتىدە تۆۋەندىكى بىر
نەچچە ئالاھىدىلىكلەرنى ئوبدان چۈشىنىشكە توغرا
كېلىدۇ.

## 1. ماتېرىيال قىممىتىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش

ئالىي مەكتەپ زىيالىيلار توپلاشقان جاي، ئۇ-
لار روھىي جەھەتتىكى قانائەتلىنىشنى ئەۋزەل كۆ-
رىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ ھەم باشقى-
لارنىڭ ئوقۇتۇش جەھەتتىكى ۋە پەن - تەتقىقات
جەھەتتىكى يېڭى ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولى-
مۇ قەدىرلەيدۇ. ئۇلار ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلىپ بې-
رىشتا مانا مۇشۇ ھۆججەت، ئاخباراتلاردىن ئايرىل-
سا، ئوقۇتۇش، تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق
ئېلىپ بېرىشىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئالىي مەك-
تەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات جەھەتتە
پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان يۇقىرى قاتلام-
لىق، يۇقىرى سۈپەتلىك ماتېرىيال، ئاخبارات -
ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم
بېرىش ئوبيېكتى — بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرىراق
بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئاسپىرانت-
لار ۋە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار. ئۇلار ئۆز ئۈس-
تىگە ئالغان پەن - تەتقىقات تۈرلىرى بولسا، ئۆل-
كە، مىنىستىر ۋە دۆلەت دەرىجىلىك زور تەتقىقات
تۈرلىرى، بۇ خىل تەتقىقات تۈرلىرىنى ۋە ئوقۇ-
تۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتا، روشەنكى، بىرقانچە
پارچە دەرسلىك كىتاب ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى،
كارتوچكىلارغا تايىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى
يىغىپ رەتلەنگەن بىر يۈرۈش كىتابلار، ئاخبارات
- ماتېرىياللار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭ
بىلىم جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكىگە كاپا-
لەتلىك قىلىپلا قالماستىن، يەنە مىقدارىنىمۇ تو-
لۇق كاپالەتلىك قىلىش، ئىمكانقەدەر مۇكەممەل،
سىستېمىلىق بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ.

## 2. تەھلىل - تەتقىقات ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش

ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كىتاب، ما-
تېرىيال، ئاخباراتقا، بولۇپمۇ ئۆز كەسپىگە دائىر
ھۆججەت - ماتېرىياللارغا بولغان تەلىپى ئىنتايىن
يۇقىرى بولىدۇ. تەتقىقاتتا ماتېرىياللارغا تولۇق
ئىگە بولغاندىلا ئۆزىنىڭ ياخشى ۋە يېڭى كۆز قا-
راشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. دۇنيادا ھەر قان-
داق بىر پەندىكى كەشپىيات ۋە يېڭىلىق بۇرۇنقى-
لارنىڭ ۋە ھازىرقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئا-
ساسىدا قولغا كەلگەن، ئەمەلىيەتتە تەتقىقاتنىڭ
پۈتكۈل جەريانىدا، تەتقىقاتنى باشلاش، تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىش، لايىھە تۈزۈش، ئىلمىي ماقالە يې-
زىش، ئاخىرىدا نەتىجىنى باھالاپ بېكىتىشكىچە
بولغان ھەربىر باسقۇچتا نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار
ئارىسىدىن ئۆزىگە كېرەكلىكلىرىنى تاللىۋېلىپ،
ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش، پەن - تەتقىقات ئېھتىياجىغا
ئاساسەن قايسىنى ئىشلىتىش، قايسىنى چىقىرىۋې-
تىشنى بەلگىلەيدۇ. ئۇلار ماتېرىيال - ئاخباراتنىڭ
مول ئىشەنچلىك بولۇشىغا ئىنتايىن دىققەت قىلى-
دۇ.
ھۆججەت، ماتېرىيال خىزمىتىنى كۈچەي-
تىش، ماتېرىيال بۆلۈم خادىملىرىنىڭ بىلىم سە-
ۋىيىسى تەتقىقات ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدا-
رى قاتارلىق ھەر خىل ئامىللارغا بېرىپ تاقىلىدۇ.
شۇڭا ئوقۇتۇش ۋە پەن - تەتقىقاتنى تېخىمۇ يۇقىرى
سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھۆججەت ماتېرىيال خا-
دىملىرى ماتېرىيال ئاخباراتلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا
تەھلىل قىلىش ۋە رەتلەپ تۈرلەرگە ئايرىش ئىقتى-
دارىغا ئىگە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## 3. كەسپچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇش

ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ماتېرىيال
ئاخباراتىغا بولغان ئېھتىياجىدا روشەن كەسپچان-
لىق ئىپادىلىنىدۇ. پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈزلۈك-
سىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى پەنلەر
ئۈزلۈكسىز ئايرىلىپ چىقىۋاتىدۇ يۇكسەك دەرىجى-
دىكى كەسپلىشىش ئالىي مەكتەپ پەنلىرىنىڭ ئا-
لاھىدىلىكى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوخ-
شىمىغان كەسپ ۋە پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرىدا
ماتېرىيال ئاخباراتى، پەن - تەتقىقاتى تۈرلىرىگە
ئېھتىياجلىق، شۇڭا ئۇلارنىڭ قاراتمىلىقى ناھايى-
تى ئېنىق بولىدۇ. ھامان ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان
كەسپ دائىرىسى ئىچىدە ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە
تەتقىقات تېمىسى بويىچە، مۇناسىپ كەسپىي ماتې-
رىيال - ئاخباراتىنى تەكشۈرۈپ تېپىپ ۋە قوبۇل
قىلىپ ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى يېڭىلايدۇ، ئوقۇتۇش
مېتودىنى يېڭىلايدۇ، پەن - تەتقىقات بىلەن شۇغۇل-
لىنىدۇ.
شۇڭا ئۇلار كەسپىي خاراكتېرلىك كىتاب ما-
تېرىياللاردىن ئايرىلالمايدۇ. كەسپىي خاراكتېر-
لىك كىتاب - ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى يىغىنچاق،
سىستېمىلىق مۇكەممەل بولىدۇ. مەخسۇس ئەسەر-
لەر، كەسپچانلىقى ۋە نەزەرىيىۋىلىكى يۇقىرى
بولغان كىتاب - ماتېرىياللار، كەسپىي دەرس ئو-
قۇتقۇچىلىرى ۋە پەن - تەتقىقات خادىملىرىنىڭ زۆ-
رۈر ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابلارنىڭ نە-
شىر قىلىنىش ۋاقتى ئۇزۇن، تىراژى چەكلىك
بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايدۇ.

شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى كەسپىي جەھەتتىكى ژۇرناللارنى ياخشى كۆرىدۇ. كەسپىي جەھەتتىكى ژۇرناللار — ئەڭ مۇھىم كىتاب - ماتېرىيال ئاخبارات مەنبەئى ھېسابلىنىدۇ. ژۇرناللارغا بېسىلغان ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر يېڭى بولۇپ، ئۇلاردا پەنلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە يېڭى پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇلار ئەڭ يېڭى ۋە بىر قەدەر تولۇق بولغان كەسپىي خاراكتېرلىك ئاخبارات ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇڭا كەسپىي ژۇرناللار ناھايىتى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

**4. ۋاقىت خاراكتېرىگە ئىگە بولۇش**

ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ماتېرىيال ئاخباراتلىرىنىڭ ۋاقىت خاراكتېرىگە بولغان ئېھتىياجى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. نۆۋەتتە دۇنيا يېڭى پەن - تېخنىكا ئۇچۇر خىزمىتى بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. پەن - تېخنىكا رىقابىتىدە كىم ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكا ئاخباراتىغا ئاۋۋال ئېرىشسە، شۇ تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى تولۇقلاش ۋە پەن - تەتقىقاتقا كىرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەگەر كىتاب - ماتېرىيال دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىلسە، قىممىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ، بۇ ئالاھىدىلىك ئالىي مەكتەپلەردە روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ئالىي مەكتەپلەردىكى ھەرقايسى فاكۇلتېت تەتقىقات ئورۇنلىرى، كافېدرالاردا ماتېرىيال بۆلۈملىرىنىڭ خىزمەت خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن، ماتېرىيال بۆلۈملىرى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە پەن - تەتقىقات ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىلمىي مۇلازىمەت ئورۇنلىرى ھېسابلىنىدۇ. كەسپچانلىق — ماتېرىيال بۆلۈملىرىنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى. ماتېرىيال بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىلارغا ۋە تەتقىقاتچىلارغا ھەر ۋاقىت ماتېرىيال كۆرۈش، توپلاش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىپ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بېرەلىشى كېرەك.

بۇنىڭ ئۈچۈن فاكۇلتېت ماتېرىيال بۆلۈملىرىنىڭ تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

1. كىتاب - ماتېرىيال ئاخباراتى خادىملىرى جەزمەن خېلى يۇقىرى بىلىم ۋە مول كەسپىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى كىتاب ماتېرىيال خىزمىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى ماتېرىيال خادىملىرىنىڭ كەسپىي ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كەسپىي بىلىم ئالىي مەكتەپلەردە لاياقەتلىك كىتاب ماتېرىيال باشقۇرۇش خادىملىرى بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۇلار كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولغاندىلا، ئوقۇتۇش ۋە پەن - تەتقىقات ئۈچۈن يۇقىرى قاتلاملىق، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە كىتاب - ماتېرىيال ئاخباراتلىرىنى توپلاپ بېرەلەيدۇ ۋە تەمىنلەپ بېرەلەيدۇ. ئۇلار پەقەت سىستېمىلىق كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلىگەندىلا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرالايدۇ. ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتى ئۈچۈن تېگىشلىك خىزمەت قىلالايدۇ، رول ئوينىيالايدۇ.

2. ماتېرىيال خادىملىرى كەسپىي ئاڭغا ئىگە بولۇشى كېرەك، بۇ، ماتېرىيال خادىملىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي ساپا، كەسپىي ئاڭغا ئىگە خادىملار نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار ئارىسىدىن كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ھەر ۋاقىت ھەر جايدا تاللاپ چىقالايدۇ.

3. ماتېرىيال خادىملىرى خىزمەتتە نۇقتا بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، فاكۇلتېتنىڭ ئومۇمىي پىلانى، تەتقىقات يۆنىلىشى ۋە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن كەسپىي جەھەتتىكى دەرسلەرنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك، شۇڭا كەسپىي دەرسلەر ماتېرىياللىرىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش زۆرۈر. بۇنداق بولغاندا، ئالىي مەكتەپلەر كىتاب - ئاخباراتىنىڭ قىممىتى ۋە كەسپچانلىق خۇسۇسىيىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

5. مەخسۇس تېمىلار بويىچە مۇلازىمەت قىلىش، ماتېرىيال خىزمىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى. مەخسۇس تېما مۇلازىمىتى - ماتېرىيال خىزمىتىنى ھاجەتمەنلەر ئۈچۈن كونكرېت، بىۋاستە مۇلازىمەت قىلدۇرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇ تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. مەخسۇس تېما مۇلازىمىتىدە ئاۋۋال مەخسۇس تېمىنى ئوبدان تاللاش كېرەك. شۇڭا ماتېرىيال خادىمى ئوقۇ - ئوقۇتۇش جەھەتتىكى تەتقىقات مۇھاكىمىسىگە ئوقۇ - ئوقۇتۇش پىلانى ۋە تەتقىقات تۈرلىرىنى بېكىتىش قاتارلىق يىغىنلارغا ئۆزى قاتنىشىشى، ئۇنىڭدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى كېرەك.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «كۇتۇپخانىشۇناسلىق، ئاخباراتشۇناسلىق خىزمىتى» ژۇرنىلى 1992 - يىللىق خەنزۇچە 7 - سان.
2. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاخباراتى» 1994 - يىللىق خەنزۇچە 3 - سان.



(پوچتا نومۇرى: 830046)


**تەھرىرى: تۇرسۇن ھۇشۇر ئىدىقۇتى**

# ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى

△ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات كەسپى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئۈچ ئورگاننىڭ ساھىپخانلىقىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان «فولكلور مەدەنىيىتى ۋە بۈگۈنكى زامان جەمئىيىتى» تېمىسىدىكى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1997 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي رايون (غەربىي دىيار) مېھمانخانىسىدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى.

فولكلور مەدەنىيىتى بويىچە ئىلىمىزدە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان بۇ خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا گېرمانىيە، ياپونىيە، تۈركىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئەللەردىن 16 نەپەر، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكە ۋە شەھەرلەردىن 42 نەپەر، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 48 نەپەر، جەمئىي 106 نەپەر ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى. مەكتىپىمىزدىن رەسمىي ۋەكىل سۈپىتىدە قاتناشقانلار 18 نەپەر بولۇپ، يىغىننىڭ ئېچىلىش ۋە يېپىلىش مۇراسىمىدا پروفېسسور ئابدۇكېرىم رەھمان ۋە ئازاد سۇلتانلار نۇتۇقلۇق سۆز قىلدى.

بۇ قېتىمقى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋە ئۇيۇشتۇرغۇچى ئۈچ ئورۇننىڭ رەھبەرلىرى باشتىن ئاخىر ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە ماددىي، مەنىۋى جەھەتلەردىن قىزغىن قوللىدى. يىغىن جەريانىدا چەت ئەللەر ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكە - شەھەرلەردىن كەلگەن ئالىملار تۇرپان ۋىلايىتى ۋە بۇغدا كۆلى ئەتراپىدىكى رايونلاردا مىللىي فولكلور بويىچە ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئېكسكۇرسىيە ئېلىپ باردى.

△ تۈركىيە فولكلور تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى راھىلە داۋۇت (ھازىر بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا فولكلور كەسپى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتىدۇ، بۇ يىل 7 - ئايدا پۈتتۈرىدۇ) بىلەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى تەتقىقاتچى لاڭ يىڭ خانىم 1997 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئەنقەرەدە ئېچىلغان «تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ ئېپوسلىرىنى توپلاش، نەشر قىلىشنىڭ مېتودولوگىيىلىك پرىنسىپلىرى» ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ ئېپوسلىرىنى رەتلەپ ئانتولوگىيە ئىشلەش تۈركىيىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات پىلانى بولۇپ، جۇڭگودىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلارنىڭ ئېپوسلىرىنى تەييارلاشقا دۆلىتىمىزنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى كەسپىي خادىملىرى مەسئۇل بولدى.

△ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى نەتىجىلىك ئاخىرلاشتى. 4 يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ پائالىيەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۆتكەن يىلى 5 - ئايدا باشلانغان بولۇپ، 3 باسقۇچلۇق باھالاش ۋە قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 239 مۇنەۋۋەر نەتىجە 5 دەرىجىگە ئايرىپ باھالاپ بېكىتىلدى. بۇ قېتىمقى باھالاشتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر نەتىجە 34 تۈر بولۇپ، %14.23 نى ئىگىلەيدۇ.

ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

جوجۇن، ياڭ جىڭ (كوللېكتىپ)، رازراق مەتنىياز (كوللېكتىپ)، ئابدۇكېرىم رەھمان، فەن لوگرو (كوللېكتىپ)، خەن چاڭ، ياڭ ۋېي، گاڭ جىگۈن، مۇھەببەت قاسىم، خالىق نىياز قاتارلىقلار ئىشلىگەن 9 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا. ۋۇفوخۇن، گۇەن جىچىڭ، فىڭ شىشى، ئابدۇكېرىم رەھمان (كوللېكتىپ)، شېرىن قۇربان، ئارسلان ئابدۇللا، ليۇ جىيو، ۋۇيىدىڭ، ليۇ داۋبى، گاۋلىچىڭ، دې چۇنىڭ، جاڭ يەن، چىڭ جيەنفىڭ، داڭ يارۇ قاتارلىقلار ئىشلىگەن 14 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئوسمان ئىسمائىل، ليۇشىتاۋ، ئەسئەت سۇلايمان، جاۋجۇن، يۈفى قاتارلىقلار ئىشلىگەن 5 تۈر ياشلار مۇكاپاتىغا، چىڭ شىمىڭ، رازاق مەتنىياز (كوللېكتىپ)، خې لوگجى، مەۋلۇتبېك، شۇي شيا، بۇھەيرە ئابلەت قاتارلىقلار ئىشلىگەن 6 تۈر مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

# Journal of Xinjiang University

**(Philosophy and Soial Sciences, Uyghur edition)**

**№. 1. 1998 (Total: 73)**


# Contents


The Leadership of Chinese Communist Party and Socialist Democracy ········ *Mamat Tohti*

On Enhancing Party's Working Style ··················································· *Jamal Rozi*

Prose by Tiyipjan Eliyov and Its Characteristics ······················ *Khavsilkhan KhamiJan*

On the Cognition of Dolan and Qomul Mukham ················· *Abduxukur Mohammedimin*

The Precious Land — Xinjian (5. Kuitun <Kharasu> City) ··········· *Mohammad Osman*

Yosuf Has Hajip and Balasaghun ················································ *Khasim Arshi*

Nan (bread) and Tajik Culture ················································ *Shirin Khurban*

The Study of Part24, Volume 9 of "Altun Yarukh" in Old Uighur ··········· *Tursun Ayup*

On Morphemes in Modern Uighur Language ······································ *Tash Rahman*

Profound Report and Changes in Reporters' Thinking ························ *Muhtar Mahsut*

The Differences Between Thesis Writing and Literature Creation ········ Abdusalam Abliz

On New and Old Chameleon ················································ *Abdulla Matkhurban*

"May 4" Movement and Women's Liberation ····························· *Abduxukur Mollak*

On the Unity Relationship of the Economic Benefit and Social Benefit of the Periodical ···································································· *Umer Nyaz*

The Development of County Enterprise during the New—Five—Year Plan and Measures to Protect Environment ·········································· *Khaharjan Ibrahim*

On the Object of Adjustment in the Law of Economy ··························· *Rishat Mumin*

About Drug Crimes in Xinjiang, Its Cause and Preventative Measures ········ *Alim Khadir*

The Characteristics of the Management of Books and Reference Materials at Universities ························································· *Adalet Nuryov*


**(Translated by Amangul Mohammed. Abdirxit Khadir)**

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯ НСКОГО У НИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философии-общественной науки на уйгурском языке)

№. 1. 1998 г. (обший №73)


## Содержание


Руководство КПКа и социалистическая демократия ·················· Мухамет Таохуди

Об усилении строительства стили в партийной работе ················ Диамаль Розы

Об особенностях в прозах Тиипджана ···························· Кауслхан камиджан

Исследование над отношениями между Даоланскими и Кумулскими мукамами ······
························································· Абдущукур Мухаметимин

Красивая родина-СУАР (5. Куйтунь) ······························· Мухамет Осман

Июсуп хас хадип и Баласаун ··········································· Касым Арщ

Нан и Таджикская культура ············································ Щэрын Курбан

Изучение над 24 параграфом 9-ого Тома《Алтун Ярук》на древном уйгурском языке
······························································ Турсун Аюп

О морфемах в современном уйгурском языке ························· Тащ Рахман

Глубокое информирование и изменения мысли журналистов ········ Мухтар Мэхсут

О различии между писанием Диссертации и творчеством литературы ················
······························································ Абдусалам Аблиз

Д вижение《4 мая》и освобождение женщин ···················· Абдущукур Маолэк

Отношение между общественными и экономическими эффективностями издании ···
······························································ Умэр Нияз

О развитии предприятии в волостях и посёлках и меры охраны окружающей среды в течение девятого пятилетного плана ····························· Кахарджан Ибраим

О предметах упорядочении экономического закона ···················· Рщат Муэмым

О настоящих положениях. причинах и мерах предосторожности преступлении наркотика в нашем районе ············································ Алым Кадр

Об особенностях работы материалов и пособии строительствах методического кабинета Вуза ·························································· Адалэт Нурев


(Перевод: Гаоягули Кадр)

# پروفېسسور تۇردى ئەھمەت

# 图尔迪. 艾合买提教授



تۇردى ئەھمەت، ئەر، ئۇيغۇر، 1928 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ قاراشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىنىڭ تىل - ئەدەبىيات بۆلۈمىدە ئوقۇپ 1952 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. 1957 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈركىي تىللار ئاسپىرانتلىق سىنىپىدا ئوقۇغان. 1959 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ تىل ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇش ھەم تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى تۈركىي تىللار تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1981 - يىلى دوتسېنت، 1988 - يىلى پروفېسسور بولغان، 1990 - يىلى پېنسىيىگە چىققان.

ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئالىي مەكتەپ ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى ساھەسىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇ ھارماس - تالماس بىر تۆھپىكار باغۋەن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالىي مائارىپ سېپىدە 40 يىلدىن كۆپرەك جاپالىق ئىشلەپ، ئىلىم قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە زور تۆھپە قوشتى. جۈملىدىن تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ۋە ماگىستىر ئاسپىرانتلارغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «چاغاتاي تىلى»، «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «ئېلىمىزدىكى تۈركىي تىللارنىڭ سېلىشتۇرما گرامماتىكىسى» قاتارلىق ئون نەچچە خىل دەرس ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ دەرسلىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاساسەن ئۆزى تۈزۈپ چىقتى. 1980 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە تۈركىي تىل- ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي تىلى، تۈركىي تىللار سېلىشتۇرما تەتقىقاتى قاتارلىق يۆنىلىش بىلەن بەش قارار ئاسپىرانت قوبۇل قىلىپ، 30 نەپەرگە يېقىن ماگىستىر ئاسپىرانت تەربىيىلەپ چىقتى. ئۇ ئالىي مائارىپ سېپىدە تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن 1992 - يىلى 10 - ئايدىن تارتىپ گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغۇچى بولۇپ باھالاندى. ئۇ كۆپ قېتىم تىل تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ۋە كۆپلىگەن ئاسپىرانتلارنى يېتەكلەپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت رايونلىرىدا ھەم يۇغۇر، تۇۋا، سالار قاتارلىق ئېلىمىزدىكى تۈركىي تىللار جايلاشقان رايونلاردا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە بۇ ساھەدە نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ مۇھىم تۆھپە قوشقان.

تۇردى ئەھمەت 40 - يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكولوگىيىسى، مورفولوگىيىسى ۋە سىنتاكسىس قىسمىدا ئىزچىل ئىلمىي ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەمدە ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسى ۋە سېمانتىكىسىغا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. بۇ نەتىجىلەر ئۇنىڭ «ئۇيغۇر تىلى» (ئىككى قىسىم) دېگەن ئەسىرى ۋە «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى ھەققىدە» قاتارلىق بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى» (1957 - يىل، ئىككى قىسىم)، «ئۇيغۇر تىلى» (ئىككى قىسىم، 1981 - يىل)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن، 1984 - يىل) دېگەن ئۈچ پارچە ئەسىرى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇلار ئىچىدە «ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئەسىرى دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسىپداشلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ھەمدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلىدا مەخسۇس سەرلەۋھىلىك ماقالە بىلەن تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى. بۇلار ئىچىدىكى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر تۇتاش دەرسلىكى سۈپىتىدە قايتا - قايتا نەشر قىلىندى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1992 - يىلى مۇنەۋۋەر دەرسلىكلەرنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ 1989 - يىلى جۇڭخۇا-خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «بۈگۈنكى دەۋر جۇڭگودىكى مىللىي تىلشۇناسلار» دېگەن كىتابتا ئۇيغۇرلاردىن چىققان داڭلىق تىلشۇناسلار قاتارىدا تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ يەنە جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 6 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

主　编:库热西·买合木提江
本期责任编辑:康拜尔尼沙

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر پەيزۇللا

# 新疆大学学报

（哲学社会科学维吾尔文版）
（季　刊）
（1980 年创刊）
第 19 卷第 1 期 1998 年 3 月

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى
(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
(پەسىللىك ژۇرنال)
نەشر قىلىنغان يىلى: 1980 - يىلى
1998 - يىللىق 1 - سان (19- يىلى نەشرى)

---

主办单位:新疆大学乌鲁木齐胜利路 14 号
编辑出版:新疆大学学报编辑部
印刷:新疆大学印刷厂
国内发行:乌鲁木齐邮政局
国际标准刊号:ISSN 1005—5878
国内统一刊号:CN65—1035/C
邮政编码:830046

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - نومۇر)
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1005—5878
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65—1035/C
پوچتا نومۇرى: 830046

---

定价:3.00 元　　باھاسى 3.00 يۈەن　　国内代号:58—13 ۋاكالەت نومۇرى: